

# بالىلارنى ئورتاق تەربىيەلەيلى

## — ئاتا - ئانىلار مەكتىپى ئوقۇشلۇقى



شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

بالىلارنى ئورتاق تەربىيەلەيلى

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى



ISBN 7-80693-497-9
（民文） 定价：12.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالىلارنى ئورتاق تەربىيىلەيلى

—— ئاتا - ئانىلار مەكتىپى ئوقۇشلۇقى

ئاتا - ئانىلار مەكتىپى ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزدى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختار مەخسۇت

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

共托金朝阳/家长学校系列教材编委会编;穆合塔尔·马合苏提译.
—乌鲁木齐:新疆科学技术出版社, 2004.2
ISBN 7—80693—497—9

Ⅰ.共… Ⅱ.①家…②木… Ⅲ.家庭教育—维吾尔语
(中国少数民族语言) Ⅳ.G78

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 008560 号

مەسئۇل مۇھەررىرى : رىزۋانگۇل قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى : ئايىمنىسا يۇسۇپ
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئوبۇلقاسىم ئەمەت

بالىلارنى ئورتاق تەربىيىلەيلى
— ئاتا ـ ئانىلار مەكتىپى ئوقۇشلۇقى

* * *

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №21 پوچتا نومۇرى : 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850mm×1168mm ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى :11.375
2004 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2004 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 ~ 3000
ISBN 7 — 80693 — 497 — 9
باھاسى : 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

باش شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ يېقىندا مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى ھەمدە ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ياخشىلاش ۋە ئاتا - ئانىلار مەكتىپىنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى «مائارىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتى» دە ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زىيادە ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، ئائىلە تەربىيىسىگە ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەر بايان قىلىندى. شۇڭا، ئائىلە تەربىيىسىدە ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتى كېچىكىپ باشلانغان بولسىمۇ، تەرەققىياتى تېز بولدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھەرقايسى جايلار ئارقا - ئارقىدىن ئاتا - ئانىلار مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بەلگىلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاتا - ئانىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى جەھەتلىرىدە بەزى مەسىلىلەر

ساقلانماقتا . بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغىنى ، ئۆز رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئاتا - ئانىلار مەكتىپى ئوقۇشلۇقىنىڭ بولماسلىقىدۇر .

ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1995 - يىلى ئېلان قىلغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىلىرى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يېتەكلەش پروگراممىسى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ، بىز 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتا - ئانىلار مەكتەپلىرىنىڭ يۈرۈشلەشكەن دەرسلىكى ‹بالىلارنى ئورتاق تەربىيىلەيلى› (باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن) نى تۈزۈش كومىتېتى» قۇرۇپ چىقتۇق ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ، پروفېسسور جى شېنيىڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ، ئائىلە تەربىيىسى نەزەرىيىسى جەھەتتە ئەتراپلىق بىلىمگە ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە مۇتەخەسسىس ، ئالىملار ۋە مائارىپ ساھەسىدە ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنى تەكلىپ قىلىپ ، ئاتا - ئانىلار مەكتىپىنىڭ بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقتۇق .

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىككە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئائىلە تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ قان - تەرى سىڭدى . مېنىڭچە ، بۇ دەرسلىكلەر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە :

— يېتەكچى ئىدىيىسى روشەن . بۇ دەرسلىكلەردە ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنى ئۆزگەرتىش ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، ئائىلىلەردە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت توپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەقسەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

— مەزمۇنى بىر قەدەر مول . بۇ دەرسلىكلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا مەكتەپ ، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىلىرىدىكى ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ئۈچ قىسىم قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت ، يەنە ئۇنىڭغا قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى .

— دادىل يېڭىلىق يارىتىلدى . بۇ دەرسلىكلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى كىرگۈزۈلگەن ، ئۆزىگە خاس يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، بولۇپمۇ كىتابلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە بولۇپ ، كىتابتا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ، ئاتا - ئانىلار ۋە پەرزەنتلەرنىڭ پائالىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

— نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلدى . بۇ دەرسلىكلەردە ئىلگىرىكى نوقۇل نەزەرىيىۋى پەند - نەسىھەت سۆزلىنىدىغان خاھىشقا خاتىمە بېرىلىپ ، كۆپلىگەن تىپىك مىساللار تەھلىل قىلىندى ، ئائىلە تەربىيىسىدىكى تەجرىبىلەرگە ئائىت جانلىق ماتېرىياللار تونۇشتۇرۇلدى ، بولۇپمۇ ئەمەلىي قوللىنىلىشچانلىق جەھەتتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلدى .

— يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بېرىلدى . بۇ كىتابتا ئىمكانقەدەر رايونىمىزنىڭ ئۆزىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ۋە مىساللار كۆپرەك ئىشلىتىلىپ ، دەرسلىكنىڭ قاراتمىلىقى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى كۈچەيتىلدى . يىغىپ ئېيتقاندا ، بۇ ئىجادىيلىققا ئىگە ياخشى دەرسلىك .

ئائىلە تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن ، ياخشى دەرسلىك

تۈزۈپ چىقىشتىن باشقا، نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە يۈرۈشلەشكەن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئائىلە تەربىيىسىنى يېتەكلەش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە باش بولۇپ، ئائىلە تەربىيىسىنى خىزمەت پىلانى ۋە كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇنى تەشكىللەش مەسئۇلىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى ۋە ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات تەشكىلاتلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تىرىشىپ قوزغاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇنتىزىملىشىشى، تۈزۈملىشىشى ۋە ئىلمىيلىشىشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى

جاڭ گۈيتىڭ

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ئاتا ـ ئانىلار ساپاسى توغرىسىدا

**ئائىلە — ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسى** ...................... 2
1 . ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ...................................................... 3
2 . ساپا مائارىپى يالغۇز مەكتەپنىڭلا ئىشىمۇ ؟ ...... 8
3 . ئائىلىدىكى ساپا تەربىيىسى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى ...................................................... 12
**هازىرقى زاماندىكى ئاتا ـ ئانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئائىلە تەربىيىسى قارىشى** ............................. 21
1 . چوڭ مۇھىت ئاستىدىكى هازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسى ...................................................... 21
2 . ئومۇمىي مائارىپ ئېڭى ۋە هازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسى ...................................................... 32
3 . بالىلار هوقۇقى توغرىسىدىكى سادا ۋە هازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسى ........................................ 40
**هازىرقى زامان ئاتا ـ ئانىلىرى ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئائىلە تەربىيىسى پسىخىكىسى ۋە تەلىم ـ تەربىيىدىكى خاتا قاراشلار** ............................................ 45
1 . ئائىلە تەربىيىسىدىكى پسىخىكىلىق خاتا قاراش ... ...................................................... 45
2 . ئائىلە تەربىيىسى ۋەزىپىسىنىڭ نىشانى جەھەتتىكى خاتا

قاراش ........................................................ 59
3 . ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى جەھەتتىكى تۇيۇق يول ........................................................ 62
**ساپا مائارىپى ۋە ئائىلە مۇھىتىنى ياخشىلاش ...... 67**
1 . ئائىلىنىڭ ماددىي مۇھىتىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ ........................................................ 69
2 . ئىناق ئائىلە كەيپىياتى بەرپا قىلايلى .............. 71
3 . ساغلام ، مەدەنىي تۇرمۇش مۇھىتىنى بەرپا قىلايلى ........................................................ 78
**ئاتا ـ ئانىلار قانداق قىلغاندا مەكتەپلەر بىلەن ساپا مائارىپى جەھەتتە ئاكتىپ بىرلىشەلەيدۇ؟ .............. 84**
1 . ئائىلە بىلەن مەكتەپ ساپا مائارىپىدا بىردەكلىكنى ساقلىشى لازىم ........................................................ 84
2 . ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى جەھەتتىكى خىزمىتىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم .............. 87
3 . بالىلارنى ساپا تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك ...... 90
4 . ئاتا ـ ئانىلار قانداق قىلغاندا مەكتەپلەر بىلەن بىرلىكتە ساپا مائارىپىنى ياخشى يولغا قويالايدۇ؟ .................. 92

## بالىلارنى يېتەكلەش توغرىسىدا

**بالىلارنى ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيلى (1) ........................................................ 100**
1 . ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىش بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ قايسىسى مۇھىم؟ ........................................................ 100

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2 . بالىلارنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيلى ........................................ 106
3 . بالىلارنى چوڭلارغا ۋاپادار بولۇشقا يېتەكلەيلى ... ........................................................ 114
**بالىلارنى ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيلى (2 )** ........................................................ 125
1 . بالىلارنى تىرىشچان ـ ئىقتىسادچىل بولۇشقا يېتەكلەيلى ........................................................ 125
2 . بالىلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيلى ........................................................ 135
3 . بالىلارنى ئىنتىزامغا ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيلى ........................................ 143
**بالىلارنى بىلىم ئېلىشقا يېتەكلەيلى** .................. 153
1 .ئىلىم ئۆگىنىش نومۇر قوغلىششتىن مۇھىم ...... ........................................................ 154
2 . بالىلارنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشىغا تېزرەك ماسلىششىغا ياردەملىشەيلى ........................................ 158
3 . ئۇمىدۋارلىقنىڭ رولىنى توغرا جارى قىلدۇرايلى ........................................................ 161
4 . بالىلار ئۆگىنىشنىڭ خوجايىنلىرى بولسۇن ......... ........................................................ 162
5 . غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنى يېتىلدۈرۈشنى كۈچەيتەيلى ........................................................ 167
6 . بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرەيلى ........................................................ 174
**بالىلارنى ئەمگەكچان بولۇشقا يېتەكلەيلى** ......... 180

1 . ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ رولى ...... 182

2 . ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى.................................................... 187

3 . ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ........................................ 190

4 . ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ ئۇسۇلى ... 194

**بالىلارنى ئەقلىي ساپاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيلى........................ 201**

1 . ئەقىللىق بولۇشقا قارىتا توغرا قاراش تىكلەش كېرەك ......................................... 201

2 . قانداق قىلغاندا بالىڭىز تېخىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ؟ ........................................... 207

3 . بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەشىق ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالايلى ...................... 216

**بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلايلى ..................... 223**

1 . هازىرقى جەمئىيەت خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بار ئادەملەرگە موھتاج ................................ 223

2 . بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى .................................... 227

3 . بالىلارنىڭ هازىرقى زامانغا خاس خاراكتېرىنى مۇۋاپىق يېتىلدۇرەيلى ................................ 233

4 . بالىلارنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى قانداق يېتىلدۇرۇش كېرەك؟ ........................ 238

**بالىلارنىڭ تەن ساپاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلايلى ............................ 244**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1 . كۆزنى ياخشى ئاسراش كېرەك .................. 246
2 . بالىلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىشىغا ئەھمىيەت بېرەيلى ........................................ 251
**بالىلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى** ................................ 259
1 . پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى ................................ 259
2 . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى ........................................ 264
3 . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام بولمىغان پسىخىك ئىپادىسى ........................................ 267
4 . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا پسىخىك مەسىلە سادىر بولۇشىدىكى ئائىلىۋى سەۋەبلەر .................. 270
5 . ئائىلىلەردە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك ؟ .............................. 275
**بالىلارنى پەننى سۆيۈشكە ، ئىجاد قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا يېتەكلەيلى** ................................ 284
1 . بالىڭىزنى ئىلىم ـ پەنگە يېقىنلىشىشقا يېتەكلەڭ ............................................................ 284
2 . بالىلارنى ئىلمىي كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيلى ............................................................ 291
3 . بالىلارنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەيلى ...... ............................................................ 295
**بالىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلايلى** ................................................ 303
1 . دەرستىن سىرتقى ۋاقىتنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى

هېسابلاپ كۆرەيلى .................................. 303
2 . باللارنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ باقايلى............ 304
3 . باللارنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەشتە ئاساسىي كۈچنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتقا قارىتىش كېرەك ... 306
4 . باللارنىڭ ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرىگە ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلايلى.................................. 308
**باللارنىڭ ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلايلى** .................................. 318
1 . باللارنىڭ تاسادىپىي زەخىملىنىش ئەھۋالى ... 319
2 . باللارنىڭ تاسادىپىي زەخىملىنىشىنىڭ سەۋەبى ... 320 ............................................................
3 . باللارغا بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك ؟ .............................................. 326
4 . باللارغا ئۆزىنى قوغداشنىڭ بەزى كونكرېت ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش كېرەك ......................... 329
**باللارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلايلى**.................................. 334
1 . ئائىلىدىكى گۈزەللىك تەربىيىسى باللارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ...................... 335
2 . ئائىلىدىكى گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى...... 337 ............................................................
3 . ئائىلىدە باللارغا گۈزەللىك تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك ؟ .......................................... 343

www.uyghurkitap.com

# ئاتا ـ ئانىلار ساپاسى توغرىسىدا

يېڭى ئەسىردىكى رىقابەت ئالدىدا
— سىز ئاتا ـ ئانا بولۇش يول كىنىشكىسىنى قولىڭىزغا ئالالىدىڭىزمۇ ؟
— سىز 21 ـ ئەسىرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە تولۇق روھىي تەييارلىق كۆرەلىدىڭىزمۇ ؟

# ئائىلە — ساپا مائارىپنىڭ ئاساسى

«ئائىلە تەربىيىسى ، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى مائارىپنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ . »

ساپانىڭ ئۆزى ئۇل دېمەكتۇر ، ئۇ هازىرقىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن ، تېخىمۇ مۇھىمى كەلگۈسى تەرەققىياتقا ئاساس سالىدۇ .

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 320 مىليون ئاھالىنىڭ ھەممىسى ساپا مائارىپنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك .

«نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش . » — بۇ كىشىلەرنىڭ ئورتاق قارىشىغا ئايلاندى . 1999 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن «مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ساپا مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دەپ ئاتالدى ) نى ئوتتۇرىغا قويدى . مائارىپنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكىنىڭ بىرى بولغان ئائىلە تەربىيىسى ساپا مائارىپنىڭ ئاساسى بولۇپ ، بۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ، مۇساپىسى يىراق . ئاتا - ئانىلار يىراقنى كۆرۈشى ، پەرزەنتلەرگە ساپا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى ، جەمئىيەتنىڭ ئومىدىنى ئاقلاش بىلەن بىرگە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىي قىلىشى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىشى ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پەرزەنتلىرىنى ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلەپ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىنى ياخشى يېتىشتۈرۈشى لازىم.

## 1. ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ۋەزىيەتىنىڭ تەقەززاسى

### (1) ساپا دېگەن نىمە؟

ساپا — بالىلاردىكى تۇغما تالانتنى ئاساس قىلىپ، كېيىنكى مۇھىت تەربىيىسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن بولغان جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىمۇ، جەمئىيەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىيەت ۋە روھىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزلىشىش دەرىجىسىنىمۇ، ئۆسمۈرلەرنىڭ شەخسىي ساپاسىنىمۇ ھەم كوللېكتىپ ساپاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ساپا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسى.
2. پەن - مەدەنىيەت ساپاسى.
3. گۈزەللىك ساپاسى.
4. پسىخىك ساپاسى.
5. بەدەن ساپاسى.
6. ئەمگەك ساپاسى.

يۇقىرىدىكى ئامىللارنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق

بىرلىشىشى بىر ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي ئىدىيىۋى ئەخلاق جەھەتتىكى ساپا ئۇنىڭ جېنى بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى ھەر قايسى ساپالار ئىچىدە ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

## (2) ساپا مائارىپى دېگەن نېمە؟

«قارار» دا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى: «ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش دېگىنىمىز — پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تۈپ مەقسەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ھەم ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش دېمەكتۇر.» «قارار» دا ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى مۇنداق بېكىتىلدى: بىرىنچىدىن، ساپا مائارىپىنىڭ نىگىزىنى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىش؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرتەرەپلىمە يېتىلدۈرۈش؛ ئوقۇغۇچىلارنى جانلىق، تېتىك، ئاكتىپ ھەم تەشەببۇسكار بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش.

ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشتا «ئۆچكە يۈزلەندۈرۈش» ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىش بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشنى كۆچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆز قىممىتىنى ئىپادىلەش بىلەن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش بىلەن جاپاغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىداپ كۆرەش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم.

**(3) ساپا مائارىپى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ**

بۈگۈنكى دۇنيادا پەن ـ تېخنىكا كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلماقتا. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە. باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۈگۈنكى دۇنيادا دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتتى ئىقتىسادىي كۈچ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچى ۋە خەلقنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە. مەيلى قايسى جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچكە نىسبەتەن ئېيتايلى، ھەممىسىدەمائارىپ ئاساس ھېسابلىنىدۇ.» خەلقئارا رىم كۇلۇبىنىڭ رەئىسى دوكتور پېچېي «ئادەمنىڭ ساپاسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىر قىسىم مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ساپاسىغىلا ئەمەس، بەلكى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ساپاسىغا باغلىق. ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىمكانقەدەر ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئادەملەرنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.» دېمەك، كىمكى 21 ـ ئەسىردىكى مائارىپنى ياخشى باشقۇرالىسا، كىمكى خەلقنىڭ ساپاسىنى ۋە يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سانى ھەم سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنالىسا، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتتە غالىب ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ.

ئازادلىقتىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەتتىكى مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تارىخىي خاراكتېرلىك تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. لېكىن، مەملىكىتىمىز نوپۇسى

كۆپ دۆلەت ، خەلقىمىزنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا زور . شۇڭا ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى ۋە نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىلىق سۈپىتى يەنىلا تۆۋەن بولماقتا . مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر ئۇچۇر دەۋرىدىكى باشلامچى كەسىپلەرنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : «يەر شارىلىشىۋاتقان ئۇچۇر كەسپى ھالقىسى ئىچىدە ئېلىمىز نۆۋەتتە يەنىلا ‹يېمەك ـ ئىچمەك ھالقىسى› دىن ئىبارەت تۆۋەن باسقۇچتا تۇرماقتا .» گەرچە ، بىز ئىلغار كومپيۇتېرلارنى ئىشلىتىۋاتقان بولساقمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇھىم تېخنىكىلىرى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن . باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئەگەر مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايانماي ، ئۆز دۆلىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرمەي ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە بەك بېقىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچىگە ، تەبىئىي بايلىقىنى خورىتىشقا ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار مەھسۇلاتلىرىغىلا تايىنىپ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولسىدىكەن ، خەلقئارا رىقابەتتە پاسسىپ ھەم بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقى تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىدۇ .» خەلقئارا رىقابەتتىكى بۇنداق مەغلۇبىيەت مىللەتنى بالايىئاپەتكە ۋە خورلۇققا دۇچار قىلىدۇ . تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بەسلىشەلەيدىغان ھەم ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش نۆۋەتتىكى جىددىي بىر ۋەزىپە . ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈش دېگىنىمىز پەقەت گۈزەل ئارزۇدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ ، خالاس .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### (4) ساپا مائارىپى بالىلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆمۈرلۈك بەخت - سائادىتىنى مەقسەت قىلىدۇ

ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇنداق ئىككى مەقسەتنى كۆزدە تۇتىدۇ: بىرى، بالىلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. ئاتا - ئانىلار ئۆز بالىلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن، كەسكىن رىقابەتلىك جەمئىيەتتە ئۆلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھېچكىم ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىنى، ھاياتلىق يولىدا تېگىرقاپ يۈرۈشىنى خالىمايدۇ. يەنە بىرى، بالىلارنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، سىجىل تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يوشۇرۇن كۈچ ھازىرلاش. يەنى ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش؛ مۇرەككەپ، رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ياخشىلىقنى ياقلاپ، رەزىللىكلەرگە قارشى تۇرالايدىغان قىلىش؛ ساغلام بەدەن ۋە ياخشى پسىخىك ساپاغا ئىگە قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى كەسىپتە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، نەتىجە قازىنالايدىغان، كىشىلىك غۇرۇر ۋە قىممىتىنى نامايان قىلالايدىغان قىلىش دېمەكتۇر.

خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىزنىڭ مائارىپىمىزدا بۇرۇن نوقۇل مەكتەپ كۆچۈش نىسبىتىنى قوغلىشىش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئىمتىھان ئۈچۈن ئوقۇتىدىغان ھەم ئوقۇيدىغان مەسىلىلەر ساقلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئېغىر توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغانىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ زىيادە ئېغىر يۈكى بىر جاھىل كېسەللىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىنورمال تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئېلىمىز ئالىمى يۈگۈاڭيۈەن مۇنداق دېگەنىدى : «ئەگەر بىز جۇڭگونىڭ مائارىپ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالمىساق ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە ، يۈز يىلدىن كېيىن ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك مىللەت بولۇپ قالىدۇ .» بۇ سۆز كىشىنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ھەم ئويغىتىدۇ .

## 2 . ساپا مائارىپى يالغۇز مەكتەپنىڭلا ئىشىمۇ؟

مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قىلغان سۆزىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى : «مائارىپ يالغۇز مائارىپ تارماقلىرىنىڭلا ئىشى ئەمەس ، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى .» مەكتەپ دۆلەتنىڭ مەخسۇس تەلىم - تەربىيە ئورگىنى بولغاچقا ، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشتا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ . لېكىن ، «ئائىلە ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت مائارىپىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى ، ئۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ» ، ئائىلە بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەمكارلىقى بولمىسا ، مەكتەپ تەربىيىسىگىلا تايىنىپ ساپا مائارىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرگىلى ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ . ئائىلە تەربىيىسى ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسى ، بالىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۇنىڭ رولى ناھايىتى زور .

**(1) ئائىلە تەربىيىسى «ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا» باشلىنىدىغان تەربىيە**

بالا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ ، ئائىلىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتىلغان ساپا تەربىيىسى باشلىنىدۇ . بالىلارنىڭ ھەرقايسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتتىكى ساپاسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە ، ئائىلە مۇھىتىنىڭ تاۋلىنىشىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ . يېتىلىۋاتقان بالىلارنىڭ دوراش خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ ، مۇھىتنىڭ تەسىرىنى ئىنتايىن ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ، «ياخشى بىلەن دوست بولساڭ ئېچىلار چېچەكلىرىڭ ، يامان بىلەن دوست بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ .» دېگەن ماقال ـ تەمسىل دەل مۇشۇ داۋلىنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . شۇڭا ، بالىلارنىڭ ئائىلىدىكى دەسلەپكى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ساپاسى ئۇلارنىڭ ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىنكى مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ «ئەسلى تېپى» بولۇپ قالىدۇ . ئائىلە بالىلارنىڭ بىرىنچى مەكتىپى ، ئۇ بالىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىشتىكى ئاساسلىق شەكلى ۋە يولى ، شۇنداقلا بالىلارغا ئاساس سالىدىغان ئورۇن . خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېداگوگى ماكارېنكو ئېيتقاندەك : «ئائىلە ئەڭ مۇھىم ئورۇن ، ئائىلىدە ئادەم تۇنجى بولۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قەدەم قويىدۇ .»

**(2) ئائىلە تەربىيىسى بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تۇرغۇزىدۇ**

بالىلار ئائىلىدە ئالدى بىلەن تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ ، بۇ تەربىيە ئۇلارنىڭ كېيىنكى يېتىلىشى جەريانىدا «دەسلەپكى تەسىرنى ئاساس قىلىش» تەك خاراكتېرىنى بېكىتىش رولىنى ئوينايدۇ ھەم ئۆچمەس تەسىر قالدۇرىدۇ .

**(3) بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئائىلىدە ياشايدىغان ۋاقتى يەنىلا بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ**

ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول ، ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، بالىلار يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، يۈرۈش ـ تۇرۇشنىڭ

ھەممىسىدە ئائىلىگە تايىنىدۇ، مەيلى ماكان ياكى زامان جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەنىۋى تۇرمۇش ياكى ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىن بولسۇن، ئائىلە بالىلارنىڭ ساپاسىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم شەرت ۋە ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

**(4) ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئائىلىدىكى ساپا تەربىيىسىنىڭ ھېسسىيات ئاساسىدۇر**

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەڭ يېقىن ھەم ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىدۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈمىدى بالىلار ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئىرىشىش نىشانى بولۇشى مۇمكىن. ۋاڭ يۈەنلۇڭ گۆدەك چېغىدىن تارتىپ قەلەم سىياھىنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇراپ چوڭ بولغان بالا ئىدى، باشقىلار ئۇنىڭدىن «سىز ھۆسنخەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە خۇشال بولدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئاپىسىنىڭ پېشىنى تارتىپ تۇرۇپ: «ئاپام خۇشال بولسا، مەنمۇ خۇشال بولىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بالىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**(5) ئەلمىساقتىن تارتىپ ئائىلە بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان بۆشۈك**

ئېلىمىزنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى ئەنئەنىسى بار، «بالا بولۇمسىز بولسا، ئاتىسىدىن كۆر» دېگەن ماقال ھەممىيلەنگە تونۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئائىلە تەربىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن ھېكايىلەر بىزدە كەڭ تارقالغان، شۇڭا ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە بولغان ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولماقتا . ئەگەر ئېلىمىزدىكى 320 مىليون ئائىلىنىڭ ھەممىسى باللارغا ساپا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ تونۇيدىكەن ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تەربىيىۋى كۈچى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ .

**(6) ئائىلە تەربىيىسى ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسى**

بالىلار ئاتا - ئانىلار بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرگە بولىدۇ ، ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ مىجەز - خۇلقى ، قىزىقىشى ، ھەۋىسى ، ئادىتى ، سالامەتلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ ، «ئوغۇل تەربىيىسى ئاتىدىن ، قىز تەربىيىسى ئانىدىن .» دېگەن گەپ بار . ئاتا - ئانىلار باللارنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇلار ئائىلە تەربىيىسىدە باللارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى چىقىش قىلىپ ، ئەھۋالغا قاراپ تەربىيە ئېلىپ بېرىش ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ، يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش ۋە باللارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالالايدۇ . ھالبۇكى ، باللارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھازىرقى زامان مائارىپىدىكى بىر قىزىق نۇقتا . مەكتەپ بۇ جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ ، ئوقۇتقۇچى بۇنىڭغا تولۇق يېتىشىپ بولالمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار نەچچە ئون بالىغا دۇچ كېلىدۇ .

ئائىلە تەربىيىسى نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولغاچقا ، ئۇ ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، مەكتەپلەرنىڭ باللارغا قاراتقان ساپا تەربىيىسىگە ماسلىشىش ۋە ئۇنى قوللاش ئاتا - ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى .

## 3 . ئائىلىدىكى ساپا تەربىيىسى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسى

ئائىلىدىكى ساپا تەربىيىسىنىڭ نەتىجىلىك بولۇش - بولماسلىقى ئاتا ئانىلارنىڭ ساپاسىغا باغلىق ، بۇ شەك - شۈبھىسىزدۇر . ئائىلە تەربىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ، ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك :

**(1) بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەيدىغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بولۇشى كېرەك ، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى**

ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى كۆرىدۇ ، بۇ بىر ھەقىقەت . لېكىن ، بالىلارنىڭ ئۆزى شەخسىي مۈلۈك ، ئۇلارنى تەربىيىلەش شەخسنىڭ ئىشى ، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى قانداق تەربىيىلەش ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ، باشقىلارنىڭ كارى بولماسلىقى كېرەك ، دەپ قارىسا تامامەن خاتا بولىدۇ . بالىلار راستىتىنلا ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى ، ئۇلار ئاتا - ئانىلار بىلەن ھەمنەپەس ، تەقدىرداش بولىدۇ ، ئاتا - ئانىلار ئۇلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ . لېكىن ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى ، شۇڭا بالىلارمۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇلار جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ، شۇنداقلا مىللەتنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۈمىدى . ھەر بىر بالىنىڭ ساپاسى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ ، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ، پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم .

رېئال تۇرمۇشتا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا ، بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشقا سەل قارايدۇ ؛ بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئويناپ كۈلۈش ۋە خۇشاللىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ ، بالىلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن كارى بولمايدۇ ؛ بەزىلەر بالىلارنى خالىغانچە ئۇرۇپ تىللاپ ، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىسىگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ ؛ بەزى ئاتا ـ ئانىلار نىكاھ ئىشىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ، بالىلاردا ئېغىر روھىي بېسىم پەيدا قىلىدۇ ، ھېسسىياتىنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىدۇ . . . . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىگە ، پەرزەنتلەرگە ، شۇنداقلا جەمئىيەتكە بولغان ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر ، بۇنىڭدىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىش كېرەك .

**(2) ئالىيجاناب ئەخلاقىي ساپاغا ئىگە بولۇش كېرەك .**

بالىلارغا ئۈلگە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور . بالىلار تەقلىد قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ ، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان ، ھەممىدىن بەك چوقۇنىدىغان ئادەملىرىنى دورايدۇ ، ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەن تەسىرات مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ . ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرستىش ، سۆزى ھەم ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرستىش ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى ؛ بالىلار تەربىيىچىسى سۇن جىڭشيۇ مۇنداق دەيدۇ : «بالىلارنىڭ كۆزى رەسىم ئاپپاراتىغا

ئوخشايدۇ ، مېڭىسى ئۇنىئالغۇغا ئوخشايدۇ ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى بالىلارنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ ، شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇشى كېرەك . »

ئاتا - ئانىلارنىڭ پارتىيىگە ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىگە سۆيگۈ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ ؛ ئاتا - ئانىلار خىزمەت ئورنىنى ، كەسپىنى سۆيسە ، بالىلار ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولىدۇ ؛ ئاتا - ئانىلار چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىسە ، بالىلارمۇ قائىدە - يوسۇنلۇق بولىدۇ ؛ ئاتا - ئانىلار باشقا مىللەتلەر بىلەن دوستانە ، ئىناق ئۆتۈپ ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىسە ، بالىلارمۇ كىچىكىدىن تارتىپ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان توغرا پوزىتسىيىنى يېتىلدۇرىدۇ ؛ ئاتا - ئانىلار ئالىيجاناب پەزىلەتلىك بولسا ، بالىلارنىڭ خۇي - مىجەزىمۇ ياخشى بولىدۇ . . . . ئەگەر ئاتا - ئانىلار فېئوداللىق خۇراپىي ئىدىيىسىدە بولىدىكەن ، بالىلارنىڭ بۇ دۇنيانى ئىلمىي نەزەر بىلەن كۆزىتىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ .

يىغىپ ئېيتقاندا ، بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھامان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىزناسى بولىدۇ . سىز بالىلىرىڭىزدا قانداق پەزىلەتنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلسىڭىز ، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە شۇ خىل پەزىلەت بويىچە تەلەپ قويۇشىڭىز كېرەك . بالىلارغا ئۆزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق يولى ۋە ئۇسۇلى . يەنە كېلىپ ئائىلىدە ئەخلاق تەربىيىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا ، ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى ھەرگىز شەخسىي ئىش دەپ قارىماسلىقى ، ئۇنى بالىلاردا قانداق

www.uyghurkitap.com

ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە ، دەپ قارىشى لازىم . شۇڭا ، ھەرقانداق ۋاقىت ، ھەرقانداق جايدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تەربىيىلىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى ، بۇ ئىشقا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم .

**(3) ساغلام پسىخىك ساپا بولۇشى كېرەك**

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پسىخىك ساغلاملىق مەسىلىسى بارغانسېرى كۆپىيىپ ، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش زۆرۈر مەسىلە بولۇپ قالدى . دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، نۆۋەتتە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا كۆرەلمەسلىك ، ئۆز بېشىمچىلىق ، يۆلىنىۋېلىش ، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى خالىماسلىق ، پەرىشانلىق ، نېرۋا ئاجىزلىقى ، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلالماسلىق ، شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق پسىخىك ئاجىزلىقلار ھەمدە تاماكا چېكىش ، ھاراق ئىچىش ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر سادىر بولماقتا ، ستاتىستىكا نەتىجىسىدىن قارىغاندا ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى پسىخىك مەسىلىلەرنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 13 % نى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 19 % نى ئىگىلەيدىكەن . تەكشۈرۈش دوكلاتىدا قارىلىشىچە ، ئائىلىنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر تەرەپ ئىكەن . شۇڭا ، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ

مەكتەپلەردە پسخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ئائىت بىرقانچە پىكىر» دە ئاتا ـ ئانىلارغىمۇ ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى . ئائىلە تەربىيىسى ئارقىلىق بالىلاردا ساغلام پسخىكىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلار پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولۇشى ، بالىلارنىڭ پسخىك جەھەتتىن ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن ئىناق ، تىنچ ئائىلە مۇھىتى يارىتىلىشى كېرەك (كونكرېت مەزمۇن كىتابىمىزنىڭ باشقا بابىدا مەخسۇس سۆزلىنىدۇ ) .

**(4) ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇش كېرەك**

بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى تېزلەشمەكتە ، بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان ئىدىيە بۇ جەمئىيەتكە ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى ، شۇڭا ئاڭلىق ھالدا ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ ، ھەركىم ئۆز ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ ، ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇش كېرەك . ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇ خىل ساپانى يېتىلدۈرمەيدىكەن ، ياشاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماستىن ، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش سالاھىيىتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ . ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللەشتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ساپاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ :

بىرىنچى ، كۆزقارىشىنى ئۇزلۇكسىز يېڭىلاش . بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولغان ئىختىساسلىق بولۇش قارىشى ، ئۆگىنىش قارىشى ، ئەخلاق قارىشى ، ئۇنۇم قارىشى ، قانۇن قارىشى ۋە ئائىلە تەربىيىسى قارىشى تىكلەش لازىم .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش. بۈگۈنكى دەۋرنى كىشىلەر «بىلىم پارتلاش» دەۋرى دەپ قارىماقتا، پەن ـ تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە پارچىلىنىش ۋە ئۇنىۋېرساللىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تېز تەرەققىي قىلماقتا. يېڭى بىلىملەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا. ھازىرقى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولغان ئۇچۇر تېخنىكىسى تەربىيىسىنى ئالساق، ئامېرىكا 2000 ـ يىلى ھەربىر سىنىپقا ئۇچۇر تېز سۈرئەتلىك يولىنى تۇتاشتۇرۇشنى، ھەربىر 12 ياشلىق بالىنىڭ ئۇچۇر تورىغا كىرىشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سىنگاپور 2002 ـ يىلىغا بارغاندا بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە باشلانغۇچ 4 ـ يىللىقتىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلېكترون پوچتا يوللانمىلىرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى. ئېلىمىزمۇ 2002 ـ يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 150 مىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 30 مىليون ئوقۇغۇچىنى ئۇچۇر تېخنىكىسى تەربىيىسىگە ئىگە قىلىشنى پىلانلىدى. بۇ كەسكىن رىقابەت ئالدىدا، ھەربىر ئاتا ـ ئانا دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىشى لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن، مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتتىن شاللىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، يېڭىلىق يارىتىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئېڭىنى ۋە ئىقتىدارىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم، بۇ ساپانى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتا.

تۆتىنچى، ھەمكارلىشىش ئېڭىنى ۋە ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

بەشىنچى، قانۇن ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

**(5) تەلىم ـ تەربىيە ساپاسى**

ئائىلە تەربىيىسىنى ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتۇرۇشتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى ئارزۇسىغىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى بىلىم ۋە ئىقتىدارى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغاندىلا، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلغىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، قىلغان ئەجىرمۇ بىكار كېتىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار بالىلار پسىخىكىسىدىن، باشلانغۇچ مائارىپ پېداگوگىكىسىدىن، شۇنداقلا ساقلىقنى ساقلاش، ئوزۇقشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتتىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، يەنە تالانتشۇناسلىق، كەشپىياتشۇناسلىق بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىنىپ، بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلىشى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا بولغان تەلىپى ھەم فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى چۈشىنىشى، تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئادەتتىكى پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى بىلىشى، شۇ ئارقىلىق بالىلارنى تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**(6) قانۇن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇننى بىلىشى، قانۇننى چۈشىنىشى، قانۇننى ئىشلىتىشى لازىم**

11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىزنى مەدەنىيلەشكەن، يۈكسەك دېموكراتىيىلەشكەن سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت دېموكراتىيىنى قانچە تەكىتلىگەنسېرى، ئىنتىزام ۋە قانۇن تەربىيىسى شۇنچىلىك گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. قانۇن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇپ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قورال، ھەربىر پۇقرا قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇننى بىلىشى، قانۇننى ئىشلىتىشى لازىم. قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ھەر بىر پۇقراغا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ.

دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى»، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا قارىتىلغان ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىگە ئائىت ماددىلىرى بار. «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك قانۇن. بۇ قانۇنلارنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئاتا - ئانىلار بالىلارنى بېقىش، قوغداش، تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى توغرا يۈنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش، بالىلار ئۇچۇن ئۈلگە بولۇش، بالىلار ئۇچۇن ئەمەلىي ئىش قىلىش جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى لازىم. ئەر - خوتۇن ئاجرىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بالىنى كىم بېقىشىدىن قەتئىينەزەر، بالا ھەر ئىككى تەرەپكە مەنسۇپ بولىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بالىلارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بار.

شۇڭا پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئاتا - ئانىلارنىڭ چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك قانۇنىي مەجبۇرىيىتى. بۇ مەجبۇرىيەت مەلۇم ھوقۇققا ئېرىشىشنىلا ئالدىنقى شەرت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنى ئازدۇر - كۆپتۇر قۇربان قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، ئاتا - ئانىلار كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىگە تايىنىش - تايانماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، پەرزەنتلىرىنى شەرتسىز تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەرزەنتلىرىنى قانۇن ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىنى چەكلىيەلەيدىغان، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى،

شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەك . ھازىرقى جەمئىيەت تولىمۇ مۇرەككەپ . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتتىكى ئاجىزلاردۇر ، لېكىن ئۇلار قانۇندىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئىگىلىۋالسا ئوخشاشلا ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ .

ئاتا ـ ئانىلار ، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشى ، بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ، ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرى ساپاسى ئارقىلىق يۇقىرى ساپالىق بالىلارنى تىرىشىپ تەربىيىلەيلى !

www.uyghurkitap.com

# ھازىرقى زاماندىكى ئاتا ـ ئانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئائىلە تەربىيىسى قارىشى

كۆزقاراش جان دېمەكتۇر ، ئۇ ھەرىكەتنىڭ باشلامچىسى .
بىر خىل يېڭى كۆزقاراش ھامان ئۇنۇم ۋە بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ .
ئائىلە تەربىيىسى كۆزقارىشىنى يېڭىلاش — ھازىرقى زامان تەلىم ـ تەربىيە قارىشى ، بالىلار قارىشى ، تالانت قارىشى ، تۇغقاندارچىلىق قارىشى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىدىيىسىنى قوراللاندۇرۇش دېمەكتۇر .

## 1 . چوڭ مۇھىت ئاستىدىكى ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسى

دەۋر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا . بۈگۈن 21 ـ ئەسىرنىڭ رىقابىتىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان چاغدا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تەقدىرىگە ھەسسىلەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان ، بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا ھەرقانداق ئىشتىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى . بالىلىرىمىز يارامسىز بولۇپ قالمىسۇن ، دېگەن مەسىلە ئاتا ـ ئانىلارنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قىلغان تەربىيىسىنى دەرسخانىدىن ئائىلىگە ، دەم ئېلىش كۈنلىرىگە ۋە ھېيت ـ بايراملارغا كېڭەيتتى . كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلار : «ئۆگەنگەن نەرسە ھامان ئەسقاتىدۇ ، ئارتۇق ئۆگەنگەننىڭ زىيىنى يوق» دەپ قارايدىغان بولدى . ھۈنەر ـ بىلىمنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئۆگىنىش

كېرەكمۇ؟ بەزى ئاتا ـ ئانىلار بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ياخشى نىيەتلىك ئاتا ـ ئانىلار يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بالىلار چوقۇم مۇشۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە تەييارلىق كۆرۈشى لازىم، دەپ قارايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردە ئائىلە تەربىيىسى باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار ھوشيار ۋە ئاقىلانە بولۇپ، كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلىشى لازىم. 21 ـ ئەسىر زادى قانداق دەۋر بولىدۇ؟ بۇ چوڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئائىلە تەربىيىسىگە قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئاتا ـ ئانىلار روھىي جەھەتتىن قانداق تەييارلىق قىلىشى، قانداق ئىدىيىۋى قاراشتا بولۇشى كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

### (1) يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

21 ـ ئەسىر كىشىلىرى يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ چوڭ ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرماقتا، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى دەۋرگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، يېزا ئىگىلىكىنى يەر بىلەن ئەمگەك كۈچىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بارلىققا كەلتۈرىدۇ؛ سانائەت ئىگىلىكىنى ئېنېرگىيە، كاپىتال ۋە پايدا بارلىققا كەلتۈرىدۇ؛ بىلىم ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىل بولسا بىلىمدىن ئىبارەتتۇر. بۇ بىزنىڭ ئەتىكى كۈندە ئېنېرگىيىگە، خام ئەشياغا ئەمەس، بەلكى بىلىمگە تايىنىپ بايلىق يارىتىشقا تايىنىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە

شۇنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە تەكىتلىنىدىغان «بىلىم» ھەرگىز دەرسلىكلەردىكى ئوقۇيدىغان، يازىدىغان، ھېسابلايدىغان ئاساسىي بىلىم ۋە ئۇقۇمنى ياكى مەلۇم تەرەپتىكى مەخسۇس بىلىمنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى كەڭ دائىرىلىك ھەم قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولغان، جانلىق، ئىجادىي كۈچكە ئىگە بىلىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشىدۇر. ئالدىنقى ئىككى دەۋردە كىشىلەر ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى كۆپرەك ئويلايتتى، يېڭى دەۋردە بولسا ئاساسلىقى بىلىم پەيدا قىلىدىغان ئۈنۈمنى ئويلايدۇ. دېمەك، ئۈزلۈكسىز ھەم تېز يېڭىلىنىش بۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. ئىنسانلارنىڭ پەننىي بىلىملىرى 19 - ئەسىردە 50 يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيگەن، 20 - ئەسىردە 10 يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيگەن، ھازىر بولسا ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بىر ھەسسە كۆپىيىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ سان جەھەتتىن كۆپىيىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى سۈپەت ۋە شەكىل جەھەتتىن تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىنتېل شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ھەر يىلدا بىر قېتىم يېڭىلايدۇ. شۇڭا، ۋارىسلىق قىلىش ھەم دوراشقىلا تايىنىلىدىكەن، مەڭگۈ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغىلى بولمايدۇ.

ھازىرقى دەۋردە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر توپى قۇرۇلمىسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلمەكتە. ئامېرىكىدا ھازىر

دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ نىسبىتى پەقەت 1% نىلا ئىگىلەيدۇ ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2000 - يىلى 17% تىن 2% كە تۆۋەنلىدى ، قالغانلىرى مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا ، مۇتلەق كۆپ قىسمى بىلىم ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . يېقىنقى 15 يىلدىن بۇيان ئامېرىكا 800 خىل كەسىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، 500 خىل كەسىپنى يېڭىدىن كۆپەيتتى . دېمەك ، جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئاممىنىڭ قۇرۇلمىسىغا بولغان تەلىپىدە زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى ، ھەمدە تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ .

بىل. گېيتسنى مىسالغا ئالساق ، 10 ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ناچار بولۇپ ، دادىسى ئۇنى روھىي جەھەتتىن ساغلام ئەمەس ، دەپ قارىغان . دوختۇرمۇ ئۇنىڭ دادىسىغا «سىز ئامال قىلالمايدىغان ئوخشايسىز » دېگەن .ئۇ مىلىك تەسلىكتە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن بولسىمۇ ، ئىككى يىلدىن كېيىنلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان . لېكىن ، ئۇنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتە ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە ، ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ «بىلىم پادشاھى » غا ۋە ئەڭ چوڭ بايغا ئايلانغان . ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىپ ، ئۇزلۇكسىز يېڭى تەدبىر قوللىنىپ ، ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلالىغانلىقىدا . ئۇنىڭ بايلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن ئاشقان ، 37 ياشقا كىرگەندە 3 مىليارد 700 مىليون دوللارغا ، 1997 - يىلى 46 مىليارد 100 مىليون دوللارغا ، 1998 - يىلى 7 - ئايغا كەلگەندە 51 مىليارد 100

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىليون دوللارغا يېتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئايلانغان.

مانا بۇ باللار ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەۋقەسىنى تۇرغۇزۇپ، ياشاش ۋە تەرەققىيات يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان 21 - ئەسىرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى.

**(2) يېڭى دەۋردىكى هازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسى**

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بىزنىڭ هازىرقى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر شەكلىمىزگە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتكە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئائىلە تەربىيىسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

بىرىنچى، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئەندىزىسى تاق يۆنىلىشلىك تەربىيىدىن قوش يۆنىلىشلىك ئۆگىنىشكە ئۆزگىرىدۇ. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە ئاتا - ئانىلار خىلمۇ خىل روللارنى ئۈستىگە ئالدى. ئىلگىرى ئاتا - ئانىلار ئائىلىدە بىلىم ۋە تەجرىبە جەھەتتىكى نوپۇز ئىگىسى ئىدى، لېكىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر ئاتا - ئانىلار بىلەن باللارنى ئوخشاش ئورۇنغا كەلتۈرۈپ قويدى، ئۇلار ئۆگىنىشكە، پۇرسەتكە، رىقابەتكە بىرلىكتە دۇچ كەلدى. ئاتا - ئانىلارنىڭ بىلىمى، تەجرىبىسى، قىممەت قارىشى، هەرىكەت ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىلارنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە مىجەزلىرى ئۇلارنىڭ دەۋر ئۆزگىرىشىنى ئاڭلىق بايقىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىششىغا دائىم توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئالايلۇق، هازىر بەزى ياشلار خىزمىتىنى ياقتۇرمىسا ئاسانلا ئىستىپا بېرىدۇ، ئاتا - ئانىلار بولسا، مۇقىم خىزمەتنى هەرقانداق ئىشتىن مۇهىم، دەپ هېسابلايدۇ.

ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، باللار ئاتا - ئانىلارغا

قارىغاندا يېڭى بىلىم ، يېڭى تېخنىكىنى تېخىمۇ تېز ئىگىلىيەلەيدۇ ، ئاتا ـ ئانىلار بولسا ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ رىقابىتىگە ھەتتا ئۇلاردىن ئارقىدا قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە . بالىلار مەكتەپتە كومپيۇتېر ئۆگەنگەندە يولىنى تېپىۋالسىلا ، ئوقۇتقۇچىلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ ، ئاخىر ئۇلار ئۆز ئارا ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ . كومپيۇتېر بار ئائىلىلەردە بالىلار دائىم توردىن نۇرغۇن بىلىم ، ئۇچۇر ، تېخنىكىلارنى ئۆگىنىۋالىدۇ ، بۇ جەھەتتە ئۇلار ئاتا ـ ئانىلارغىمۇ ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ .

يېڭى دەۋردە بالىلارنىڭ بىلىدىغان نەرسىلىرى كۆپ بولۇپلا قالماستىن ، دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشى بېيىشقا قاراپ يۈزلىنىپ ، بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش ئىقتىدارى كۈچەيدى . ئۇلار ماشىنا ئادەمنى ، ئۇچار تەخسىنى ، ئېلانلارنى ، ناخشا چولپانلىرىنى ، توپ چولپانلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى پىششىق بىلىدۇ ، چوڭلار سىنئالغۇ ياكى VCD كۆرمەكچى بولغاندا بىلمىگەن يەرلىرىنى بالىلىرىدىن سورايدۇ . چوڭلار ئۆزىنى كونىدىن ـ كونىگە گاراڭ ، بىپەرۋا ، ئېغىر ھېس قىلىۋاتىدۇ ، بالىلار بولسا ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ، جۇشقۇن ، ئىنتىلىشچان بولۇپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئورۇنۇشلىرى ئائىلىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كەلمەكتە .

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بۈگۈنكى بالىلار چوڭلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن ، ئۇلارمۇ چوڭلارغا تەسىر كۆرسەتمەكتە ، ئائىلە تەربىيىسى يالغۇز چوڭلارغىلا مەنسۇپ ھوقۇق بولماي قالدى . يېڭى دەۋردىكى ئائىلە تەربىيىسى قوش يۆنىلىشكە ، ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە . ئەگەر بىز باراۋەر بولغان ئاتا ـ ئانا ۋە بالا كۆزقارىشىدا تۇرۇپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باللاردىن ھەم ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۆگەنمەيدىكەنمىز ، ئۇ ھالدا باللارنى تەربىيىلەشكە ئامالسىز قالىمىز . شۇڭا 21 - ئەسىر ئائىلە تەربىيىسى كۆز قارشىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بىرى بولغان «ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرى ئۆزئارا ئۆگىنىپ ، ئورتاق ئىلگىرىلەش» تىن ئىبارەت ، بۇ ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى ، ئائىلە تەربىيىسى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى ھەم ساپا مائارىپىنىڭ ئۇنۇملۇك كاپالىتى .

ئىككىنچى ، ئائىلىنىڭ رولى «ئەۋلاد قالدۇرۇش» تىن «يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش» كە تەرەققىي قىلىدۇ . بىر مىڭ يىلدىن يەنە بىر مىڭ يىلغا ئۆتۈش پەقەت ۋاقىتنىڭلا ئۆزگىرىشى بولماستىن ، بەلكى دەۋرنىڭ يېپيېڭى ھالەتكە ئۆزگىرىشىدۇر . . شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، يېڭى دەۋردە خەلق ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ، بىلىم ئىگىلەش دەرىجىسى ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سانى ، بولۇپمۇ بىلىم ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا رىقابەتتە يېڭىپ چىقىش - چىقالماسلىقىنى ۋە دۇنيادىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق ئامىل بولۇپ قالدى . ھالبۇكى ، خەلق ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ئومۇم خەلق مائارىپىغا ، شۇنداقلا ھەرقايسى قاتلامدىكى ئائىلە تەربىيىسىگە باغلىق . دېمەك ، بىلىم ئىگىلىكى ئائىلە تەربىيىسىگە پۈتۈنلەي يېڭىچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى . ئەمدىلىكتە ئائىلە تەربىيىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردە كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى رولنى ئۈستىگە ئالىدۇ ، بىز چوقۇم ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئىلىمزىنىڭ پەن - مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش تەدبىرىگە ئاساس سالىدىغان رولىنى يېڭى تارىخي يۈكسەكلىكتە تونۇپ ، ئائىلە

تەربىيىسى ئارقىلىق يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە تۆھپە قوشۇشنى كۆچەيتىشىمىز لازىم . ئىلگىرىكى جەمئىيەتتە ئائىلە پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدىغان بولسا ، كېلىۋاتقان جەمئىيەت ئائىلىگە يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش تەلىپىنى قويدى . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى «سۆپەتلىك تەربىيىلەيدىغان» ۋە «دۆلەت ئۈچۈن تەربىيىلەيدىغان» كۆزقاراشنى تىكلىشى لازىم .

ئۈچىنچى ، ئائىلىدە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش نىشانى «كىتابخۇمار» ، «ئەقىللىق» قىلىپ تەربىيىلەشتىن يېڭىلىق يارىتالايدىغان ، ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشكە ئۆزگەردى . يېڭى دەۋردە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى ياراملىق قىلىپ تەربىيىلەش جەھەتتىكى سۆپەت كۆز قارىشى «قولىقى يۇمشاق ، يۇقىرى نومۇر ئالالايدىغان» ، «كىتابخۇمار» تېپىدىكىلەرنى تەربىيىلەشتىن «يېڭىلىق يارىتالايدىغان تىپ» تىكى تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئۆزگىرىشى لازىم . ئەنئەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىدا بىلىم توپلاشقا ، قوبۇل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى ، كىتابتىكى بىلىملەرنى كاللىغا قاچىلىۋېلىپ ، ئىمتىھاندا ياخشى نومۇر ئېلىشنى يېڭى نەرسە ئۆگىنىۋالغانلىقىنىڭ ، جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلاتتى . ئەمدىلىكتە «ئىسكىلات تىپى» دىكى بۇنداق تالانت ئىگىلىرى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ تېز ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى . يېڭى دەۋردە پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى بىلەن بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ، كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىش ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ، شۇنداقلا باشقۇرۇشتا ، بازاردا ، مېخانىزمدا ، كىرىدىتتا يېڭىلىق يارىتىش

ھەر ساھە، ھەرقايسى جەريان، ھەرقايسى قاتلاملارغا سىڭىپ كىرىدۇ. شۇڭا يېڭىلىق يارىتىش ساپاسى ئاز ساندىكى سەر خىللارغا ۋە ئالىملارغا قارىتىلىپ قالماستىن، بەلكى ئومۇم خەلقتە بولۇشقا تېگىشلىك مىللىي روھ جەھەتتىكى تەلىپى بولۇپ قالىدۇ. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كىمنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى يېتەرسىز بولىدىكەن، ئۇ ھالدا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ياخشى ماسلىشالماي، بۇگۈنكى ياشاش ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىدە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى تەربىيىلەش نىشانىنى ئىجادىي روھقا ئىگە تېپتىكى تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش يولىغا بۇراپ، تەربىيىلەشنى كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇپ، بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى قەدەممۇ قەدەم، تەرتىپلىك ھالدا يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇچۇر دەۋرىدە شەخسنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى، كەلگۈسى دەۋر كىشىلەرنىڭ تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا نۇرغۇن يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجىلەر كوللېكتىپنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ يارىتىلىدۇ، دېمەك، تالانت ئىگىلىرى كوللېكتىپ ھەمكارلىشىش شەكلىدە بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، ئائىلە تەربىيىسىدە ئەتراپلىق، ئىلمىي بولغان تەربىيە ئېڭىنى تۇرغۇزۇشىمىز، بالىلارغا بىلىم يولىدا ئىزدىنىشنى، يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، ئۇلارغا يەنە قانداق ئادەم بولۇشنى، ھەمكارلىشىشنى ئۆگىتىشىمىز ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇلار ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدۇر.

تۆتىنچى، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ۋاستىسى ۋە يولى بىر خىللىقتىن كۆپ مەنبەلىششكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇچۇر دەۋرىدە

ئۆگىنىشتە نوقۇل ھالدا كىتابقا، دەپتەر ـ قەلەمگىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆگىنىش مەكتەپ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ، كومپيۇتېر ۋە توردىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۆچۈر جەمئىيىتىگە ماسلىشىشتىكى زۆرۈر قابىلىيەت بولۇپ قالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار توردىن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنەلەيدۇ، ئۈچ كۈندە، بىر ئايدا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىمنى ئۆگىنىپ بولالايدۇ. ئەگەر كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى، توردىن پايدىلىنىشنى، ھازىرقى زامان يېڭى تېخنىكىسىنى بىلمىسە، ئۆچۈر جەمئىيىتىدە پۈت تىرەپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم «تامامەن يېڭى بولغان كۆپ مەنبەلىك ئۆگىنىش» يولىنى تۇتىدىغان تەلىم ـ تەربىيە ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار ئامال قىلىپ بالىلىرىغا كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىشى، بالىلارنى ئائىلىدە كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ ئۆچۈرلارنى تاللىيالايدىغان، قوبۇل قىلالايدىغان، تەشكىللىيەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى دەۋرگە ماس تەربىيىلەش لازىم. ئائىلە ئىقتىسادى ۋاقتىنچە يار بەرمىسە، بالىلىرىنى مەكتەپتە كومپيۇتېر دەرسىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ۋە دەرستىن سىرتقى كۇرسلارغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

بەشىنچى، ئائىلە تەربىيىسىگە مەبلەغ سېلىش ئارقىدا قېلىشتىن «قىزىق نۇقتا» غا تەرەققىي قىلدى. يېڭى دەۋر ئائىلە تەربىيىسىگە مەبلەغ سېلىش جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدا ئىسپاتلىنىشىچە، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بىر جەھەتتىن، بالىلارنىڭ

تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت ئاشقان بولسا ، يەنە بىر جەھەتتىن ، ئائىلە كىرىمى يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، ئولتۇراق ئۆي ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىكى ئىشلارغا كۆپرەك سەرپ قىلىنىپ ، بالىلارنى تەربىيىلەشكە سېلىنىدىغان مەبلەغ ھېچقانچە كۆپەيمىگەن ھەتتا بەزى جايلاردا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى . دېمەك ، كىشىلەر دۆلەتنىڭ ھەقسىز مائارىپ سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئادەتلىنىپ قالغاچقا ، تەلىم ـ تەربىيىگە مەبلەغ سېلىشتا ئارقىدا قېلىش ھادىسىسى كېلىپ چىققانىدى .

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ، ئائىلە تەربىيىسىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ تەدرىجىي ئېشىپ ، پۈتۈن جەمئىيەت قىزغىنلىقىغا ئايلاندى . چۈنكى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشى يېڭىلىنىپ ، 21 ـ ئەسىرنىڭ رىقابەت كەسكىن بولىدىغان دەۋر بولىدىغانلىقىنى ، جەمئىيەتتە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇش ، ئارقىدا قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ساپاسىنى ، شۇنداقلا ياشاش مۇھىتىغا ماسلىشىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى . دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت ۋە ئىستېمال ئارزۇسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ، ئاھالىلەر ئامانەت قويىغان پۇلنىڭ %10 نى مائارىپقا سەرپ قىلىدىكەن ، %7 نى بولسا ئۆي سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىدىكەن . دېمەك ، ھازىرقى ئاتا ـ ئانىلاردا بالىلىرىنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىپ ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ، يۈرەكلىك ھالدا مەبلەغ سالىدىغان ياخشى يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى . لېكىن ، يەنە بەزى ئائىلىلەردە پۇل ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، مەدەنىيەتكە مەبلەغ

سىڭىشقا سەل قارايدىغان، ئەقلىي جەھەتكە مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنسانىي پەزىلەت يېتىشتۈرۈشكە مەبلەغ سېلىشقا سەل قارايدىغان، ماددىي جەھەتكە مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى جەھەتكە مەبلەغ سېلىشقا سەل قارايدىغان خاھىشلار ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ئاتا - ئانىلاردا قارىغۇلارچە ئېقىمغا ئەگىشىپ، ئىلمىيلىكى يېتەرلىك بولمايدىغان ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ئائىلە تەربىيىسىگە چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىملىك تەسىر كۆرسەتتى. ئاتا - ئانىلار چوقۇم كەڭ نەزەر تاشلاپ، يېڭى ئىدىيە ئاساسىدا روھىي تەييارلىقنى پۇختا قىلىشى، يېڭىچە تەدبىر قوللىنىپ، بالىلارنى ئىلمىي روھ بويىچە 21 - ئەسىرگە يېتەكلىشى لازىم.

## 2. ئومۇمىي مائارىپ ئېڭى ۋە ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسى

21 - ئەسىردىكى مائارىپ مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان چوڭ مائارىپ بولىدۇ. 1999 - يىلى 6 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: «مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى، ئاكتىپ ماسلىشىشى، ساپا مائارىپىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئورتاق بەرپا قىلىشى لازىم.» دېمەك، ساپا مائارىپى ئومۇمىي مائارىپ ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم، بۇ ساپا مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئائىلە تەربىيىسىنىڭ رولىنى كۈچەيتىدىغانلىقىدىن ، ئائىلە تەربىيىسى ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمىي مائارىپ سىستېمىسىغا قاتنىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ھەم ماسلاشقان بۇ خىل مائارىپ ئائىلە تەربىيىسىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى . ئۇنداقتا ، ئائىلە تەربىيىسى ئومۇمىي مائارىپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ رولىنى قانداق ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ ؟ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، مەكتەپ ھەم جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە ساپا مائارىپىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلالايدۇ ؟

**(1) ئائىلە تەربىيىسى ۋە مەكتەپ تەربىيىسى**

بىرىنچى ، ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ پەرقى . ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ساپا مائارىپى جەريانىدىكى رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن بۇ ئىككى خىل تەربىيە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق تونۇپ يېتىش لازىم .

① تەربىيە مەزمۇنى جەھەتتە ئىككى خىل تەربىيىنىڭ تەكىتلەيدىغان مۇھىم نۇقتىسى ئوخشاشمايدۇ . مەكتەپ مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيە ئورگىنى بولۇپ ، ئۇنىڭدا سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە ، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى تەربىيىسى ، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە مۇناسىپ ئىقتىدار جەھەتتىكى تەربىيە ئاساس قىلىنىدۇ . بۇ ئاساسىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش جەريانىدا ، گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىنى يېتىشتۈرۈشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارسىمۇ ، لېكىن ئادەم تەربىيىلەش جەھەتتىكى ھەممە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كېتەلمەيدۇ . ئائىلە تەربىيىسىدە بىرىنچىدىن ، 0 ～ 6 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي تەربىيىسى ئاساس قىلىنىدۇ . ئىككىنچىدىن ، باشقا

تەربىيە بىلەن بىرلىكتە ئادىمىيلىكنى يېتىشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، باشقا تەلىم - تەربىيە ئۈستىگە ئالالمايدىغان ئادەم تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، مەسىلەن، ئاساسىي تۇرمۇش ئادىتى، تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، قابىلىيىتى، ئائىلە ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت، دوستانە ئالاقە ۋە مۇھەببەتلىشىشكە يېتەكچىلىك قىلىش، جان بېقىش قاتارلىق تەربىيىلەر.

② پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش جەھەتتىكى پەرق. مەكتەپ مەقسەتلىك، تەشكىللىك، پىلانلىق تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى تەرتىپلىك، پۇختا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەتتا بەزى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ھەرقانداق چاغدا جانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەم تەربىيىلەش بىر پەن ھەم بىر سەنئەت. پەن ئەستايىدىللىقنى، مەنتىقچانلىقنى تەكىتلەيدۇ، سەنئەت جانلىق، ئەركىن بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئىككى خىل تەربىيىنىڭ پەرقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەكتەپ تەربىيىسى ئىلمىيلىققا، ئائىلە تەربىيىسى سەنئەتچانلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

③ ئىككى خىل تەربىيىنىڭ قىممەت يۆنىلىشى جەھەتتىكى پەرق. ھازىرغا قەدەر مەكتەپ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ئادەم تەربىيىلەشنى ئومۇمىي نىشان قىلىپ كەلدى، شۇڭا ئاتا - ئانىلار شۇنى تونۇپ يېتىشى لازىمكى، گەرچە مەكتەپ بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەربىيە ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا تەلىم - تەربىيىنى كونكرېت ئائىلە ۋە ئادەمگە قاراتمايدۇ، بەلكى بىرنەچچە ئەۋلادقا قارىتىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى بولسا، ئۆز ئائىلىسىنى، شەخسنى نىشان قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ياراملىق ئادەم تەربىيىلەشتە شەخسنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىششىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتىدۇ .

ئەلۋەتتە ، يۇقىرىدىكى ئىككى خىل تەربىيىنىڭ پەرقىنى مۇتلەق دەپ قاراشقا بولمايدۇ ، كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ساغلام ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئۇلار ئورتاقلىققا ئىگە . لېكىن ، مەيلى ئاتا - ئانىلار ياكى مەكتەپ بولسۇن ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوقۇم تونۇپ يېتىشى لازىم . ئاتا - ئانىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ، بۇ پەرقنى كۆرۈپ يەتمىسە ، ئائىلە تەربىيىسىدە مۇۋاپىق پوزىتسىيە تۇتالمايدىغان ، مەكتەپنى ئائىلە نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىدىغان ، مەكتەپتىن رېئال بولمىغان ئۈمىدلەرنى كۈتىدىغان ، ئارتۇقچە تەلەپ قويىدىغان ، مەكتەپنى ئائىلىگە ئوخشىتىدىغان ، ئائىلە تەربىيىسىنى مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ . بەزى ئاتا - ئانىلار مۇئەللىمنىڭ بالىلارغا قىلغان تەربىيىسى ۋە نەسىھەتلىرىنى ئائىلىدە ئوخشاشلا تەكرارلايدۇ ، بالىلار مەكتەپتە تەقدىرلەنگەن ياكى تەنقىدلەنگەن بولسا ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ ، ھەتتا ئاتا - ئانىلار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاش گەپلەرنى قىلىدۇ ، مانا بۇ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك ۋە ئورنىغا دەسسەتكەنلىكتۇر . يەنە بەزى مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، تاماق ئېتىش ۋە كىر - قات يۇيۇش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارىدۇ . ئائىلىگە قايتىپ كەلگەندە بالىلار بۇ ئىشلارغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ ؛ بەزى ئاتا - ئانىلار ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ بالىلارغا تەكرار

قىلدۇرىدۇ ، دەرسخانىنى ئائىلىگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ . مەكتەپ قىلىشقا تېگىشلىك بۇ ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىگە ئېلىۋالىدۇ ؛ ئائىلىنىڭ بەزى مەسئۇلىيەتلىرىنى بولسا ، مەكتەپ زىممىسىگە ئېلىۋالىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ساپا مائارىپىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ رولى ئالمىشىپ قالىدۇ .

ئىككىنچى ، ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ . ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى خىل تاشقى تەربىيە شەكلى ، بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ تەربىيىسى بالىلارنىڭ ھاياتىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ ئىككى خىل تەربىيە شەكلىنىڭ پەرقى زور بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى ئىنتايىن مۇھىم . شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئومۇمىي مائارىپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، بۇنداق ماسلىشىش ھەر ئىككىلا تەرەپكە باغلىق بولىدۇ ، ئائىلە تەربىيىسى مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ قوشۇمچە قىسمى ئەمەس ، نوقۇل ھالدا مەكتەپ تەربىيىسىگە ماسلىشىش مەسىلىسىمۇ ئەمەس ، چوڭ تەلىم ـ تەربىيە سىستېمىسىدا ئۇ نىسپىي مۇستەقىل بولغان تەلىم ـ تەربىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپتۇر . ئائىلە تەربىيىسى بالىلارنىڭ مەكتەپتە قوبۇل قىلغان ئاكتىپ تەسىرىنى كۈچەيتىپ ، مەكتەپتىكى بەزى تەدبىرلەرنىڭ بالىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئەكس تەسىرىنى تۈگىتىدۇ .

① تەلىم ـ تەربىيە نىشانى جەھەتتە ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا كۆرسىتىپ بەرگەن نىشانىنىڭ مەكتەپ نىشانى بىلەن زىت ھەم قارىمۇقارشى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم . مەسىلەن ،

مەكتەپ «ساپا مائارىپى» نى نىشان قىلغاندا، ئاتا ـ ئانىلار «ئىمتىھان مائارىپى» نى نىشان قىلىۋالسا، ئۇ ھالدا بالىلارغا پايدىسىز بولىدۇ. ئەگەر ئائىلىنىڭ شەخسلەشكەن مۇھىت ئىگىلىرىنى ئىلگىرىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بالىلارنىڭ ھەۋىسى، ئالاھىدىلىكى ۋە سەۋىيىسىنى چىقىش قىلىپ، بالىلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرىدىكەن، ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە نىشانى بىرلىككە كېلىدۇ ھەم ماسلىشىدۇ.

② تەربىيە مەزمۇنى جەھەتتە، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم نۇقتىسى بولىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، بالىلار ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق بىر ھالقىسىدا تەربىيە قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. ئەگەر بالىلارنى مەلۇم جەھەتتىن تەربىيىلەشكىلا دىققەت قىلىپ، ئائىلىدىكى بىر پۈتۈن تۇرمۇشنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، تەربىيىنىڭ كۈچى بولماي قالىدۇ. لېكىن، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ مەكتەپتىكى پەن ـ مەدەنىيەت ئۆگىنىشىگە، مۇكاپاتلىنىش، جازالىنىشىغا ۋە باھالىنىش ئەھۋالىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان تەرەپلىرىگە سەل قارايدۇ، ھەتتا مەكتەپ بىلەن زىت بولغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇنداق ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنى چارچىتىپ قويىدۇ ۋە بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

③ مائارىپ پسىخىكىسى قاتلىمىدا ئىدراك بىلەن ھېسسىيات ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى قاتلامدۇر، ئەگەر بۇ ئىككى قاتلام ياخشى ماسلىشىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ تەرەققىي قىلسا،

كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا ، مەكتەپ تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدراك جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ . ئائىلە بولسا ، ھەربىر ئادەمنىڭ ھېسسىي تۇرمۇشىنىڭ ئىللىق ماكانى ، ئادەمنىڭ ئەڭ سەمىمىي ، ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتى كۆپىنچە ئائىلىدە تەبىئىي ھالدا ئاشكارىلىنىدۇ ، شۇڭا ئائىلە مۇھىتى ھېسسىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ . ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار ھېسسىياتنىڭ ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، بالىلارنىڭ ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەلىسە ، بالىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۈرتكىسى بولىدۇ . ئەگەر بالىڭىزنىڭ مەكتەپتىكى ئىشلىرى ھەر جەھەتتىن ئوڭۇشلۇق بولۇپ ، كۆرەڭلەپ قالغان بولسا ، ئائىلىدە ئۇنىڭغا ئوڭۇشسىزلىق جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشىڭىز كېرەك . ئەگەر بالىڭىز مەكتەپتە «ناچار» بولۇپ قالغان بولسا ، ئائىلىدە قانداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ ، بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىدىغان كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىشىڭىز ، ئۇنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن پاسسىپ كەيپىياتىنى توغرا تەرەپكە يېتەكلىشىڭىز لازىم . ئەپسۇسكى ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ بىلىم ئىگىلىشى ۋە سىرتقى ھەرىكىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىچكى كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دائىم سەل قارايدۇ ، بالىلاردا ئېغىر دەرىجىدە پەرىشانلىق ، بىزار بولۇش ۋە زىتلىشىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قېيىشىش ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ، ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتسىمۇ ، ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ .

④ بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ،

www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىق مۇھەببىتىدىن ئايرىلالمايدۇ ، ئاتا ـ ئانىدىن ۋە ئاتا ـ ئانا بالىلىق مۇھەببىتىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ . بالىلار ئائىلىدە مۇئەللىمگە ئەمەس ، بەلكى ئاتا ـ ئانىغا بەكرەك موھتاج بولىدۇ ، شۇڭا بۇ يەردە پەرزەنتلەر تەربىيىسىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيىچى ئىكەنلىكىنى ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆز پەرزەنتىنىڭ يېقىن سىردىشى ، دوستى ۋە ھەمراھى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز . سىز بالىڭىزنىڭ ئوقۇشىغا ياردەملەشكۈچى ، نازارەت قىلغۇچى بولالماستىن ، ئۇنىڭ ياخشى دادىسى ، ياخشى ئانىسى ، ياخشى دوستى بولۇشىڭىز كېرەك . ئاتا ـ ئانىلار كۆپىنچە ، ئادەتتە مۇلايىم پوزىتسىيە تۇتۇپ ، تەربىيىنىڭ گېپى چىققان ھامان قاپىقىنى تۈرۈۋالىدىغان ، بالىلار مەكتەپتە تولا ئاڭلاپ كەتكەن نەسىھەتلەرنى تەكرارلايدىغان سەۋەنلىكنى سادىر قىلىدۇ . ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلار ئالدىدىكى ئوبرازى ۋە رولى ئوخشاش بولمىسا ، تەربىيىلەش ئۇسۇلى ۋە تەلەپلىرىمۇ قالايمىقان بولىدۇ ، بۇنداق بولغاندا مەكتەپ تەربىيىسىگە ماسلىشالمايلا قالماستىن ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئېگىز ـ پەسلىك كېلىپ چىقىدۇ . شۇڭا ، ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . ئەگەر بالىڭىزنىڭ مەكتەپتە بىر ياخشى ئوقۇتقۇچىسى ، ئائىلىدە ياخشى ئاتا ـ ئانىسى بولسا ، ئۇ نەقەدەر بەختلىك ھېسابلىنىدۇ ـ ھە !

### (2) ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى

ھازىرقى دەۋردىكى ئىختىساس ئىگىلىرى يۇكسەك ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى ، يەنى ئاكتىپ ئىجتىمائىي پوزىتسىيە تۇتۇشى ، جەمئىيەتنى چۈشىنىشى ، چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ،

گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى ، جەمئىيەت بىسىمىغا بەرداشلىق بېرەلىشى لازىم .

جەمئىيەت تەربىيىسى مەزمۇنى كەڭ ، مۇرەككەپ ، تېز گىنلەش قىيىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ، ئىلىم - پەن بىلەن خۇراپاتلىقتىن ئىبارەت ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ساقلانماقتا ، شۇڭا كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ يامان ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى . لېكىن ، ھازىرقى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىگە خاس تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئىگە ، مەكتەپنىڭ قورۇ تېمى ، ئائىلىنىڭ بىنا ۋە ئىشىكلىرى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى ، ئارىلىشىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ . جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ رەڭگارەڭ دەرسخانا ئۇلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ . ئۇنداقتا ، بىز ئائىلە تەربىيىسىدە قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟ بۇ مەسىلىنى بىز باشقا مەخسۇس تېمىدا تەپسىلىي بايان قىلىمىز .

## 3 . بالىلار ھوقۇقى توغرىسىدىكى سادا ۋە ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسى

21- ئەسىردىكى يېڭى مائارىپ چوقۇم يېڭىچە بولغان بالىلار تەرەققىيات قارىشىنى ئاساس قىلىشى ، بالىلار قارىشىنى يېڭىلاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى لازىم . بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى ئەيلۇنكېي «بالىلارنىڭ ئەسرى» ناملىق بىر كىتابنى يېزىپ ، 20 - ئەسىرنى بالىلارنىڭ ئەسرى بولۇشى كېرەك ،

www.uyghurkitap.com

دەپ ئۈمىد قىلىنغاندى. يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە دېيۋېي «بالىلارنى مەركەز قىلىش نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. تاۋشىگجى يېزا بالىلار باغچىسىنى ئاچتى، چېن ئېچىن بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت ژۇرناللارنى تەسىس قىلدى، لۇشۈن «بالىلارنى قۇتقۇزايلى» دەپ چۇقان سالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىز بالىلارنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، بولۇپمۇ يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بېرى، بالىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى مەسىلىسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. دېمەك، بۇ 21 - ئەسىر ھارپىسى كىشىلەرنىڭ بالىلار ۋە بالىلار مەسىلىسى ھەققىدىكى قارىشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

1990 - يىلى 8 - ئايدا ئېلىمىز ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» غا ئىمزا قويغاندىن كېيىن، يولداش لى پىڭ يەنە «بالىلارنىڭ ياشىشى، بالىلارنى قوغداش ۋە ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دۇنيا خىتابنامىسى» قاتارلىق خەلقئارالىق ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇپ، دۇنياغا ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ «بالىلارنىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى» جەھەتتىكى تۈپ مەيدانىنى نامايان قىلدى. لېكىن بالىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك سىستېما قۇرۇلۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تىرىشىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بۇ سىستېما قۇرۇلۇشى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان 320

مىليون ئاھالىنىڭ ئاكتىپ قاتنىششىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر .

«بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» دە قۇرامىغا يەتكەنلەر چوقۇم بالىلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىغا ، قوغدىنىش ھوقۇقىغا ، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىغا ، تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ، شۇنداقلا ئائىلە ، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم ، دەپ بەلگىلەنگەن . «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» غا ئاساسەن ، بالىلارنىڭ سىر ساقلاش ھوقۇقى (مەسىلەن ، بالىلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈش قاتارلىق قىلمىشلار بالىلارنىڭ شەخسىي سىر ساقلاش ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرىدىكى ھوقۇقلار پۈتۈنلەي قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ . بەلكىم ئاتا ـ ئانىلار بۇ ھوقۇقلارنى كۆرگەندىن كېيىن ، «كىچىككىنە بالىلارنىڭ شۇنچە كۆپ ھوقۇقى بولامدۇ ؟ ئۇنداق بولسا ئۇلارنى قانداقمۇ باشقۇرغىلى بولسۇن ؟ » دېيىشى مۇمكىن . لېكىن ، بۇلار بالىلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى ۋە ھوقۇقى ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئائىلىدىكى بىۋاستە قوغدىغۇچىسى بولۇشى كېرەككى ، ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان پاسسىپ ئامىل ۋە توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك .

«بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» خەلقئارالىق قانۇن مىزان بولۇپ ، ئۇ يېپيېڭى بالىلار قارىشىنى نامايان قىلىپ بەردى . بۇ خىل يېڭى قاراشنىڭ ئەنئەنىۋى بالىلار قارىشىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى ، ئۇ بالىلارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىكى قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ، بالىلار كىچىك ۋە ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ، قوغدىلىشقا موھتاج بولسىمۇ ، لېكىن ئاكتىپ ، تەشەببۇسكار ئىقتىدارغا ئىگە ھەمدە تۇغۇلۇشىدىن تارتىپلا مۇستەقىل ئادەم ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە هوقۇق ئىگىسى، دەپ هېسابلايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بالىلار قارىشى فېئوداللىق ئەقىدىلەرنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ بالىلارنى كەلگۈسىدىكى ئەمگەك كۈچى، ئائىلىنى كۆپەيتىدىغان قورال ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىزىنى ئۈچۈرمەيدىغان ۋارىسى دەپ قارايدۇ. لېكىن، بالىلارنىڭ مۇستەقىل شەخس سۈپىتىدە جەمئىيەتتە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار بالىلارنى پەقەت ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ بېقىندىسى دەپ قاراپ، بالىلىرىنى خالىغانچە باشقۇرۇپ، ئۇلارغا خالىغانچە مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى بالىلار قارىشى ئېلىمىزدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

قەدىمدىن تاكى هازىرغىچە كىشىلەر بالىلارنى كىچىك، ئاجىز هەم قوغدىلىدىغان ئوبيېكت، دەپ قاراپ كەلدى. بالىلارنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولغان هوقۇق ئىگىسى دەيدىغانلار ناهايىتى ئاز بولدى. مۇشۇ خىل بالىلار قارىشىنى چىقىش قىلىپ، چوڭلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە قىممەت ئۆلچىمىنى بالىلارغا مەجبۇريي تېڭىپ، بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روهىي جەهەتتىكى تەرەققىيات ئېهتىياجىنى ۋە ئارزۇسىنى نەزەرگە ئالمىدى. بۇ خىل ياخشى نىيەتلىك «قوغداش» كۆپىنچە بالىلارغا زىيانكەشلىك ئېلىپ كېلىدۇ. چىڭخەيدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شافېينىڭ ئانىسى شافېينىڭ نەتىجىسى ئۆزى ئۈمىد قىلغان چەككە يەتمىگەچكە، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئورنىغا كەلمەيدىغان تراگېدىيىنى پەيدا قىلغان، مانا بۇ دەل «مەن سېنى ياخشى بولسۇن دەۋاتىمەن» دېگەن ياخشى نىيەتتىن كېلىپ چىقىپ،

بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. جۇڭگودىكى ئاتا - ئانىلار «ئاتا - ئانىلار ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ» دېگەن ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، دائىم دېگۇدەك «مەجبۇرىيەت» نى «ھوقۇق» قا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، بالىلارنىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەن» مەزگىلىدىكى چەكلىك قوغداشنى چەكسىز قوغداشقا ئۆزگەرتىۋالىدۇ، بالىلار ئاجىز ھەم كىچىك بولغاچقا، چوڭلارنىڭ قوغدىشىغا موھتاج بولىدۇ، لېكىن قوغداش بالىلارغا ھۆرمەت قىلىشتىن ۋاز كېچىش دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ھۆرمەت قىلىش قوغداشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر، ھۆرمەتلەش كەم بولغان قوغداش بالىلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەددىدىن زىيادە قوغداشمۇ بالىلارنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەڭگۈ چوڭ بولالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئاتا - ئانىلار، شۇنى بىلىشلار كېرەككى، بالىلار ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان ھوقۇقتا تەلپۈنمەكتە، ئۇنى تەلەپ قىلماقتا. يېڭى ئەسىردە سىلەر يېڭىچە بالىلار قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بالىلارنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ھاياتلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، بالىلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى قىلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھازىرقى زامان ئاتا ـ ئانىلىرى ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئائىلە تەربىيىسى پسىخىكىسى ۋە تەلىم ـ تەربىيىدىكى خاتا قاراشلار

ئائىلە تەربىيىسى بىر ئىلىم ، بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەربىيىلەش ئېھتىياجىنى كۆچەيتىپ ، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قوللىنىشنى تۈگەتكەندىلا ، ئاندىن ياخشى ئارزۇ ياخشى نەتىجە بېرىدۇ .

## 1 . ئائىلە تەربىيىسىدىكى پسىخىكىلىق خاتا قاراش

**(1) تولدۇرۇش ۋە ۋارىسلىق قىلىش پسىخىكىسى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يۈكىنى ئاشۇرىۋېتىدۇ**

بىرىنچى ، پسىخىكىلىق ئېھتىياجى . نۇرغۇن ياش ئاتا ـ ئانىلار خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياخشى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغاچقا ، ئۇلاردا كۈچلۈك تولدۇرۇۋېلىش پسىخىكىسى شەكىللەنگەن ، يەنى ئۇلار بالىلىقىدا قولدىن بېرىپ قويغان نەرسىلەرنى بالىلىرى ئارقىلىق تولدۇرۇۋالماقچى بولىدۇ ، ئۆزلىرى ياش ۋاقتىدا ئىگە بولالمىغان (ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ، ئاسپىرانت بولۇش ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش ، پىئانىنو چېلىش ، داڭلىق يازغۇچى بولۇش . . . . قاتارلىقلار ) ئىشلارغا بالىلىرىنى ئىگە قىلماقچى بولىدۇ ، ئۆزلىرى يېرىم ـ قىشلاقلارغا چۈشۈپ ، جاپا چەككەچكە ، بالىلىرىنى جاپا تارتقۇزۇشنى خالىمايدۇ .

بەزى ئاتا ـ ئانىلار مەلۇم كەسپىي تېخنىكا ساھەسىدە كۆزگە كـۆرۈنـۈپ ، نـام قازىنىپ ، مول بىلىم ، تەجرىبە توپلىغان ، پـەۋقـۇلـئـاددە ھـۈنەر ـ ماھارەت ئىگىلەپ بىرقەدەر يۇقىرى مـەرتـىـۋىـگە ئېرىشكەن بولغاچقا ، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش جـەھـەتـتـە ۋارىـسـلـىـق قـىـلىش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ ، پـەرزەنـتـلـىـرىـنـىڭ ئـۆزلـىـرى بـىلەن ئوخشاش كەسىپتە تـەربـىـيـىـلـىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ، تەجرىبىسى ، تەسىرى ۋە نوپۇزىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ .

ئـىـكـكـىـنـچى ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش . ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسى ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بالىلارغا تېڭىپ ، بـالـىـلارنـىـڭ قـىزىقىشى ۋە تەلەپلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىلكىدىن رەھـىـمسىزلىك بىلەن تارتىۋالغاندا ، ئائىلە تەربىيىسى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ .




ئۈچىنچى ، ئاقىۋەت . ئائىلە تەربىيىسى بالىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ ، بالىلارنى يار بويىدا قىستايدىغان ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ . بالىلار ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئېغىر يۈككە بەرداشلىق بېرەلمەي ، ھەرخىل پاسسىپ ئەھۋاللار كېلىپ چـىـقـىـدۇ ، ھـەتـتـا تـىراگـېـدىيىلەر يۈز بېرىدۇ . مەسلەن ، ئۆگىنىشتىن زېرىكىش ، ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىش ، يالغان سۆزلەش ، نەرسە ـ كېرەكلەرگە ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان

يەتكۈزۈش ، دۇنيادىن بىزار بولۇش ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار .

تۆتىنچى ، تۇيۇق يولدىن قانداق چىقىپ كېتىش كېرەك ؟

① بالىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد مۇۋاپىق بولۇش كېرەك . يەنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۈتىدىغان ئۈمىدى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم . مۇۋاپىق ئۈمىد ئۈنۈملۈك ئائىلە تەربىيىسىدىكى بىر ۋاستە ، شۇنداقلا بالىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا رىغبەت بولىدىغان غايەت زور كۈچ . بالىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد بەك چوڭ بولۇپ ، چەكتىن ئېشىپ كەتسە ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولسا ، مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرگەندەك بولىدۇ ـ دە ، ئەكس تەسىر بېرىپ ، كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ . ئۈمىد بەك كىچىك بولۇپ قالسا ياكى ھېچقانداق ئۈمىد بولمىسا ، بالىلارنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولىدۇ ، بالىلار قانائەت ھېس قىلىپ ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ .

ھەربىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنىڭ پەرقلىق ، يەنى بەزىلىرىنىڭ يۇقىرى ، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك . ئۈچ ئۈلۈش ئىقتىدار بىلەن تۆت ئۈلۈش ئىشنى تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ ، لېكىن ئۈچ ئۈلۈش ئىقتىدارغا سەككىز ئۈلۈش ياكى ئون ئۈلۈش ئىشنى قىلىشقا زورلىغاندا ، زادىلا مۇمكىن بولمايدۇ . بىز ئاتا ـ ئانىلار ئازادە ، خۇشال ـ خۇرام ئۆگىنىۋاتقان بالىلارنى ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى نەچچە ئون ھەتتا يۈز ھەسسىلەپ زېھىن سەرپ قىلىشقا مەجبۇرلىساق قانداق بولىدۇ ؟

كەم سۆز ، جىمغۇر باللارنى ئامىۋى مۇناسىۋەت ، تاشقى سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلىماسلىق كېرەك ، ئاڭلاش سېزىمى ياخشى بولمىغان باللارنى مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىماسلىق كېرەك .

باللار نەتىجىلىك ، خۇشال ـ خۇرام ئۆگىنەلىسە ، تۇرمۇشىمۇ مەنىلىك ئۆتىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىمۇ يەردە قالمايدۇ .

② توغرا بولغان ئىختىساس ئىگىلىرى قارىشىنى تىكلەش كېرەك . ئۇمۇمەن دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىشى لازىم . دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرماقتا ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ تەدرىجىي بولىدۇ ، شۇڭا تەلىم ـ تەربىيە ئۈچۈن يارىتىپ بېرىلىدىغان شارائىتمۇ چەكلىك بولىدۇ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىمۇ تەدرىجىي ياخشىلاپ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ ، شۇنداق بولغانىكەن ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىگە بەك يۇقىرى تەلەپ قويۇپ كەتكىلى بولمايدۇ . بۇخىل دۆلەت ئەھۋالى بىزگە باللارنى تەربىيىلەش نىشانىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق ، يۇقىرى قاتلاملىق ، تېز سۈرئەتلىك قىلىپ بېكىتىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار باللارنى تەربىيىلەش نىشانىنى بېكىتكەندە ، سودىغا سەل قارايدىغان ، ئەمگەكنى كۆزگە ئىلمايدىغان ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىكىنى ياراتمايدىغان كونا كۆز قاراشنى يېڭىشى لازىم . چۈنكى ھەممەيلەننىڭ ئالىم بولۇپ كېتىشى ، داڭلىق كارخانىچى بولالىشى ، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشى ، تاشقى ـ سودا ، پۇل مۇئامىلە مەكتەپلىرىگە ئۆتەلىشى ناتايىن ، ھەممەيلەننىڭ ئالىي

www.uyghurkitap.com

مەكتەپكە ئۆتۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مەلۇم بىر ئانا قىزىنىڭ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلغان، لېكىن قىزى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەن مەكتىپىگىلا ئۆتەلىگەن، بۇ ئانا خاپىچىلىقتا ئاغرىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. كېيىن بۇ قىز ئوقۇشتىمۇ، ئەخلاقتىمۇ ياخشى بولغاچقا، مەكتەپتە قېلىپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان، ئۇ خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلىگەندىن سىرت، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن مەركىزىي شەھەردىكى نۇقتىلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇنى يۆتكەپ ئىشلەتكەن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ رايون، شەھەر ۋە ئۆلكە بويىچە ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئۆلكىلىك تىل جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، ئۆلكە بويىچە ئەڭ داڭلىق ياش ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئىككى دەرىجە مائاش ئۆستۈرۈلگەن. بىر يۇرۇش ئۆي بىلەن مۇكاپاتلانغان، چەتكە چىقىپ مائارىپ تەكشۈرۈشىدە بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن هالدا: «قارىغاندا ياراملىق ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى كۆپ ئىكەن» دېگەن.

③ باللارنى تەربىيىلەشتىكى نىيەت بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىز ھەممىمىز پەرزەنتلەرنى قابىل، مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن بولسۇن، دەپ ئارزۇ قىلىمىز، لېكىن بۇ نوقۇل ئىرادىمىزگىلا باغلىق ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مەيلى قايسى دۆلەت، قايسى دەۋردە بولسۇن، ئەڭ نادىر تالانت ئىگىلىرى ھامان ئاز سانلىق بولىدۇ. شۇڭا، باللاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىكى، سۇبيېكتىپ ئارزۇ رېئاللىققا ماسلىشىشى، باللارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى،

ئارزۇسى ۋە تەبىئىي ئىقتىدارى بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇشى لازىم .

مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنى تۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ رىقابەتلىشىشكە لايىق ئەمەس ، دەپ قاراپ ، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىدىغان ئادەتتىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنى تاللىغان ، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ تاللىشىنى قەتئىي قوللىغان . بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ، قىز چەت ئەل تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولغان ، ھەم مەلۇم گېزىتنىڭ ئوقۇغۇچى مۇخبىرى بولۇپ ، ئۆگىنىش ئىدىيە ، ئىجتىمائىي پائالىيەت جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنۈپ ، تېز ئىلگىرىلىگەن . بۇ قىزنىڭ دادىسى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەن : «بالىلار باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەلىسە ئەلۋەتتە خۇشال بولىمىز ، لېكىن جەمئىيەتتە ئاددىي - ساددا ئادەملەر ھامان كۆپ سانلىق ئىگىلەيدۇ ، بۇ تامامەن نورمال ئەھۋال . ئاددىي نىشاننى قوغلىشىش ھەرگىزمۇ چاكىنىلىق ھېسابلانمايدۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەم بالىلارنىڭ جىسمانىي ، روھىي ساغلاملىقىغا ، بالىلارنىڭ ئۆز نىشانىنى ئەركىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا پايدىلىق .» دېمەك ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى چوقۇم ئاددىي - ساددا نىيەت بىلەن رېئاللىققا ماسلىشىپ ، ماھىرلىق بىلەن يېتەكلىشى لازىم .

**(2) قورقۇش پسىخىكىسى — كۆيۈنۈش زىيانكەشلىككە ئېلىپ بارىدۇ**

بىرىنچى ، پسىخىكىلىق ئېپادىسى . ھازىر شەھەرلەردە ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش يولغا قويۇلغاچقا ، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدۇ ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ، ئۇلارنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ، نارازى بولۇشىدىن ، جېدەل

www.uyghurkitap.com

قىلىشىدىن ، ئاغرىپ قېلىشىدىن ، تاماق يېمەسلىكىدىن ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ . . . .

ئىككىنچى ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش .




ئۈچىنچى ، ئاقىۋەت . 21 - ئەسىرگە ئاتلايدىغان ئەۋلادلارنى خاراكتېر جەھەتتىن «سۆڭەكى قاتماسلىق» كېسەللىكىگە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ .

بالىلار سۇ ئۇزۇشنى ئۆگەنمەكچى بولسا ، ئاتا - ئانىلار «خەتەرلىك» دەيدۇ .

بالىلار يازلىق لاگېرغا بارماقچى بولسا ، ئاتا - ئانىلار «بولمايدۇ ، بەك جاپالىق» دەيدۇ ؛ دوست تۇتماقچى بولسا ، «يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ» دەيدۇ .

بالىلار ئائىلە ئىشلىرىغا ھەمكارلاشسا ، «ئۆگىنىشىڭگە تەسىر يەتمىسۇن» دەيدۇ .

بۇ بىر قاتار ئەندىشە ۋە توسۇشلار بالىلارنى ئەتراپىدىكى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتىن ئايرىپ تاشلاپ ، ئۇلارنى دۇنيانى بىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە قوغدىشى ، ئارىلىشىشى ، ھەممىگە چات كىرىۋېلىشى بالىلارنى ئاتا-ئانىغا پۈتۈنلەي يۆلىنىۋالىدىغان قىلىپ قويىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار دائىم چوڭلارنىڭ قويىنىدا ياشىغاچقا ، ھەم

ھەرخىل شەيئىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمىغان بولغاچقا، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ھېسسىي تەجرىبىسى كەم بولۇپ، كېيىنكى يولىدا جاسارەت، ئىرادە، قابىلىيەت كېرەك بولغاندا، ئۆز- ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان ئىقتىدارى پۇتۇنلەي يوقايدۇ - دە، بىچارە كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ خاتا پسىخىكىسى خاتا تەلىم - تەربىيە پوزىتسىيىسى ۋە خاتا ئائىلە مۇناسىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بالىلارغا ناچار ئەخلاق يېتىلدۈرىدىغان شارائىتنى يارىتىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇ جىنايەت ۋە روھىي كېسەللىكنىڭ شەكىلسىز ئاساسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تۆتىنچى، تۇيۇق يولدىن قانداق چىقىپ كېتىش كېرەك؟

① ياخشى كۆرۈش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. دۆلىتىمىزدە فېئوداللىق ئەنئەنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، بالىلارنى ئەۋلاد قالدۇرۇشتىكى شەخسىي مۈلۈك دەپ قاراپ، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى بەخت ھېسابلاپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى دەۋر ئاتا - ئانىلاردىن پەرزەنتلەرنى دۆلەت ئۈچۈن تەربىيىلەش كۆزقارىشىنى تىكلەپ، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن يارامىلىق تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا، شۇڭا بالىلارنى ياخشى كۆرۈشمۇ جەمئىيەت، دۆلەت ۋە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى لازىم.

② بالىلارنى ياخشى كۆرۈش ئەقلىي، چەكلىك ھەم لايىقىدا بولۇش كېرەك. ئەقلىي، چەكلىك ھەم لايىقىدا بولۇش دېگىنىمىز — بالىلارغا بولغان مۇھەببەت ئىپادىسىنى ھوشيارلىق، ئەقىللىقلىق بىلەن تىزگىنلەش، ئۆزىنىڭ ھەربىر ئۆششاق ھەرىكىتىنىڭ بالىلاردا پەيدا قىلىدىغان تەسىرىگە دىققەت قىلىش ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىش، دېگەنلىكتۇر.

بېيجىڭ شەھەرلىك ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى

چىقارغان «يېرىم سۆيگۈنى يوشۇرۇپ قالايلى» دېگەن كىتابتا 100 ئاتا ـ ئانىنىڭ باللارنى تەربىيىلەش جەريانىدىكى تەسىراتى مۇنداق تونۇشتۇرۇلغان : ئاتا ـ ئانىلار باللارنى ياخشى كۆرگەندە تۇرمۇشتا ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشى شەك ـ شۈبھىسىز ، بىراق ياخشى كۆرۈش ئۇنداق ئۆز مەيلىچە بولماسلىقى ، ياخشى كۆرگەندە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەسلىكى ، پۈتۈن ھېسسىياتىنى بىراق ئاشكارىلىۋەتمەسلىكى ، ئانچە ـ مۇنچە ئەقىللىقلىق بىلەن ئىش كۆرۈشى ، چەكلىك بولۇشى ، تېخىمۇ يىراقنى كۆرۈشى لازىم ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ، ئاتا ـ ئانىلار باللارغا ھەقىقىي مەسئۇل بولغان بولىدۇ . «يېرىم سۆيگۈنى يوشۇرۇپ قىلىش» ھەرگىزمۇ باللارغا بولغان سۆيگۈنى كېمەيتىش ، دېگەنلىك ئەمەس ، بەلكى ياخشى كۆرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى ، ئۇ تېخىمۇ كەڭ ، تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇشى ، يوشۇرۇن بولۇشى ، ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرۇلۇشى كېرەك ، دېگەنلىكتۇر .

«ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىر قولى بولۇشى كېرەك» . بۇ 50 يىلدىن ئىلگىرىكى مەشھۇر پېداگوگ خېچىن ئەپەندىنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارغا ھەددىدىن زىيادە غەمخورلۇق قىلىدىغان ھادىسىسىگە قارىتا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرگەندە چەكلىك ھەم لايىقىدا بولۇشىغا تەۋسىيە قىلىپ ئېيتقان سۆزى .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېداگوگ ماكارېنكو مۇنداق دەيدۇ : «ئاتا ـ ئانىلار ئات ـ كالىغا ئوخشاش ئەڭ زور قۇربانلارنى بېرىپ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان باللار جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىرىدىن بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئائىلىدىكى زالىم پادىشاھقا ئايلىنىدۇ .» بۈگۈنكى ئەركە باللار ئەتە زالىم پادىشاھ بولىدۇ ، باللارنىڭ ئۆكتەملىكى ، رەھىمسىزلىكى ، يولسىزلىقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىگە نىسبەتەن

ئۆتكۈر سېلىشتۇرما ۋە ئاچچىق مەسخىرە ئەمەسمۇ؟ بۇنداق رەھىم - شەپقەتسىزلىك بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىدىغان ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن بىر جازا، شۇڭا ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش ۋە ئەركىلىتىش ئاتا - ئانىلارنىڭ نادانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

③ «بەش ئۆز» ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقى بولۇپ، ئۇ ئاتا - ئانىلاردىن بالىلارغا قاراتقان مۇھەببەت ۋە غەمخورلۇقىنى بالىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆزىگە ئىگە بولۇش، ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، چېنىقتۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈشكە قارىتىشنى، ئۇلارنى ھازىرقى جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە چەت ئەللىكلەرنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلى بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ چەت ئەلگە چىقىپ، چەت ئەللىكنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەت ئەلدىكى چېغىداچوڭقۇر تەسىرلەنگەن بىر ئىشنى مۇنداق ئەسلەيدۇ: مەن بىر كۈنى چەت ئەللىك ئانا ۋە ئۇنىڭ ئۈچ بالىسىغا ھەمراھ بولۇپ تاللا بازىرىغا نەرسە سېتىۋېلىشقا باردىم. چەت ئەللىك ئانا ھېچقانداق ئىش قىلماستىن گەپلا قىلاتتى، ئۈچ بالا ئۆزلۈكىدىن بىر كىچىك ھارۋىنى ئېلىپ كېلىپ، ئانىسىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئانىسى ئۇلارنىڭ كىچىك ھارۋىغا نەرسە قاچىلىشىغا قوماندانلىق قىلاتتى. نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار چىقىش ئىشىكىدە ھېسابات قىلدى. ھارۋىغا نۇرغۇن نەرسىلەر رەتلىك قاچىلانغانىدى. ماگىزىندىن چىققاندىن كېيىن ئۈچ بالا سېتىۋالغان نەرسىلەرنى ماشىنىغا قاچىلىدى، ئەڭ چوڭى كىچىك

ھارۋىتى ماگىزىنغا قايتۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى . ئۆي ئالدىغا كەلگەندە ئانا ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى ، مەندىنمۇ كىچىك بولغان بۇ ئۈچ بالا نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ ، توشۇلاتقۇغا سېلىپ قويدى . مېنىڭ ھەيران قالغىنىم شۇ بولدىكى ، فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ياخشى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇل ئارقىلىق بىزنى مېھمان قىلدى . ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى 16 ياشتا ، ئەڭ كىچىكى 7 ياشتا بولسىمۇ ، ھەممىسى ئۆزىگە لايىق ئىشلارنى قىلالايدىكەن . مەسىلەن ، ئايرودرومغا بېرىپ تازىلىق قىلىش ، ئاشخانىلاردا چىنە ـ قاچا يۇيۇش قاتارلىقلار . بۇ بالىلار پۇلنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن ، سېنت ـ لوئىستىن پارىژغا بىزنى كۈتۈۋالغىلى كەلگەندە پويىزدا ئولتۇرماي ، باشقىلارنىڭ ماشىنىسىغا چۈشۈپ سەككىز سائەتتە ئاران يېتىپ كەلگەنىكەن .

ئەمەلىيەتتە ، يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر پېداگوگ تاۋشىڭچى بالىلار ئۈچۈن «ئۆزىگە تايىنىش ناخشىسى» نى يازغانىدى :

ئۆزىمىزنىڭ نېنىنى يەيمىز ،
ئۆزىمىز ئىشلەپ ، تۆكۈپ تەر پەقەت ،
تايانساق ئەجداد ، ئۆزگىلەرگە ھەم ،
ھېسابلىنىمىز قانداق ئەزىمەت !

ئاتا ـ ئانىلار ، سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلارمۇ ھەقىقىي ئەزىمەت بولسۇن !

**(3) بىر تەرەپلىمە رىقابەتلىشىش ئېڭى — پسىخىك ساغلاملىقنى پسىخىك توسالغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ**

ھازىرقى دەۋر رىقابەت دەۋرى ، دەۋرگە خاس رىقابەت ئېڭىغا ئىگە بولۇش ھازىرقى زامان كىشلىرىنىڭ قىممەتلىك پەزىلىتى . رىقابەت سىرلىق پسىخىكىلىق كۈچكە ئىگە بولۇپ ، ئۇ بالىلارنىڭ

ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى مىنۇت، سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تىرىشىدىغان قىلىدۇ؛ ئۇ بالىلارنىڭ قەلبىگە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قىزغىنلىق ۋە ئىشتىياق ئوتىنى ياقىدۇ. لېكىن، رىقابەتنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەيدىغان ئائىلە تەربىيىسىمۇ توغرا ئەمەس.

بىرىنچى، پسخىك ئىپادىسى. بەزى ئاتا ـ ئانىلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: «جەمئىيەتتە رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلەشمەكتە، بالىلىرىمىز ئىشنىڭ بېشىدىلا يېڭىلىپ قالسا بولمايدۇ. رىقابەتكە قانچىكى بالدۇر تەييارلىق كۆرۈلسە، قانچىكى كۆپ تەييارلىق كۆرۈلسە شۇنچە ياخشى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلىرىمىز كەلگۈسىدە ياخشى كۈن كۆرەلەيدۇ.» مۇشۇ خىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئائىلە تەربىيىسى يەنە بىر تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ.




ئىككىنچى، ئاقىۋەت. بالىلاردا باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان، باشقىلارنى پەس كۆرىدىغان، باشقىلارغا بېسىم ئىشلىتىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىگە يول قويمايدىغان نورمالسىز پسخىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ياخشى ماتېرىيال بولسا، باشقىلاردىن مەخپىي تۇتىدۇ، باشقىلار دەرس سوراپ كەلسە بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بەزىلەر

www.uyghurkitap.com

ئىمتىهاندىن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ دەرسلىك كىتاب ۋە خاتىرىلىرىنى ئوغرىلىۋالىدۇ، ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولسا، كۆرەڭلەپ، مەنمەنچىلىك قىلىدۇ. بەزىلىرى ئىجتىمائىي خىزمەتكە قىزىقمايدۇ، ئېلىشنىلا بىلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىلمەيدۇ. بەزىلىرى ئۆزى ئۈچۈن تىرىشىشنىلا بىلىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ تەرەققىياتى، ئىستىقبالى دېگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۆت يىل جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇپتۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەن. سىنىپتا ئوقۇش پۈتتۈرۈش كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، ساۋاقداشلىرى ئۇنى خاتىرە ئۈچۈن بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ، ئۇ ناخشا ئېيتىشقا ماھىر بولمىغاچقا، يۈز كېلەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئامالسىز بىر ناخشا ئېيتىپتۇ، لېكىن ناخشىنىڭ ئاھاڭى قېيىپ كېتىپ، كۆپچىلىك قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ھېچقانچە ئىش بولمىسىمۇ، ئۇ چىداپ تۇرالماي، يېرىم كېچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئەرزىمەيدىغان ئىش - دە! ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ ئەسلىدە ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا باشقىلاردىن ئارتۇق تۇرۇشۇم كېرەك، دۇنيادا پەقەت مەنلا بىر، دەيدىغان پسىخىكىنى يېتىلدۈرگەنىكەن، ئۇ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى ئۆزىگە تۇرمۇشتىكى بىردىنبىر نىشان قىلغان، باشقىلار بىلەن تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن ھامان، ھاياتلىقتىكى پۈتۈن قىممىتىنى يوقىتىپ قويدۇم دەپ ھېسابلاپ، ئاخىر تراگېدىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۈچىنچى، تۆيۈق يولدىن قانداق چىقىپ كېتىش كېرەك؟

① ئاتا - ئانىلار رىقابەت بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى تەرەپ

ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. مەلۇم بىر شىركەت باش دىرېكتور تەكلىپ قىلغاندا، ئۇنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىنى شەرت قىلغاندىن باشقا، ھەمكارلىششقا ماھىر بولۇشى لازىم، دەپ بەلگىلىگەن، چۈنكى شىركەت ھەمكارلىششقا ماھىر بولۇشنى رىقابەتتە يېڭىپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەپ ھېسابلىغان. ھازىر ئاتا - ئانىلار «بۈگۈندىن كېيىن رىقابەت كەسكىن بولىدۇ، سەن چوقۇم ياخشى ماھارەت ئىگىلەپ، كۆپرەك بىلىم ئېلىشىڭ كېرەك» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. دېمەك، ئۇلار بالىلىرىنىڭ غالىب ئورۇندا تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاتا - ئانىلار رىقابەت بولىدىغان تەرەپنىلا كۆرۈپ، رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ھەمكارلىشىشنىمۇ بىلىش كېرەكلىكىگە سەل قارايدۇ. بىلىش كېرەككى، بالىلارنىڭ ھەمكارلىشىش ئېڭى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە ماسلىشالىشىدىكى مۇھىم ھالقا ھەم رىقابەتتە يېڭىپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

② بالىلارنى ئۆزلىرىنى توغرا تونۇش جەھەتتە تەربىيىلەپ، بالىلارنىڭ ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان ھەم ئۆزىنى پەس كۆرىدىغان پسىخىكىسىنى تەڭشەشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان، كۆرەڭلەيدىغان، باشقىلارنى ياراتمايدىغان، باشقىلار ماڭىلا بويسۇنسۇن، ماڭىلا يول قويسۇن، دەيدىغان، ئۆزى باشقىلارغا زادىلا بويسۇنمايدىغان بالىلار باشقىلار بىلەن ئاسان ھەمكارلىشالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان تارتىنچاق بالىلارمۇ باشقىلار بىلەن ياخشى ھەمكارلىشالمايدۇ.

③ بالىلارنى كەڭ قورساق بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. بالىلارنى باشقىلارنىڭ كەمكۈتىسىز مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش توغرا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ، كەڭ قورساق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغاندىلا ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشقىلى بولىدۇ .

④ بالىلارنىڭ نورمال رىقابەتلىشىش پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك . رىقابەتتە يېڭىش ۋە يېڭىلىنىش بولىدۇ ، لېكىن ئاساسلىق مەقسەت نىشانغا ئىگە بولۇشتا ، شۇڭا مەيدانغا چىققاندا رىقابەتلەشكۈچى ، مەيداندىن چۈشكەندە ھەمكارلاشقۇچى بولۇش ، رىقابەتتە يەڭگەندە مەغرۇرلانماسلىق ، يېڭىلگەندە مەيۈسلەنمەسلىك لازىم .

⑤ ھەسەت قىلىش پسىخىكىسىنى يېڭىش كېرەك .

## 2 . ئائىلە تەربىيىسى ۋەزىپىسىنىڭ نىشانى جەھەتتىكى تۈيۈق يول

(1) ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىپادىسى . ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئويلايدىغان ئاتا ـ ئانىلار ناھايىتى كۆپ ، لېكىن ئىدىيىۋى ئەخلاق ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى ئانچە كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ .

بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشىغا يول قويمايدۇ .

بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئويۇنغىلى ، تېلېۋىزور كۆرگىلى ، دوست تۇتقىلى قويمايدۇ ، پەقەت ئىشىكنى تاقاپ كىتاب ئوقۇشقىلا مەجبۇرلايدۇ .

بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى دەرسلىكتىن باشقا كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇشقا يول قويمايدۇ .

بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىزدەپ كېلىپ ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى ، ئوقتىلىق مەكتەپكە ئۆتەلەيدىغان ـ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى سورايدۇ ـ يۇ ، ئۇلارنىڭ

قىزىقىشى، ھەۋىسى، تەنتەربىيە ئاساسى ۋە قابىلىيىتى دېگەنلەرنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

(2) تۆيۈق يولغا كىرىپ قېلىش.




(3) تۆيۈق يولدىن قانداق چىقىپ كېتىش كېرەك؟

بىرىنچى، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بالىلارغا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئائىلە تەربىيىسى كەسپداشلىرىنىڭ ئورتاق قارىشى، بۇ ھەم دۆلەتنىڭ قانۇن - مىزان خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىدىمۇ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى پەرزەنتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشىنى ياخشى باشقۇرۇش بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بالىلارنى چوڭ بولغاندا ياخشى كەسىپنىڭ ئىگىسى قىلىش، كۆپ پۇل تېپىپ ياخشى كۈن كەچۈرەلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. دەرۋەقە، مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر، ئاتا - ئانىلار مەكتەپلەرگە ماسلىشىپ، بالىلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم، لېكىن بۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھىم نۇقتىسى ئەمەس ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئائىلىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئالاھىدىلىكى (قانداشلىق مۇناسىۋىتى ، تەربىيىچانلىقى ، نوپوزلۇقلۇقى ، قاراتمىلىقى ، سىجىلچانلىقى ، ۋارىسلىق خاراكتېرى ، جانلىقلىقى ) گە قارىتىلىشى ، بالىلارنىڭ ئەخلاق ۋە ئادىمىيلىك جەھەتتىكى تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم . ئۇنداق بولمايدىكەن ، تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالىدىغان ، بالىلارغا قارىتىلغان تەربىيە نەق جايىغا يەتمەيدىغان ، چوڭ تەرەپ تۇتۇلماي قالىدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ . شياڭگاڭنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى دوڭ جيەنخۇا مۇنداق دەيدۇ : «مەن نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ ، بىر تىيىنمۇ قالمىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم ، لېكىن ئاخىر يەنىلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم . مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم دادامنىڭ مېنى ۋەتەننى سۆيۈش ، قەيسەر خىسلەتلىك بولۇش جەھەتتە كىچىكىمدىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلىگەنلىكىگە باغلىق .» خېبېي ئۆلكىسىدىكى كاتتا كارخانىچى ماشىڭلىمۇ : «مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم ئانامنىڭ مېنى قەيسەر روھلۇق قىلىپ تەربىيىلىگەنلىكىگە باغلىق .» دەيدۇ .

شۇنى كۆرۈش كېرەككى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، يېڭى كۆزقاراش ، يېڭى كەيپىياتلار ئەتراپىمىزدا ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەكتە ، لېكىن شۇنىمۇ كۆرمەي بولمايدۇكى ، ئوغرىلىق ، ئالدامچىلىق ، قاتىللىق ، زىناخورلۇققا ئوخشاش خىلمۇخىل رەزىل قىلمىشلار ھېلىمۇ ساقلانماقتا . ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى ، جەمئىيەتتىكى ياخشى ـ يامان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئائىلىگە سىڭىپ كىرمەي قالمايدۇ ، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار ئەخلاق تەربىيىسىگە سەل قارىسا ، ئائىلىگىلا ئەمەس ، جەمئىيەتكىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ .

ئەقلىي تەربىيە ياخشى بولمىسا ، بالىلار يارامسىز بولۇپ

قالدۇ، جىسمانىي تەربىيە ياخشى بولمىسا، ئاجىز بولۇپ قالىدۇ، ئەخلاقىي تەربىيە ياخشى بولمىسا، خەتەر چىقىدۇ.

شۇڭا بالىلارغا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. بىز چوقۇم بالىلارنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم. بالىلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ياخشى بولمىسا، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئۈچۈنمۇ بىر بالايىئاپەت بولىدۇ. بالىلارنى ئادەم بولۇشقا قانداق يېتەكلەش مەسىلىسى ئۈستىدە بىز كېيىنكى مەزمۇندا مەخسۇس توختىلىمىز.

## 3. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى جەھەتتىكى تۇيۇق يول

(1) ئائىلە تەربىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

بىرىنچى، «ئەر تالانىڭ، ئايال ئۆي ئىچىنىڭ» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇن ئەرلەر ئائىلە ئىشلىرىنى شۇنداقلا بالىلارنى تەربىيىلەشنى ئايال كىشى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى كۈنلەردە بەزى ئاتىلار سودا ۋە مېھماندوستلۇق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى كەسپكە، خىزمەتكە بېرىلىپ كېتىپ، بالىلىرى بىلەن مۇڭدىشىدىغان ۋاقىت چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئاتىلارنى ئەمەلىيەتتە بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمەي، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى، دېسەكمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى، تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ئائىلە قۇرۇلمىسى بەزى ئاتىلارنى تەربىيىلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە «ئاياللار قاتتىق باشقۇرىدىغان» (چىگۈەنيەن 妻管严) ھادىسە مەۋجۇت، ئاياللار ئۆيىنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى

چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئەرلەر ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا بولۇپ قالدى، بۇنى ئاز دەپ يەنە «بالىلار قاتتىق باشقۇرىدىغان» ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى، بالىلار ئۆيدە پادىشاھ بولۇۋېلىپ، ئاتىلىرى ئۇلارغا قۇل بولۇپ قالدى. ئائىلە مۇناسىۋىتى قۇرۇلمىسىدىكى بۇنداق تەڭپۇڭسىزلىق ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇل-كېسىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئاساسىنىمۇ يوققا چىقاردى. بۇنداق ئائىلىلەردە ئاتىنىڭ نوپۇزى قالمىدى، بالىلارنى تەربىيىلەي دېسىمۇ ئاقمايدىغان، رولى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاتا ئەركەكلەرنىڭ ۋەكىلى، ئائىلىدە ئاتا دېگەن ئاتىدەك بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئاتا پۈتۈنلەي ئانىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە سۆزلىسە، بالىغا ئەرلەرچە تەپەككۇر ۋە خۇلق ئۆگىتەلمەي قالىدۇ. بۇنداق ئائىلىدە چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان ئانىلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، سىز بالىڭىزنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنى ھۆرمەتلىمىسىڭىز بالىمۇ دادىسىنى ھۆرمەتلىمەيدۇ، ئاخىردا بالىمۇ سىزنىڭ يامان قىلىقىڭىزنى ئۆگىنىپ، سىزنى ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاتا بولغۇچىمۇ بالىغا ئائىلىدە ئەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ پىكىر قىلىش ھەم ھۆكۈم قىلىشنى بىلدۈرۈشى لازىم. ئەرلىك ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئاتا بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىيەلمەيدۇ، بۇ نۇقتىنى ئانىلار ياخشى چۈشىنىشى زۆرۈر.

ئۈچىنچى، ئاتا-بالا مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشى بەزى ئاتىلارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان قىلىپ قويىدى. ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، بەزى ئاتىلار خىزمەت ئورنىدا رەھبەر بولۇپ، چوڭلارنى باشقۇرۇپ كۆنۈپ قالغاچقا، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە بالىلىرىغىمۇ رەھبەرلەرچە مۇئامىلە قىلىدۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ

تەنبىھ بېرىدۇ ، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ، ھە دېسىلا چوڭ داۋلىلارنى سۆزلەيدۇ . بالىلار بۇنداق ئاتىلارنى ياقتۇرمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ ، ئاتىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدىغان ھەتتا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

دائىم كۆرۈلىدىغان يەنە بىر خىل ئەھۋال ، ئاتىلار بالىلارنىڭ پسىخىك يېتىلىش قانۇنىيىتىنى ياخشى بىلىپ يېتەلمەيدۇ . بالىلار ئۆسمۈرلۈك يېشىدىكى ئىككىنچى قارشىلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندا ، ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتى ئادەتتە ئاسان جىددىيلىشىپ قالىدۇ ، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىلار ئاتىسى بىلەن ئاسان قارشىلىشىپ قالىدۇ . بۇ چاغدا بەزى ئاتىلار بالىلارغا تەربىيە قىلىشتىن بېشى قېتىپ ، بالىلار بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ياكى ئاۋارىچىلىكنى بىراقلا ئانىلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ كارى بولماي ، تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كېچىدۇ .

(2) تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىش




(3) تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك ؟

بىرىنچى ، ئاتا بىلەن ئانا ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ، بىرلىك ھاسىل قىلىشى كېرەك . ئېلىمىزدىكى ئەنئەنىنىڭ تەسىرىدە ئادەتتە كەسىپ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەرلەر ئاياللاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ . بالىلارنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ تونۇش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆكۈم قىلالايدىغان بولىدۇ. ئۇلار بەزى ئانىلارنىڭ يېپىدىن ـ يېڭىنىسىغىچە زىغىرلاپ ئولتۇرىدىغان، كوتۇلدايدىغان قىلىقلىرىدىن بىزار بولىدۇ، ئاتىلارنىڭ قارنى ـ كۆكسى كەڭ، كەسكىن، مۇستەقىللىقى كۈچلۈك، كىچىك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان خاراكتېرىنى ياقتۇرىدۇ.

ئادەتتە ئاتىلار بىرقەدەر ئىدراكلىق كېلىدۇ، باللارنىڭ ئىرادىسى، مۇستەقىللىقلىقى ۋە قەيسەرلىكىنى يېتىلدۈرۈشكە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئاتىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە جانلىق تەپەككۇر قىلىشىغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىكەن. دادىسى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرمىغان باللارنىڭ يۆلىنىۋېلىش خاراكتېرى كۈچلۈك، تەشەببۇسكارلىقى ئاجىز بولىدىكەن. مەلۇم بىر مۇتەخەسسىس دادىسى بىلەن بىر ھەپتىدە كۆرۈشىدىغان ۋاقتى 6 سائەتكە يەتمەيدىغان ئوغۇل بالا بىلەن دائىم دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان بالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، كېيىنكى بالىنىڭ سىنىپتىكى نەتىجىسى ئالدىنقى بالىنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشى چىققان.

ئاتىلارنىڭ باللارغا قارىتا جىنسىي رولىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئانىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاتا تەربىيىسىنىڭ تەسىرى كەمچىل بولغاندا، جىنسىي رولىنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئاسانلىقچە توسالغۇ كېلىپ چىقىدۇ، ياكى جىنسىي رولىنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسىدە مەسىلە كۆرۈلىدۇ، باللارنىڭ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنكى جىنسىي ھەرىكىتى ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىمۇ ئانىنىڭ ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاتا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئاياللار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئائىلىلەرنىڭ

تەربىيىسى بالىلارنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ۋە يېتىلگەن مەزگىلىدە يات جىنسلار بىلەن ئالاقە قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، ھەتتا مۇھەببەت ، نىكاھ ئىشلىرىغىمۇ قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ .

شۇڭا ، ئائىلە تەربىيىسىدە ئاتا بىلەن ئانا ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى ، تەربىيىدە بىرلىك كۈچ ھاسىل قىلىشى لازىم .

ئائىلە تەربىيىسىدە ئەرلەرنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ياخشى ھادىسە ئەمەس . بۇ ئاتىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى لازىم . ئائىلە تەربىيىسىدە ئاتا بىلەن ئانا رولىنى تەڭ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك . جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن «ئاتا قاتتىق بولۇش ، ئانا مېھرىبان بولۇش كېرەك» دەپ قاراپ كەلگەن . بۇ ئائىلە تەربىيىسىدە ئاتا بىلەن ئانىنىڭ رولىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەگەر ئاتىنىڭ رولى ئانا بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالسا ، ياكى ئاتا ئۆزىنىڭ تەربىيىلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا ، ئۇ چاغدا بۇ ئائىلىدە پەقەت-بىرلا ئايال ياكى «ئىككى» ئانا بولۇپ قالىدۇ . ئاتىلار چوقۇم قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشى ، يېتىلگەن ئەرلەرگە خاس ئىدىيە ۋە قىممەت قارىشىنى ، ھۆكۈم ، ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيىنى ئىپادىلىشى لازىم . ئاتىلار ، ئېسىللاردا بولسۇنكى ، بالىلار سىلەرنىڭ ئوبرازىڭلارغا قاراپ چوڭ بولىدۇ .

ئانىلار ئۇلۇغ ، ئاتىلار بۈيۈك ، ئائىلە تەربىيىسىدە چوقۇم «ئاتىلىق ھوقۇقى» بولۇشى كېرەك .

www.uyghurkitap.com

# ساپا مائارىپى ۋە ئائىلە مۇھىتىنى ياخشىلاش

ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئوقۇتقۇچىسى .
ئائىلە ئىناق بولسا ھەممە ئىش راۋاجلىنىدۇ .
بالىلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ، ئىمتىھان مۇۋەپپەقىيىتىدە ئىپادىلىنىشكە قارىغاندا ئائىلە مۇھىتىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ .

ساپا مائارىپى بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئەتراپلىق ، ماس ھەم تولۇق تەرەققىي قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . بالىلارنىڭ تەرەققىياتى تۇغما قابىلىيەت ، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . ئائىلە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ مۇھىت ئىچىدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىم ، شۇنداقلا ئاساسىي مۇھىتتىن ئىبارەتتۇر .

ئائىلە مۇھىتى دېگىنىمىز — بالىلار ياشاۋاتقان ھەم ھەر خىل تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ئائىلىدىكى ماددىي ، مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ، ئۇ ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر .

ماددىي مۇھىت دېگىنىمىز — ئائىلە بۇيۇملىرى ، جاھازلارنىڭ تىزىلىشى ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ . مەنىۋى مۇھىت بولسا ، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ، تۇرمۇش شەكلى ، ئالاقە ئۇسۇلى ، ئىستېمال ئۇسۇلى ، تەربىيە ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرى ئاستىدا

ئـائـىلىدە مەدەنىي كەيپىيات شەكىللىنىدۇ . باللار تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ، مۇئەييەن ئائىلە مۇھىتى ئىچىدە ياشايدۇ . ئۇلار دۇنـيـاغا كۆز ئاچقاندا ، كىشىلەر ، شەيئىلەر ، ۋەقەلەر ھەمدە مۇشۇلاردىن شەكىللەنگەن مۇھىت ، كەيپىيات بىلەن ئۇزلۇكسىز ئۇچرىشىدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدە ۋە ھەرىكەت شەكلىدە چوڭقۇر ئـىـز قـالـدۇرىـدۇ ھەتتا ئۇلارغا مەڭگۇلۇك ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن .

بـالـىلار ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ، گەرچە ئائىلىنىڭ كىچىك مۇھىتىدىن بىر قەدەر چوڭ مۇھىتقا كىرسىمۇ ، ھەر كۈنى مەكتەپتە بولىدىغان ۋاقتى 6 ~ 7 سائەتتىن ئاشمايدۇ ، ئـائىلە يەنىلا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ياشاش مۇھىتى ھېسابلىنىدۇ ، بۇ مۇھىتتا بالىلارنىڭ كۆرگەن ، ئـاڭـلـىـغـانـلىرى ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسىتىپ ، بـالـىـلارنـىڭ خاراكتېرىنى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە مىجەز ـ خـۇلـقـىنى يېتىلدۇرىدۇ ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەم تۇرمۇش سـۇپـىـتـىـگـە تـەسـىـر كـۆرسـىـتىدۇ . بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «مائارىپقا بايلىق يوشۇرۇنغان» دېگەن كىتابىدا 21 ـ ئەسىردىكى مائارىپنىڭ تۆت چوڭ تۈۋرۈكى بىلىم ئۆگىنىش ، ئىشلەشنى ئـۆگـىـنـىـش ، ئورتاق ياشاشنى ئۆگىنىش ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ، دەپ كۆرسىتىلگەن . ئائىلە مـۇھىتى ئۆسمۈرلەرنىڭ يۇقىرىدىكى تۆت جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 1 . ئائىلىنىڭ ماددىي مۇھىتىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ

ئائىلىدىكى تىزىپ قويۇلغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ تاللىنىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ھەۋەس ۋە قىزىقىشى، ئېستېتىك ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەگەر بالىلار دېرىزىلىرى پاكىز، نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ قويۇلۇشى رەتلىك، رەڭلەر ماسلاشقان، ھاۋاسى ساپ، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان، يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇرغان ئائىلىدە ياشىسا، بۇ ئائىلە ئۇلارغا ئىللىق تۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئۆيدىكى كىتاب جاھازىسىغا خىلمۇخىل كىتابلار تىزىپ قويۇلغان بولسا، بالىلاردا مەن قاچان مۇشۇ كىتابلارنى ئوقۇغۇدەك بولارمەن، دېگەن ئارزۇ تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئۆيدە بالىلارنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە كىچىككىنە جاي بولۇپ، ئۇ يەرگە بالىلار ياقتۇرىدىغان ئۆگىنىش ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلسا، بۇ ئائىلە بالىلارغا تېخىمۇ سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ. بۇنداق ياخشى مەدەنىي كەيپىياتنىڭ تاۋلىشى نەتىجىسىدە، بالىلاردا تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان ئۇمىدۋار ھېسسىيات ئاسان شەكىللىنىدۇ، بۇ، بالىلاردا ياخشى مىجەز ـ خۇلق، ئېسىل روھ، ساغلام بەدەن، ئالىيجاناب ئېستېتىك ھېسسىيات ھەم پاكىزلىقنى سۆيىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە نىسبەتەن ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەكسىچە، بىز بەزى ئائىلىلەرنىڭ پاسكىنا ھەم قالايمىقان

ئىككەنلىكىنى، ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنىڭ تىقما ـ تىقما دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. باللار بۇنداق مۇھىتتا ياشىسا ئىچى تىتىلداپ، بىئارام بولۇپ، بىزارلىق ياكى سىقىلىش ھېس قىلىدۇ، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ياخشى بولمايدۇ.

بەزى ئائىلىلەردە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە لازىمەتلىكلەر مول بولسىمۇ، لېكىن ياخشى كىتابلار، ئېسىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى كەمچىل بولىدۇ، بۇنداق شارائىت باللارنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئىشتىياقىنى، ياخشى ھەۋەسلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغىمۇ پايدىسىز.

ئۆي باشقىلار ئۈچۈن كۆرگەزمىخانا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆگىنىشكە، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق جاي بولۇشى كېرەك، بەزى ئائىلىلەر بولسا، پاكىزلىققا ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەم ئەيمىنىدىغان دەرىجىدە ھەشەمەتلىك بېزىلىدۇ، باللىرىغا بولسا ھېچ نەرسىنى تۇتقۇزمايدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، باللار ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، شوخ كېلىدۇ، ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ، بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئالدىنقى شەرت، شۇڭا ئۇلارنى ھەرگىز چۈشەپ قويماسلىق كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئائىلىلەرنىڭ ماددىي مۇھىتىنى ياخشىلاشتا تۆۋەندىكىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك:

(1) پاكىز، رەتلىك، كۆركەم، مۇۋاپىق بولۇش.

(2) پايدىلىنىشقا ئەپلىك، قۇلايلىق، ئازادە بولۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(3) بالىلارغا مۇۋاپىق بولغان تۇرمۇش مۇھىتى ۋە زۆرۈر بۇيۇملار بولۇش . شارائىتى بارلار بالىلارغا ئايرىم ئۆي ، ئايرىم كىتاب ئىشكاپى هازىرلاپ بېرىش . شارائىتى تولۇق بولمىغانلارمۇ بالىلار ئۆگىنىشتە ئىشلىتىدىغان ئۈستەل ، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى سالىدىغان تارتما ئاجرىتىپ بېرىش ، كىتاب ئىشكاپىدا بالىلارنىڭمۇ كىتابى بولۇش لازىم .

(4) ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بالىلارنى ياخشى كىتابلار بىلەن كۆپرەك تەمىنلەش لازىم ، بۇ بالىلارنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدىكى هەمراهى ، ئىلگىرىلىشىدىكى پەلەمپىيى بولىدۇ .

## 2 . ئىناق ئائىلە كەيپىياتى بەرپا قىلايلى

ئائىلە هېسسىياتنى يېتىلدۈرىدىغان بىرىنچى مەكتەپ . ئائىلە سەممىمىي بولغان ، بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان ، بىر - بىرىنى هۆرمەتلەيدىغان ، بىر - بىرىگە ئىشىنىدىغان هېسسىياتقا تولغان بولۇشى كېرەك ، بۇ خىل ئىناق ، ئىللىق كەيپىيات تەبىئىي شەكىللىنىدىغان نەرسە ئەمەس ، ئۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرىدۇر . ئەگەر ئاتا - ئانىلار مۇشۇنداق ياخشى كەيپىيات يارىتالىسا ، بالىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ناهايىتى ئوبدان شارائىت هازىرلىنىدۇ ، ئىناق ئائىلىدە هەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ .

ئائىلىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت كەيپىياتى ئەر - ئايال مۇناسىۋىتى ، بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بالىلار

بىلەن ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ بالىلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە ئىجتىمائىيلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. قىسقىسى، بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**(1) ئائىلىدىكى كەيپىيات ۋە بالىلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى**

ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق كەيپىيات بالىلارنىڭ قەلبىگە ئىناقلىق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر جۈپ ئەر ـ ئايال ئالىم جىنايەت ئۆتكۈزگەن 500 ئۆسمۈر ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن 500 ئۆسمۈر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئالدىنقىلىرىنىڭ %80 ى ئىناق ئۆتمەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ، كېيىنكىلىرىنىڭ %61.8 ى ئىناق ئۆتىدىغان ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. رېئال تۇرمۇشتا بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئەپ ئۆتەلمەي زىتلىشىپ سوقۇشۇپ، ئۆي ئىچىدە دائىم «تاراڭ ـ تۇرۇڭ» قىلىشىدۇ، بالىلار قورقۇپ بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، يىغا ـ زارە قىلىشىدۇ، بەزىدە ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قېلىپ، بىكاردىن ـ بىكار ئۇۋالچىلىق تارتىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرالمىغان بۇنداق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەدىمۇ بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلگۇدەك ۋاقتى ۋە زېھنى بولىدۇ دەيسىز؟ بالىلار روھىي جەھەتتىن ئۇزۇن ۋاقىت ۋەھىمە، سىقىلىش، تىت ـ تىتلىق ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشىسا، ئاستا ـ ئاستا ھەممىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، چۈس مىجەزلىك بولۇپ قالىدۇ. يەنە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئاتا ـ ئانىلار ئەپ ئۆتەلمىسە، بىر ـ بىرىنى يامان تىللار بىلەن تىللاپ،

يۈز ـ كۆزلىرىنى قىيما ـ چىيما قىلىشسا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلار ئالدىدىكى ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، ئۇلار «ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ئەسلىدە مۇنداق ئادەملەر ئىكەن» دەيدۇ ـ دە ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى يوقاپ ، مۇھەببىتىمۇ سۇسلىشىدۇ . ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ ئىناۋىتى چۈشۈپ ، بالىلار ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ . بۇنداق ئائىلە تەربىيىسى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ .

ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار چىقىشالماي ئاجرىشىپ كەتسە ، ئانىسى ياكى دادىسىدىن ئايرىلغان بالىلارنىڭ كۆڭلى قاتتىق غەش بولۇپ ئازابلىنىدۇ ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ ، دۇنيادىن بىزار بولىدۇ ، جىنايەت يولىغا ماڭىدۇ ، ئائىلە تەربىيىسى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ . ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ، 40% ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر ئاجرىشىپ كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەن . ئاجرىشىپ كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى جىنايەت يولىغا ماڭمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۆگىنىش نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ . تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئائىلىلەردىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىناق ئۆتتۈراتقان ئائىلىلەردىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە قارىغاندا ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.5 نومۇر تۆۋەن ئىكەن ، ئەلا بولغانلىرىنىڭ نىسبىتى 13.62% ، لاياقەتلىكلىرىنىڭ نىسبىتى 5.95% تۆۋەن ئىكەن . ئەكسىچە ، ئىناق ، بەختلىك ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ، شاد ـ خۇرام بولۇپ ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ،

ئۆلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىدە ئۈمىدۋار ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ، تەشەببۇسكار ، ئاكتىپ خاراكتېرنى يېتىلدۇرىدۇ .

### (2) ئائىلىدىكى كەيپىيات ۋە بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى

بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۆزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدىن ئىبارەتتۇر . ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن ، تەربىيىلىنىش ۋە مۇھىتنىڭ تاۋلىشى نەتىجىسىدە تەدرىجىي ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشالايدىغان ، رېئال تۇرمۇشتا ياشىيالايدىغان ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ، چوقۇم بىلىم ئىگىلىشى ، قابىلىيەت ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۆلچەملەرنى ئىگىلىشى لازىم . كىشىلىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىشمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى .

بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تونۇشمۇ ئائىلىدىن باشلىنىدۇ ، ياخشى ئائىلە مۇناسىۋىتى بالىلاردا كۆيۈمچانلىقنى ، ھېسداشلىقنى ، ئەپۇچانلىقنى يېتىلدۈرىدۇ ، بالىلار ئەدەپ - ئەخلاقنى ئۆگىنىدۇ . ئائىلىۋى مۇناسىۋەت ياخشى بولمىسا ، بالىلار بىر - بىرىنى يەكلەيدىغان ، قورساق سوقۇشى قىلىدىغان ، بىر - بىرىنى ئالدايدىغان ، قوپاللىق ، يولسىزلىق قىلىدىغان كەيپىيات ئىچىدە ياشىسا ، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، بالىلار بۇنداق مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتنى مەكتەپكە ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئېلىپ كىرىدۇ - دە ، بۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن زور بولىدۇ .

باشلانغۇچ مەكتەپ دەۋرى بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشقا بۇرىلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەزگىلى ، بۇ مەزگىلدە بالىلار ئائىلىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دۇچ كېلىدۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىلمۇخىل ئادەملەر ۋە ئىشلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ ، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلاردىن خالىي بولالمايدۇ ، بالىلار بۇنداق مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلغان چاغدا ئائىلىدە ئۆگەنگەن پوزىتسىيە ۋە قىلىقلارنى قوللانماي قالمايدۇ . دېمەك ، ئىناق ئائىلىۋى كەيپىياتنى بەرپا قىلىش بالىلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش تەرەققىيات يۆنىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ .

**(3) ئائىلە كەيپىياتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشىلايلى**

ۋىكتور گېيئوگو : «كىشىلىك دۇنياسىدا مۇھەببەت بولمىسا ، قۇياشمۇ ئۆلىدۇ .» دېگەنىدى . مۇھەببەت بولمىسا دۇنيامۇ ، تەلىم ـ تەربىيىمۇ بولمايدۇ . مۇھەببەت بولمىسا ، ئائىلىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ .

ئاتا ـ ئانىلارغا نىسبەتەن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تەلىم ـ تەربىيە سەنئىتىدىنمۇ مۇھىمراقى ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە ساقلاش ، بۇنداق مۇھەببەت كۈچ ، ئىلھام ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەيىدۇر . ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىنى مۇھەببەتكە تولغان ئىللىق ماكانغا ئايلاندۇرۇشى ، ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنى بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت بېغىشلايدىغان ، مۇھەببەت نۇرىغا چۆمۈلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشى لازىم .

بىرىنچى ، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىنى سۆيىدىغان ئىناق مۇناسىۋەت ئائىلىدىكى ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىدۇر . ئەگەر ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرمىسە ، قايىل بولمىسا ، ھۆرمەتلىمىسە ۋە ئۆزئارا تايانمىسا ، باشقا ئەزالىرىمۇ ئىناق ئۆتەلمەيدۇ .

پەقەت ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئائىلە رىشتىسى ئۈزۈلمەيدىغان سۆيۈملۈك ئائىلە بولالايدۇ .

بالىلارنى سۆيىدىغان ھەربىر ئاتا ـ ئانا ئەر ـ خوتۇن

ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى قەدىرلىشى ، بالىلارنى ياخشى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۆزئارا چوڭقۇر مۇھەببەت ئورنىتىشى لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا ، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئۈزۈلمەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بالىلارغىمۇ ئاتا - ئانىلىق مۇھەببىتىنى ئادا قىلالايدۇ . ئاتا - ئانىلار ئاجرىشىپ كېتىش پاجىئەسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشى لازىم .ئەگەر ئاجرىشىپ كېتىپ ، يارىشىش مۇمكىنچىلىكى قالمىغاندا ، بالىلارغا تېخىمۇ كۆيۈنۈپ ۋە ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش كېرەك .

تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىز ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . ئەر - خوتۇنلار بىللە ياشاش جەريانىدا ئېگىز - پەس بولۇشتىن ، سۈركىلىشتىن ھەتتا بەختسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ . نۆۋەتتىكى جەمئىيەتتە بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدە ، ئاتا - ئانىلار رېئال تۇرمۇشنىڭ ئېغىر خىرىسلىرىغا دۇچ كېلىپ ، تۇرمۇشتا ۋە خىزمەتتە دائىم ئىچى پۇشىدىغان ، بىئارام بولىدىغان ئىشلارغا يولۇقىدۇ . بەزى ئاتا - ئانىلار دەۋرنىڭ ئېقىمىغا ۋاقتىدا ماسلىشالماي ، كۆز ئالدىدىكى ئەھۋاللاردىن گاڭگىراش ھېس قىلىدۇ ، نارازى بولىدۇ . بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆز - ئۆزىدىن ۋايساپ ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ - دە ، ئائىلىدە غودۇڭشىپ ، ئاچچىقلىنىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل ئائىلە كەيپىياتىنى بۇزىدۇ ھەم بالىلاردا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىپ ، بالىلارغا يامان ئۈلگە بولۇپ قالىدۇ . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە ئىشىنىپ ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ ، بىر - بىرىنى ياخشى چۈشىنىپ ۋە ئەپۇ قىلىپ ، بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ياشىشى لازىم .

ئىككىنچى ، بالىلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت ئاتا قىلىش ھەم بالىلارنى كۆيۈمچان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم . دېككىنىس مۇنداق

دېگەندى : «شەخسىيەتسىز ھەم ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان ئانا مۇھەببىتىنىڭ ياردىمى بولمىسا ، بالىلارنىڭ قەلبى چۆل - جەزىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ .» دۇنيادىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز بالىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ، لېكىن بالىلارنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولۇپ كېتەلمەيدۇ . گوركىي «بالىسىنى ياخشى كۆرۈش مىكياننىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ .» دېگەندى . شۇڭا ، ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ ، يەنە ياخشى كۆرۈشكە ماھىر بولۇش كېرەك . بالىلارغا مۇھەببەت ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى كۆيۈمچان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك .

① بالىلارغا تۇرمۇش جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ ، غەمخورلۇق قىلىپلا قالماستىن ، ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش لازىم . بالىلارغا مىللەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىنى ھەم دەۋر روھىنى سىڭدۈرۈش كېرەك .

② بالىلارغا ھەم قاتتىق ، ھەم مېھرىبان بولۇش ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىشىنىش ، دېموكراتىك ، باراۋەر بولغان ئاتا - ئانا ۋە بالا مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك . نۆۋەتتە ، ئېلىمىزدىكى ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھاكىممۇتلەق تىپى ، نوپۇز تىپى ، كەڭ قورساق تىپى ۋە ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىدىغان تىپ قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ . بىز ھاكىممۇتلەقلىققە ۋە ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىشكە قارشى تۇرىمىز ، نوپۇز ۋە كەڭ قورساقلىقنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىمىز ھەمدە كەڭ قورساقلىقنى ياقلايمىز .

ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر دېموكراتىك ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىشى ، شۇنداقلا بالىلارغا تولۇق

ئىنگىدارچىلىق ھوقۇقى ، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى ۋە شۇلارنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئەركىنلىكىنى بېرىش لازىم . بۇنىڭدىن باشقا، ئاتا ـ ئانىلار ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلىپ ، باللارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتمەسلىكى لازىم . باللار بىرەر ۋەزىپىنى مۇستەقىل ئورۇنداشتا قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ، ئۇلارغا ھەقىقىي ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىش كېرەك . باللارغا ياردەم بەرگەندە ، ھە دېسىلا پەند ـ نەسىھەت قىلماستىن ، مېغىزلىق ئاز گەپ قىلىش ، ئۇلگە يارىتىپ بېرىش ، ئۇلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . باللار ئىناق ، تىنچ كەيپىيات ئىچىدىلا ئەقلىنى ئۇرغۇتالايدۇ . بىز باللىرىمىز ئۈچۈن توغرا نىشانىنى بويلاپ جانلىق ، تېتىك ، پائال تەرەققىي قىلىدىغان كەيپىيات يارىتىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم .

③ ۋاقىت ئاجرىتىپ باللار بىلەن بىللە ئويناش ، بىللە كۆڭۈل ئېچىش ، بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش لازىم .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئاتا ـ ئانىلار قاتتىق بولۇش ، مېھرىبان بولۇش ، دوستانە بولۇشنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈشى زۆرۈر .

## 3 . ساغلام ، مەدەنىي تۇرمۇش مۇھىتىنى بەرپا قىلايلى

**( 1 ) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت شەكلى**

كىشىلەر جىددىي خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتىن كېيىن ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ، ئارام ئالغان چاغلىرىدا جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقتا پايدىلىق بولغان مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇغۇللىنىشقا دىققەت قىلىشى ، شۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ قەلبىنى تاۋلاپ ، قانداق ياشاشنى ئۆگىتىشى كېرەك .

كىچىچە ئۇخلىماي قارتا ئويناپدىغان ، مۇزىكىنى قۇلاقنى يارغۇدەك ئۈنلۈك قويۇۋالىدىغان ياكى بولمىسا ھۇرۇنلۇق ، بىكار تەلەتلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش ، شەھۋانىي سىنئالغۇ ۋە ساغلام بولمىغان كىتابلارنى ئۆيگە تېخىمۇ يېقىن يولاتماسلىق كېرەك .

**(2) ئائىلە قائىدىسىنى تۇرغۇزۇپ ، ياخشى ئائىلە ئىستىلىنى بەرپا قىلىش كېرەك**

ياخشى ئائىلە ئىستىلى بىر خىل شەكىلسىز كۈچ بولۇپ ، ئۇ بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭگۈشتەر ھېسابلىنىدۇ . ياخشى ئائىلە ئىستىلىنى بەرپا قىلىپ ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئائىلە قائىدىسىنىڭ كاپالىتى بولۇشى كېرەك . دۆلەتنىڭ قانۇنى ، ئائىلىنىڭ قائىدىسى بولىدۇ . پەرزەنتلىرى ياخشى تەربىيىلەنگەن ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن ئائىلە قائىدىسى ۋە قائىدە - يوسۇنى بولىدۇ .

ئائىلە قائىدىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئائىلە تۇرمۇشى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئۆلچەمدىن ئىبارەتتۇر . ئۇ ئائىلىدىكى ئۆلچەم مەدەنىيىتىدۇر . دۇرۇس ئائىلە ئىستىلى ئائىلە قائىدىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە چەكلەش رولىنىڭ نەتىجىسىدۇر .

بىزنىڭ نۇرغۇن ئائىلىلىرىمىزدە ئائىلە قائىدىسى يوق ، بالىلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان ئەھۋال ئېغىر . بەزى ئائىلىلەردە ئائىلە قائىدىسى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ئەستايىدىل يولغا قويمايدۇ . ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئېتىبارسىز قارايدۇ . بۇنداق ھادىسىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەك . ئائىلە قائىدىسىنى قانداق

تۇزۇش كېرەك ؟
بىرىنچى ، مەزمۇنى :
① جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ، ئەمگەكچان ، جاپاغا چىداملىق ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ؛ دېموكراتىك بولغان ، ئېچىۋېتىلگەن ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك .
② مۇھىم نۇقتىنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇش ، كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق كۈندىلىك ھەرىكەت ئۆلچەملىرىگە قارىتىش ، يۈرۈش ـ تۇرۇش ، ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا قارىتا مۇناسىپ بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈش كېرەك .
③ ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىپ ، ئائىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان بولۇش كېرەك .
ئىككىنچى ، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىل بولۇش كېرەك . بىر ماقال ـ تەمسىل ، ئىبرەتلىك سۆز ، شېئىر ، بېيىت شەكلىدە بولسىمۇ ، قائىدە ـ تۈزۈم شەكلىدە يېزىپ چىقىلسىمۇ ، كېلىشىم شەكلىدە بولسىمۇ بولىدۇ . ئۇ چوقۇم ئەستە تۇتۇشقا ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشكە قۇلايلىق بولۇشى كېرەك .
ئۈچىنچى ، ئۇسۇل جەھەتتىن ئۇنى تۈزۈشكە پۈتۈن ئائىلە قاتنىشىشى لازىم ، بۇنداق قىلغاندا ، ئاڭلىق ئەمەل قىلىشقا ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقلىنى جارى قىلدۇرۇشقا ، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق بولىدۇ .
تۆتىنچى ، تۈزۈپ چىقىلغان ھامان قەتئىي ئىجرا قىلىش ، تاختا بېشىغا ئېسىپ قويماسلىق ، ھە دېگەندىلا ئۆزگەرتىپ يۈرمەسلىك كېرەك .

### (3) ئوچۇق - ئاشكارا كىشىلىك ئالاقە شەكلى

ھەممە ئادەمگە دوست كېرەك، بالىلار تېخىمۇ شۇنداق، دوست - بۇرادەرسىز ئۆتكەن ئۆسمۈر بەختسىز ھېسابلىنىدۇ.

دوست تۇتۇشقا ماھىر بولۇش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى بولۇشى لازىم. ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى كۈچلۈك ئادەملەر ئۆزىنى ئىپادىلەشكە، باشقىلارنى چۈشىنىشكە، جەمئىيەتكە ئارىلىشىشقا ماھىر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىلا يەردە دوستى بولىدۇ، تۇرمۇشى خۇشال - خۇرام، مەنىلىك ئۆتىدۇ، كەسىپ جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىمۇ بۇ زور رول ئوينايدۇ. بەزى تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى كەمچىل بولغاچقا، دوستلىرى كۆپ بولمايدۇ ھەتتا دوستى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەككە - يېگانە قېلىپ، تالانتىنى ياخشى نامايان قىلالمايدۇ، تۇرمۇشتا ۋە كەسپىتىمۇ ئىشلىرى راۋان بولماي قالىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىلاشقان جەمئىيەت بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىۋاتىدۇ. كىشىلىك ئالاقە ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى، ھەمدە ئۇ ساپا تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى. ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى بولسا ئائىلىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقە شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئاتا - ئانىلار كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى، دوست تۇتۇشنى خالايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ماھىر كېلىدۇ، بەزى ئائىلىلەر ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، بېكىنمە ھالەتتە ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۈگۈنكى شەھەر ئاھالىلىرى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردىن ئايرىلىپ، بىنالارغا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا ئالاقىسى تەدرىجىي ئازىيىپ قالدى. جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن بالىلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان بەزى

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ پائالىيەت سورۇنىنى بالكون بىلەنلا چەكلەپ قويىدى . بۇنداق مۇھىتتا بالىلار شۇبھىسىزكى ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئاجىز ، ئالاقە قىلىشتىن قورقىدىغان ، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالىدۇ ، كەلگۈسىدە ئۇلار مۇرەككەپ كىشىلەر توپى ئارىسىدا قانداق ياشاپ ، قانداق خىزمەت قىلىدۇ ؟

شۇڭا ، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ، كىچىكىدىن باشلاپ كوللېكتىۋىزملىق ئاڭ ۋە ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئاتا ـ ئانىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى . ئوچۇق ـ ئاشكارا كىشىلىك ئالاقە شەكلىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ، ئاتا ـ ئانىلار تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇندىشى لازىم :

بىرىنچى ، ئاتا ـ ئانىلار باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشى ، كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى ، قىزغىن ، مېھماندوست بولۇشى ، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشى ، ئەدەپلىك بولۇشى ، ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلماسلىقى ، گەپ توشۇماسلىقى ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشى . . . . . ، ئوچۇق ـ ئاشكارا كىشىلىك ئالاقە شەكلىنى بەرپا قىلىشى لازىم .

ئىككىنچى ، بالىنىڭ ساۋاقداشلىرىغا قىزغىن بولۇشى ، بالىلارنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى قوللىشى ، بالىلارنى دوست تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلارنىڭ قانداق دوست تۇتقانلىقىغا دىققەت قىلىشى ، ئۇلارنى ۋاقتىدا يېتەكلىشى ، دوست تاللاشقا ماھىر قىلىپ چىقىشى ھەم ئۆزىنى قوغداشنىمۇ ئۆگىتىشى لازىم .

ئۈچىنچى ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئانچە ـ مۇنچە دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭكىگە بېرىشى ، ئۆيگە مېھمان

كەلگەندە باللارنى چىقىرىپ مېھمان كۈتۈشنى ئۆگىتىشى لازىم .

ئاتا ـ ئانىلار ، بىز ئەقىل ـ پاراستىمىز ۋە يۈرەك قېنىمىزنى سەرپ قىلىپ باللىرىمىز ۋە ئۆزىمىز ئۈچۈن ياخشى بىر ئائىلە مۇھىتىنى يارىتايلى ، بۇ مۇھىت باللارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن شەكىلسىز مەكتەپ بولسۇن ، ئائىلىنى مەڭگۈ بەختلىك قىلسۇن .

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1 . نېمە ئۈچۈن ئىناق ئائىلە كەيپىياتىنى ئىنتايىن مۇھىم دەيمىز ؟ ئائىلىڭىزدىكى مۇناسىۋەت كەيپىياتى قانداق ؟

2 . بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر قېتىملىق پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇڭ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاتا ـ ئانىلار قانداق قىلغاندا مەكتەپلەر بىلەن ساپا مائارىپى جەھەتتە ئاكتىپ بىرلىشەلەيدۇ ؟

21 ـ ئەسىردىكى مائارىپ مەكتەپ ، ئائىلە ، جەمئىيەت ئۆزئارا هەمكارلىشىدىغان مائارىپ بولىدۇ .

ئائىلە ، مەكتەپ ، جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ بىردەك بولماسلىقى باللارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇلارنىڭ بىرى .

ئاتا ـ ئانىلار مەكتەپلەر تەشكىللىگەن هەرخىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشى لازىم ، بۇ پائالىيەتلەر باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

## 1 . ئائىلە بىلەن مەكتەپ ساپا مائارىپىدا بىردەكلىكنى ساقلىشى لازىم

19 ـ ئەسىردىكى روسىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى كرىلوۋ يازغان «ئاققۇ ، بېلىق ۋە راك» دېگەن مەسەلدە مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ ؛ بىر كۈنى بېلىق ، راك ۋە ئاققۇ بىرلىشىپ يولدا تۇرغان بىر هارۋىنى سۆرەپ پەسكە چۈشۈرمەكچى بوپتۇ . بۇ ئۈچىسى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ ، هارۋىنى ئورنىدىن زادىلا قوزغىتالماپتۇ . بۇ هارۋىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى سەۋەب باشقا يەردە ئىكەن ؛ ئاققۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ كۆتۈرۈپتۇ ، راك ھە دېگەندىلا كەينىگە ئىتتىرىپتۇ ، بېلىق بولسا كۆلگە سۆرەپتۇ . نەتىجىدە هارۋا ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ .

بۇ مەسەل بىرگە كۆپچىلىكنىڭ نىشانى بىردەك بولسىمۇ ، لېكىن كۈچىگەن يۆنىلىش ئوخشاشمىسا ، كۆپچىلىكنىڭ كۈچى بىكارغا كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئۇ بىزگە ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن كۆپچىلىك بىرگە ئىشلىگەندە ئىدىيە ، ھەرىكەت جەھەتتە بىردەك بولۇپ ، كۈچنى بىرلەشتۈرگەندىلا ، كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ . بالىلارنى تەربىيىلەشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ . بالىلار بىرخىل ئىجتىمائىي گەۋدە ، ھەرقانداق بىر بالا ئائىلىدىن ، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ . ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىت ھەر ۋاقىت بالىلارنىڭ روھىيىتىگە ، مەكتەپ تەربىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئادەتتە بۇنداق تەسىردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ . نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ئائىلە ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ بىردەك بولماسلىقى بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ساغلاملىقى ھەم تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ .

مەكتەپلەر بالىلارنى پاختا تېرىش ، قىزىلچا كولاش ئەمگەكلىرىگە تەشكىللىسە ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار «بالىلار قانچىلىك كىرىم قىلسا ، بىز شۇنچىلىك پۇل تۆلەيلى» دېگەن گەپلەرنى قىلىدۇ . مەكتەپ بالىلارنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن يازلىق لاگېرغا تەشكىللىسە ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بىر تالاي يېمەك ـ ئىچمەك ئەكىلىپ بالىلارنىڭ سومكىسىنى تولدۇرۇۋېتىدۇ . مەكتەپ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى تەشكىللىسە بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى چەكلەپ قويىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ، بىرى ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرەش ، يەنە بىرى ، بالىلارنىڭ جاپا تارتىپ قېلىشىدىن قورقۇش . بىر كۈنى ئاپتوبۇسقا بىر ئاق ساقال بوۋاي چىقىپ كېلىدۇ ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىچىك

قىز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ : «بوۋا ، سىز ئولتۇرۇڭ» دەيدۇ . قىزچاقنىڭ يېنىدىكى ئانىسى دەرھال ئۇنى ئورۇندۇققا بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ : « سەن ئۆز ئورنۇڭدا ئولتۇرۇۋەرگىن ، كىم سېنىڭ بوۋاڭ بولاتتى؟ بوۋاڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن . » دەيدۇ . 2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «نۇر گېزىتى» دە ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنياڭ شەھىرىدىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى بالىسىنىڭ «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى» ھەمدە پىئونېر بولالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ، مەكتەپكە كېلىپ ، سىنىپ مەسئۇلىنى ئۇرغانلىقى خەۋەر قىلىندى . يۇقىرىدىكى مىسالدىن ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىدە ئېغىر دەرىجىدە بىردەكلىكنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ، بىر تەرەپنىڭ تەربىيە ئۈنۈمى ، يەنە بىر تەرەپنىڭ سەلبىي تەسىرى تەرىپىدىن يوققا چىقىرىلىدۇ ، بالىلارنىمۇ گاڭگىرىتىپ ، ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ . بالىلار توغرا تەربىيىگە ئىگە بولسا ساغلام تەرەققىي قىلىدۇ ، ناچار تەسىرگە ئۇچرىسا بەلكىم تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن .

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ساغلام تەرەققىي قىلىشىدىكى ھالقىلىق ئامىل ، ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى ، ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ ، بالىلار ئۈچۈن ئىناق ، سۆز ۋە ھەرىكەت جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن ساپا مائارىپى مۇھىتىنى بەرپا قىلىشى لازىم ، بۇ بالىلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى .

ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سۈرۈش ئېلىمىز مائارىپىدىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش ، ئۇ ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان سىستېما قۇرۇلۇشى. شۇڭا، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپ ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئىدىيە ھەرىكەت جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاپ، بىر ـ بىرىنى قوللىغاندىلا، ساپا مائارىپىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بىرلىكتە يارىتالايدۇ.

## 2. ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى جەھەتتىكى خىزمىتىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم

ئاتا ـ ئانىلار مەكتەپلەرنىڭ ساپا مائارىپىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىشتا، يەنە چوقۇم ئوقۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن توغرا مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىشى، ئىشىنىشى، ئۇلارنى چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى لازىم. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خىزمەت ئورنى، ۋەزىپىسى ئوخشاشمايدۇ، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئورنىمۇ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار مەيلى خىزمەت ئورنىدا ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنگەن، مەرتىۋىسى يۇقىرى، ھوقۇقى چوڭ، پۇلى جىق بولسۇن ياكى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا ھامان بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى. بالىلار مەسىلىسىگە كەلگەندە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار باراۋەر ئورۇندىكى ھەمكارلاشقۇچى دوستلار ھېسابلىنىدۇ.

پسىخولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەمنىڭ ئېھتىياج قۇرۇلمىسى ئىچىدە باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىش ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىكەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېداگوگ سۇخوملىنىسكىي ئادەملەرنىڭ غۇرۇرىنى ئىنسانلار

قەلبىدىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ نازۇك تۇيغۇ، دەپ قارىغان، بۇنىڭ ھەقىقەتەن داۋلىسى بار. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى ئاددىي - ساددا ھەم جاپالىق بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى قىسقا ۋاقىتتا كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار بالىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېتىراپ قىلىشى جەريانىدا ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ھېس قىلىشى لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتىنى سەل چاغلىغاندا ياكى تۆۋەن كۆرگەندە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غۇرۇرى ئاسانلا زەربىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلىشى، غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم.

ھۆرمەتلەش چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ، شۇڭا ئاتا - ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگەك ئالاھىدىلىكىنى تىرىشىپ كۆپرەك چۈشىنىشى لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمى، قابىلىيىتى، ھېسسىياتى، ئىرادىسى، ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە سۆز - ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەمگەك ۋاسىتىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇرچى، ھالبۇكى، ئۇلار تەربىيىلەيدىغان ئوقۇغۇچىلار مۇستەقىل ئاڭغا ئىگە تىرىك ئادەملەر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگەك جەريانى ھەر ۋاقىت نۇرغۇن ئۆزگىرىشچان، ئىگىلەش تەس بولغان ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئامىللارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشى، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتقا قاراپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئوقۇتقۇچىلار ئەمگەك جەريانىدا ئۆزىنىڭ بىلىمى، ئىدىيىۋى پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، مۇستەقىل قارىشى ۋە پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگىكىگە ئەكس تەسىر

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى نوقۇل ئۆگىتىش جەريانى بولماستىن ، بەلكى كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلەش جەريانىدۇر . شۇ نۇقتىدىن بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنى شەرەپلىك ھەم جاپالىق ، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم ئۇنى ياخشى چۈشىنىشى لازىم ، دەيمىز . ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنى چۈشىنىش جەھەتتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك :

بىرىنچى ، ئۆزىنىڭلا تەجرىبىسى ، پوزىتسىيىسى ، ئوي ـ خىيالى ، بىلىمى ۋە قىممەت قارىشىغا ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلارغا تەلەپ قويماسلىقى كېرەك .

ئىككىنچى ، بالىنىڭ نەتىجە قازانغانلىقىنى بالىنىڭ ئەقىللىقلىقى ، ئائىلىنىڭ ياخشى تەربىيىسىگىلا مەنسۇپ قىلىپ ، بالىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ئوقۇتقۇچىلارغا ئارتىپ قويماسلىقى كېرەك .

ئۈچىنچى ، ئۆزىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ، يەنى مەن ئوقۇتقۇچى بولغان بولسام قانداق قىلاتتىم ، دەپ ئويلاش كېرەك ، مۇشۇنداق سېلىشتۇرغاندىلا ، ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنى چۈشىنەلەيدۇ ، ئەپۇ قىلالايدۇ ، ئۇلارغا نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە قاراش شەكىللىنىپ قالمايدۇ .

تۆتىنچى ، ئوقۇتقۇچىلارنى خالىغان سورۇندا باھالاپ ئولتۇرماسلىق كېرەك . ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئادەم ، «ئايىنىڭمۇ دېغى بولىدۇ ، نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ» . ئوقۇتقۇچىلار خىزمەت جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزمەي ، كەمچىلىك سادىر قىلماي قالمايدۇ ، بۇ تەرىپىنى ئاتا ـ ئانىلارمۇ بايقاپ ياردەم بېرىشى كېرەك . دەرۋەقە ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئادىل ، ئەتراپلىق باھا بېرىش ، ئۇلارنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تەنقىدلىگەندە ، ئېھتىياتچان بولۇش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش ، توغرا يول ئارقىلىق ئۆزىگە ياكى

مەكتەپكە ئىنكاس قىلىش، ھەرگىز كىشىلەرنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ئۇنداق - مۇنداق دەپ تەنقىدلىمەسلىك ھەتتا ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. بۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر خىل مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق قىلغاندا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلار قەلبىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يېتىپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا بەزى ئوقۇغۇچىلار: «ئاپام مېنى ناچار ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپسەن، ئەمدى ياخشى ئۆگىنەلمەيدىغان ئوخشايسەن، دەيدۇ» دېگەن. بۇنداق ھالەتنى ئاتا - ئانىلارمۇ كۆرۈشنى خالىمىسا كېرەك.

## 3. بالىلارنى ساپا تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك

بالىلارنى مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان ۋە غايىلىك قىلىپ تەربىيىلەشتە، بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىشتىن سىرت، يەنە مەكتەپ تەشكىللىگەن ساپا تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ھەرخىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۇرۇش لازىم. مەسىلەن، ① ئەتىگەنلىك ۋە دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا، كۆز ئاسراش گىمناستىكىسى، دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى؛ ② دەرستىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى، دەرستىن سىرتقى پەن - تېخنىكا كۇرۇژۇكلىرى، زېھىن سىناش ۋە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرى؛ ③ دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇش

پائالىيەتلىرى ؛ ④ جەمئىيەت تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ؛ ⑤ تازىلىق پائالىيەتلىرى ؛ ⑥ قارا دوسكا تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ؛ ⑦ ھەر خىل ئەمگەك ؛ ⑧ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ دىجورنىلىك قىلىش پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار . بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەقسەتلىك ھەم پىلانلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، جىسمانىي ، گۈزەللىك ۋە ئەمگەك تېخنىكىسى جەھەتتىكى ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىردۇر .

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، بالىلارنىڭ ياخشى ئىدىيىسى ، پەزىلىتى ، مۇستەقىللىقى ، ئىجادچانلىقى ۋە ئالاقىلىشىش ، قول سېلىپ ئىشلەش ، تىل ھەم تەشكىللەش جەھەتتىكى ئىقتىدارلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل پائالىيەتلەر جەريانىدا چېنىقىپ يېتىلگەن ، نۇرغۇن تالانتلىق كەسىپ ئىگىلىرىمۇ مۇشۇنداق پائالىيەتلەر جەريانىدا ئۈزۈپ چىققان ، ئىلگىرىكى گۈزەل - سەنئەت كۇرۇژۇكىدىكى ئىلغارلار بۈگۈن كاتتا رەسساملارغا ئايلاندى ، خور ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بولدى ، تەشۋىقات ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى كىنو چولپىنى بولدى ، ئەمگەك ھەيئىتى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولدى ، زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتناشقانلار سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ماھىرلىرىغا ئايلاندى . باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان نۇرغۇن زاتلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتىنى سۆزلىگەندە ، مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلىدە ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ، چېنىقىشنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ . شۇڭا ، ئاتا - ئانىلار دەرسخانىدىكى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت

بېرىپ ، دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىشلەرگە سەل قارايدىغان خاتا تونۇشنى يېڭىشى ، بالىلارنىڭ مەكتەپ تەشكىللىگەن ھەر خىل كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىششىنى ئاكتىپ قوللىشى ، بالىلىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كۇرۇژوكلارغا قاتنىششىغا ياردەم بېرىشى لازىم . بۇ پائالىيەت جەريانىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى جەريانغا ئەھمىيەت بېرىش ، نەتىجىسىنى بەك تەكىتلەپ كەتمەسلىك مەسىلىسىگە قويۇلۇشى ، يەنى ھە دېسىلا بالىلاردىن قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ، نەچچىنچى بولغانلىقىنى سوراۋەرمەسلىك ، بەلكى بالىلارنىڭ ئاكتىپ قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىغا ، ئەستايىدىل ئۆگەنگەن - ئۆگەنمىگەنلىكىگە ، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشالىغان ياكى ھەمكارلىشالمىغانلىقىغا ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىگەن ياكى بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم . بۇ جەرياندا بالىلارنى كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇش ، بالىلارغا «قاتنىشىش مۇھىم» ، «دوستلۇق بىرىنچى» ، «مەغلۇبىيەت غەلىبە قىلىشنىڭ ئانىسى» دېگەن پرىنسىپ ۋە ئىدىيەلەرنى سىڭدۇرۇپ ، بۇ پائالىيەتلەر جەريانىدا بالىلار ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك .

## 4 . ئاتا - ئانىلار قانداق قىلغاندا مەكتەپلەر بىلەن بىرلىكتە ساپا مائارىپىنى ياخشى يولغا قويالايدۇ ؟

**(1) ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش كېرەك**

ئاتا - ئانىلار پارتىيىنىڭ مائارىپ

فاڭجىن ـ سىياسەتلىرىنى، مەركەز، گوۋۇيۈەن ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى «قارار»، «پىكىر» ۋە تۈرلۈك كونكرېت بەلگىلىمە، تەلەپلىرىنى ئۆگىنىشى لازىم. بۇلارنى تولۇق ئەستە تۇتۇۋالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم پرىنسىپ، تەلەپلەرنى بىلىشى كېرەك. مەسىلەن، ساپا مائارىپى دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ساپا مائارىپى يولغا قويۇلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ زىيادە دەرس يۈكىنى يەڭگىللىتىش كېرەك؟ يۈكنى يەڭگىللىتىشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى يەڭگىللىتىلگەندىن كېيىن ئائىلە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش. ئۆزلىرى ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە ئاتا ـ ئانىلار مەكتىپىنىڭ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشى لازىم. ئاتا ـ ئانىلار ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەلىم ـ تەربىيە نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا تالانت قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە تەلىم تەربىيە ئۇسۇلىغا ئىگە بولغاندىلا، مەكتەپ بىلەن ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلىيالايدۇ. بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، باللارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ.

**(2) ئاكتىپ قاتنىشىش، ئورتاق تىرىشىش لازىم**

ھازىر نۇرغۇن مەكتەپلەر ھەر مەۋسۇمدا ئاتا ـ ئانىلار قاتنىشىدىغان پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى»، «ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى»، «ئاتا ـ ئانىلار ۋە باللار پائالىيىتى»، «يىللىقلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى»، «ساپا تەرەققىيات

سەۋىيىسى دوكلات يىغىنى» ، «ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئۈلگە كۆرسىتىش دەرسلىكى» دېگەنگە ئوخشاش . بۇنداق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى ، خىزمەت تەلىپىنى ، سىنىپلارنىڭ خىزمەت پىلانىنى ، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ ھەم ئائىلىدە قويىدىغان تەلەپلەرنى ، مەكتەپ ئاتا ـ ئانىلارغا يەتكۈزىدىغان بالىلارنى توغرا تەربىيىلەش ھەققىدىكى بىلىملەرنى ، توغرا ئائىلە تەربىيىسى ئۇسۇلىنى ، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەكتەپلەر بىلەن ماسلىشىشى توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى بىلىۋېلىشى ، چۈشىنىشى لازىم . سەۋەب كۆرسىتىپ پائالىيەتلەرگە قاتناشماي ، بالىلارنى نائۈمىد قويماسلىقى ، ھەمدە بالىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسىدىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى لازىم . ئاتا ـ ئانىلار پائالىيەتكە قاتنىشىشتىن ئىلگىرى بالىلار بىلەن ئوبدان سۆزلىشىپ ، ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى بىر مەزگىللىك ئىپادىسىنى ئىگىلەش كېرەك ، شۇنداق قىلغاندىلا ، پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندا ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلارنى تەربىيىلەش مەسىلىسى ئۈستىدە مەقسەتلىك پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ . ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى دېگەنگە ئوخشاش پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندا ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا دوكلات قىلغان ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى كېرەك ، چۈنكى بۇ ئەھۋاللار بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ، بۇ ئىشلارنى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز دەپ ، پەرۋاسىز قاراشقا بولمايدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ ، بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگىلەش كېرەك . ئەگەر ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆپرەك سۆزلەپ قالسا ، ھەرگىز رەنجىمەسلىك لازىم ، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

بالىڭىزغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، سىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بالىلارنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىشكە قانداق ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن بالىڭىز بىلەن ئوبدان سۆزلىشىشىڭىز كېرەك. ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ماختىشى، داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك، ئاندىن بالىلارنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ، بالىلارنىڭ قايسى نىشان بويىچە تىرىشىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ نەتىجىسى ۋە ئىپادىسى ياخشى بولماپتۇ، دەپ ئاچچىقلىنىپ، ئەيىبلىمەسلىك، بەلكى بالىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، سەۋەبىنى، تۈزىتىش چارىلىرىنى ئىزدەش، ئەمەلىي پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئورتاق تىرىشىدىغانلا بولسا، بالىلارنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

**(3) ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارنى چۈشىنىشىگە ياردەملىشىش كېرەك**

ساپا مائارىپى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا ياردەملىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار چوقۇم يېقىندىن ماسلىشىشى كېرەك. چۈنكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلار ئاتا - ئانىلارنىڭ تەربىيىسىنى ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا:

بىرىنچى، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسىم ۋاقتى مەكتەپتە ئۆتىدۇ، قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسىم ۋاقتى يەنىلا ئائىلىدە ئۆتىدۇ.

ئىككىنچى، نۇرغۇن مەكتەپلەردىكى سىنىپلاردا

ئوقۇغۇچىلار بەك كۆپ بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، تەربىيىلەپ بولالمايدۇ.

ئۈچىنچى، تېخىمۇ مۇھىمى باللار سەبىي ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىلىمىنى، ھەرىكىتىنى، تىلىنى، شۇنداقلا ھازىرقى بىلىمى، ھەرىكىتى ۋە تىلىنى ئاتا ـ ئانىلار ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇڭا، باللارنىڭ خاراكتېرىنى، ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى چۈشىنىدىغان ھەم تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم ئورۇن يەنىلا ئائىلىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ قىزىقىشى، ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى، چۈشىنىشى، بايقىشى ھەمدە مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ۋاقتىدا، راست ئىنكاس قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باللارنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات خاھىشىغا توغرا ھۆكۈم قىلىشىغا ياردەملىشىشى، مۇۋاپىق ھەم كۈچلۈك تەلىم ـ تەربىيە تەدبىرلىرىنى بېرىلىكتە تۈزۈشى، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ئوقۇتۇش، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باللارنىڭ خاسلىقى ۋە ھەۋەسلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**(4) كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك**

تۆۋەندە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بەزى ئەھۋاللارنى مىسال قىلىمىز.

بىرىنچى، باللارنىڭ بىرەر كونكرېت ۋە ھەققانىي تەلەپلىرى بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشىنى ئۆتۈنۈشكە توغرا كەلگەندە، مەسىلەن، ئېنىق

www.uyghurkitap.com

كۆرەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئورۇن ئالماشتۇرۇش تەلىپىنى قويىدىغان چاغدا ، دۇئايى ـ سالام ئېيتىپ بەرمەستىن ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزى ئوقۇتقۇچىغا بىۋاسىتە دېيىش كېرەك .

ئىككىنچى ، ئوقۇتقۇچىغا بىرەر تەكلىپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە ، ئەگەر تەكلىپىنىڭ مەزمۇنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى دائىرىسى ئىچىدە بولسا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سالاھىيىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلىمەسلىك كېرەك .

ئۈچىنچى ، ئەڭ ياخشىسى ئوقۇتقۇچىلارنى قىينايدىغان تەلەپلەرنى ، مەسىلەن ، بىرەر ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ، پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرىدىغان ، مەلۇم بالىلار بىلەن ئوينىمىسۇن دەيدىغان تەلەپلەرنى قويماسلىق كېرەك .

تۆتىنچى ، قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بالىلارنى دەپ ئوقۇتقۇچىغا يالغان سۆزلىمەسلىك كېرەك . مەسىلەن ، بالىلارنى ئەمگەككە قاتناشتۇرۇشتىن قورقۇپ ، ئاغرىپ قالدى دېمەسلىك ، بالىلارنى قېرى ، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇشتىن قورقۇپ ، ئائىلىدە ئىش چىقىپ قالدى دېمەسلىك ھەمدە بالىلارنىڭ ئائىلىدىكى ناچار ئىپادىلىرىنى يوشۇرماسلىق كېرەك .

بەشىنچى ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە ماختىماسلىق ھەمدە بالىلارنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرىنى ئاقلىماسلىق لازىم .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەم ھەمكارلىقى ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇشى ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇشى لازىم . چۈنكى بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىپ تۇرىدۇ ، مائارىپ ئىسلاھاتى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ ، شەيئىلەر داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئوقۇۋاتقان پۈتكۈل جەرياندا ،

ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە باشتىن - ئاخىر دىققەت قىلىشى ، مەكتەپ ھەم ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ ھەمكارلىشىشى ، ئائىلە تەربىيىسىنى مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا بالىلارنىڭ ساپاسىنى ئەتراپلىق ، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

[ مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1 . مەكتەپ بىلەن پائال ماسلىشىش توغرىسىدا بىر پارچە تەسىرات يېزىڭ . (تەجرىبە ياكى ساۋات )

2 . بالىڭىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ياكى دەرس ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلىشىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالىلارنى يېتەكلەش توغرىسىدا

يېڭى دەۋردىكى خىرىس ئالدىدا

— سىز بالىلارنى ساغلام تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئىلىم ۋە سەنئەتنى ئىگىلىيەلىدىڭىزمۇ ؟

— سىز ئائىلە تەربىيىسىدە ئەنئەنىۋى نوپۇز تىپىدىن دېموكراتىك يېتەكچىلىك قىلىش تىپىغا ئۆزگەردىڭىزمۇ ؟

# بالىلارنى ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيلى (1)

ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بالىلارغا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش .

ئاتاقلىق پېداگوگ تاۋشىڭجى : «ھەر قانداق تەلىم ـ تەربىيە سەمىمىي ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ ، ھەر قانداق ئۆگىنىش سەمىمىي ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشنى نىشان قىلىدۇ .» دېگەنىدى .

مەشھۇر كومپوزىتور بېتخوۋېن : «سىز پەرزەنتىڭىزگە ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆگىتىڭ ، ئادەمنى بەختلىك قىلىدىغىنى پۇل ئەمەس ، بەلكى ئەخلاق ـ پەزىلەت .» دېگەن .

## 1 . ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىش بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ قايسىسى مۇھىم؟

بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاتا ـ ئانىلار ئومۇمىيۈزلۈك تىرىشىدىغان نىشان . بالىلارنى ئۆگىنىشتە يۇقىرى نەتىجە ئالالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ ، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى .

لېكىن ، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تەرەققىي قىلسا ياكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسىلا ، ئۇلارنى ياراملىق ئادەم بولدى ، دەپ قارىغىلى بولامدۇ؟ كەلگۈسىدە ئاتا ـ ئانىلار ياشانغان چاغدا چوقۇم بەخت ـ سائادەتنىڭ لەززىتىنى

www.uyghurkitap.com

تېتىيالارمۇ ؟

نۇرغۇن پاكىت ئىشىنىڭ بۇنداق بولمايدىغانلىقىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەردى .

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ئوغۇل بالا شېنجېنغا «ئالتۇن تاسقىغىلى» بېرىپ ، تۇرمۇش پۇلىنى پۈتۈنلەي خەجلەپ تۈگىتىپمۇ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالمىغان . ئۇ يېنىدا بىر تىيىنمۇ قالمىغاچقا ، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە ئائىلىسىگە قايتىشقا ئامالسىز قالغان . باشقىلار ئۇنىڭغا بىرەر يەردە ۋاقىتىنچە ئىشلەپ تۇرمۇش پۇلى بولسىمۇ تاپساڭ بولمامدۇ ، دېگەن تەكلىپنى بەرسە ، ئۇ «مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسام ، جىسمانىي ئەمگەك قىلالتىممۇ ؟» دېگەن ھەمدە كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلغان ، ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە يېلىنىپ : «رەھىم قىلىپ مەندەك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭلار ، ئۆيۈمگە قايتىشىمغا ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار» دەپ ئىلتىجا قىلغان . بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ، ئۇنى مەلۇم بىر شىركەتكە تونۇشتۇرماقچى بولغان ، شىركەت خوجايىنى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ، «شىركىتىمىزدە مۇشۇ خىل ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل ، لېكىن بۇنداق يارامسىز ئادەم ماڭا كېرەك ئەمەس» دېگەن .

بۇ ھەقىقىي ئەھۋال بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، ھازىرقى جەمئىيەت ئىختىساس ئىگىلىرىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ ، دىپلوم بولسىلا ، مەلۇم كەسىپنى ئىگىلىسىلا كۇپايە قىلمايدۇ ، ئۆز ئىشىدا تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن ، ئالدى بىلەن كۈچلۈك ياشاش ئىقتىدارى بولۇشى لازىم ، چىداملىق ، ئىشچان ، قەيسەر بولمايدىكەن ، ئۇ ھالدا جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش ھەم تەرەققىي قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ .

2000 ـ يىلى چاغانىڭ ئالدى ـ كەينىدە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنخۇا 4 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى بىر ئوقۇغۇچى

ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمىغاچقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي بولقا بىلەن ئانىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ ۋېنجۇ شەھىرى يۇڭجا ناھىيىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىسى بىر ساۋاقدىشىنىڭ پۇلىنى قاقتى - سوقتى قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ يەنە بىر قىز ئوقۇغۇچى ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا قويغان «ئۆگىنىشتە چوقۇم ئالدىنقى ئۈچىنچىلىككە ئېرىشىسەن» دېگەن تەلىپىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان.

يۇقىرىدىكى پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئاتا - ئانىلار شۇنى تونۇپ يېتىشى لازىمكى، بىر تەرەپلىمە ھالدا بالىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى قوغلىشىپ، ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىگە، قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسىگە ئۇزۇن مۇددەت سەل قاراش؛ بىلىم ئۆگىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنىڭ پسىخىك تەلىپى ۋە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا سەل قاراش بۇ پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئائىلىۋى سەۋەبتىن ئىبارەتتۇر. بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇ مەكتەپتە چوڭ ئەترەت باشلىقى ئىكەن، ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولۇپ، تەشكىللەش قابىلىيىتىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى ئىشچى بولۇپ، ئادەتتە ئۆزى ناھايىتى تېجەشلىك ئىكەن، لېكىن ھەممە ئىشتا بالىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنى جېنىدىنمۇ ئېزىز كۆرىدىكەن. ئانىسى ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلەتكەچكە، ئۇ قوپال، ئۆكتەم ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئانىسىنىمۇ چاكار ئورنىدا ئىشقا سالىدىغان بولۇۋاپتۇ. بىر قېتىم مەكتەپتە پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى بولۇپ، سەھەردىلا مەكتەپكە بېرىشقا توغرا كەپتۇ، ئانىسى سائەت جىرىڭلىماي قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، كېچىچە ئۇخلىماي ئۆرە ئولتۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتاي دېگەندە كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ، قېرىشقاندەك سائەتمۇ جىرىڭلىماپتۇ. ئانا

ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا ، ۋاقىت يېرىم سائەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، ئۇ دەرھال ئوغلىنى ئويغىتىپتۇ ، ئوغلى ۋاقىتنىڭ يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئانىسىغا خۇددى غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپ كېلىپ ، ئانىسىنىڭ پاچىقىنى جان - جەھلى بىلەن چىشلىۋاپتۇ .

ئانىسىنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولۇپ ، بۇنداق ۋاپاسىز ئوغۇلنى نېمىشقىمۇ باققاندىمەن ؟ تۇغۇلغاندا شۇنداق رەھىمدىل بالا قانداق بولۇپ بۇنچە رەھىمسىز بولۇپ كەتكەندۇ ؟ دېگەن خىيالغا كەپتۇ . بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىمەسلىك ئاتا - ئانىنىڭ گۇناھى ، ئەركىلىتىشنىلا بىلىپ ، باشقۇرمىغاندا ، ھامان يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ . ئەقەللىي ئەخلاق ۋە ۋىجدانى بولمىغان بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟ مانا بۇ مەسىلىلەر ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ ، بۇ ئائىلە تەربىيىسى ۋە مەكتەپ تەربىيىسىگە قىلىنىۋاتقان خىرىس ئەمەسمۇ ؟

بەزىلەر بەلكىم يۇقىرىدىكى مىساللارنى ئايرىم ئەھۋال دەپ قارىشى مۇمكىن ، ئۇنداق بولسا بىز تۆۋەندىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان سانلىق مەلۇماتلارغا قاراپ باقايلى :

ئامېرىكىدا كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان بىر تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ ، 250 مىڭ ئۆسمۈرنىڭ ئىچىدىن 1528 نەپەر ئەڭ ئەقىللىق بالىنى تاللاپ ، ئون يىلغىچە ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ، ھەممىسىنىڭ ياراملىق بولالايدىغان - بولالمايدىغانلىقىنى كۆزەتكەن . نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇتەخەسسىس ، ئالىم ، كارخانىچى ۋە ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە كىشىلەر چىققان ، ئەكسىچە ، يارىماسلار ، سەرگەردانلار ھەتتا بىر مۇنچە جىنايەتچىلەرمۇ چىققان . پۇرسەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ،

ئـوخشاشمىغان بۇ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، شـۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، مەغلۇپ بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە شەخسىي پسىخىكىسى ياخشى بولـمـىـغـانـلاردۇر. ئـۇلارنـىـڭ بـەزىـلىرى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، بەزىلىرى راھەتپەرەس، بەزىلىرى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار، بەزىلىرى ئىرادىسى ئاجىزلاردۇر.

بۇ تەتقىقات بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پەقەتلا ئـەقـىـللىق بولۇپ، بىلىملىك بولسىلا يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالىشى ناتايىن. يارامىلىق بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىش كېرەك. دۇرۇس، تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل، كـەمـتـەر بـولمىسا ھەم ئەخلاقلىق ئادەم بولمىسا، ھەرقانچە تالانتلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلالمايدۇ.

ئـىـلـىـمىز 400 نەپەر 45 ياشتىن تۆۋەن مەشھۇر ياش ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تۆۋەندىكى سان ـ سىپىرلار بىزگە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ:

ئۇلارنىڭ 65% ـ 75 ى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئـۆگـىـنـىش نـەتىجىسى ئەلا ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئەلا بولۇشى يەنىلا ھازىرقى جەمئىيەتتە يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى، بۇ كىشىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

ئۇلارنىڭ 47% .33 ى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «سىنىپ كادىرى» بولغانلار ۋە مەلۇم جەھەتتە گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئـۆزىـگە تولۇق ئىشەنچ قىلىدىغانلىقى، كۈچلۈك غۇرۇرغا ۋە پائالىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ 08% .81 ى كىچىكىدىن بـاشـلاپ ئـائـىـلـىـدە ئـاتـا ـ ئـانـىسىغا ياردەملىشىپ ئىش قىلىدىغانلار ئىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە ئائىلە ئالدىدا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ 79.73 % ى ئادىل بولمىغان ئىشلارغا قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلار ئىكەن . بۇ ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ھەق ـ ناھەق قارىشى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنىڭ روشەن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئۇلارنىڭ 41.89 % ى كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ، چىداملىق ، كەمتەر پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر ئىكەن .

يۇقىرىدىكى سانلىق ئاساسلار كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ، ئۆزىگە ئىشىنىش ، مۇستەقىللىق ، تەلەپچانلىق ، ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش قاتارلىقلار مەشھۇر ياشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى «سىرى» ئىكەنلىكىنى ، يەنە كېلىپ دەل مۇشۇ ئامىللارنىڭ ئادەم بولۇشنىڭ مىزانى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئەپسۇسكى ، نۆۋەتتە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچە بىر تەرەپلىمە بولغاچقا ، ئاتا ـ ئانىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا يەنىلا بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى بولماقتا . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېقىندا ئۇرۇمچى ، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى ئاتا ـ ئانىلار ئىچىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا ، 90 % تىن كۆپرەك ئاتا ـ ئانىلار ھەممىدىن خۇشال بولىدىغىنىمىز بالىلارنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى ، ھەممىدىن بەك خاپا بولىدىغىنىمىز بالىلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ ناچار بولۇپ قېلىشى ، دەپ جاۋاب بەرگەن . دېمەك ، بالىلار ئۆگىنىشتە ياخشى بولسا ، ئاتا ـ ئانىلار ھەر قانداق جاپانى تارتىشقا رازى ئىكەن .

بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز ، لېكىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ،

بالىلارنى قانداق ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيىلىشنى ئۇمىد قىلىمىز . مانا بۇ توپ يىلتىزىنى تۇتقانلىق بولىدۇ .

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار ، بىز «ئىلىم ئۆگىنىشمۇ مۇھىم ، ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىش تېخىمۇ مۇھىم» دېگەن قاراشنى تىكلەيلى .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتا ـ ئانىلار مۇنۇ نۇقتىغىمۇ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم :

بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئۆگىنىشىگىلا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ ، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم .

ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئالدى بىلەن بالىلارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، بىلىم ، ئىقتىدار جەھەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇشى كېرەك .

ئەقىللىق ، لېكىن پەزىلىتى ناچار بولسا ، هامان يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ .

## 2 . بالىلارنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيلى

### (1) باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان لېي فېڭ روھىنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ ؟

بەزىلەر ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان لېي فېڭ روھىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى ، دەپ قارىسا ، بەزىلەر ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەكىتلەشنىڭ نېمە هاجىتى ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئوبدان ئىگە بولسا ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلارغا ئاۋارىچىلىك بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟ دەپ قارايدۇ . بەزىلەر تېخى ، تاۋار ئىگىلىكى جەمئىيىتىدە رىقابەتنى تەكىتلەش كېرەك ، «باشقىلاردىن قالماسلىق ، رەقىبلەردىن ئېشىپ چۈشۈش كېرەك» دەيدۇ . بۇ

قاراشلارنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس . بوۋاق ، ئۆسمۈر ، ياشانغانلار ۋە ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئوبدان ئىگە بولالامدۇ ؟ بالايىئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشىغا ئۆزۈڭ ئىگە بول ، دېگىلى بولامدۇ ؟ ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىزگە «ئىنسانىيەت ھەرقانداق چاغدا يەككە - يېگانە ھالدا ئىش كۆرىدىغان شەخس سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ» غانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ . مانا بۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنسانلار پەقەت ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈپ ، ھەمكارلاشقاندىلا ياشىيالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت . مەيلى ئىلىم - پەن قانچىلىك تەرەققىي قىلسۇن ، بۇ قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ .

ئادەم ئىجتىمائىي مەخلۇق ، ھەرقانداق ئادەم كوللېكتىپ ئىچىدە ياشايدۇ . سىز ئىجتىمائىي ئادەم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ، ئۆگىنىشىڭىز ، يېمەك - ئىچمەك ، يۈرۈش - تۇرۇشىڭىز ھامان كوللېكتىپ ئىچىدە بولىدۇ ، سىز مۇقەررەر ھالدا ئادەم بىلەن ئالاقىلىشىشىڭىز لازىم . سىز ھامان ئادەملەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايسىز . شۇنى بىلىش كېرەككى ، ئادەم بولغاندىن كېيىن، ئادىمىيلىك مەسئۇلىيەت بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىش ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش لازىم ، بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش يولىدىكى مەڭگۈلۈك ئاساسىي تېما .

باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپى . 1993 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ ، ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت تەشكىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 21 - ئەسىردىكى مائارىپ توغرىسىدىكى خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇتەخەسسىسلەر بىردەك ھالدا 21 - ئەسىردىكى مائارىپنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى «كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىش» — جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ

مەنپەئەتتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ، ئۆزىگە ۋە ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۈش ، باشقا جانلىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، يەر شارىدىكى ياشاش شارائىتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ، دەپ قاراشتى . بۈگۈنكى كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە ئەقلىي تەرەققىياتىغا ، قابىلىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بەرگەن بىلەن بولمايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە دىققەت قىلىش ، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب غايە تىكلىشىگە ، ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇرغۇزۇشىغا ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ياشاشنى ، ھەمكارلىششنى ئۆگىنىشىگە ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئىدىيىنى يېڭىشىغا ياردەم بېرىش لازىم .

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ھەقىقەتەن يوللۇق . ھازىرقى رېئال تۇرمۇشتا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان شەخسىيەتچىلىك ھادىسىلىرى ناھايىتى كۆپ . بۇ خىل ھادىسە ئاتا - ئانىلىرى ئەركىلىتىدىغان بالىلار ئىچىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك .

مەلۇم بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەتىيازلىق ساياھەتكە ماشىنا بىلەن ئېلىپ چىقماقچى بوپتۇ . ئوقۇغۇچىلار ماشىنىغا چىقىپ ئورۇن تاللاشقىلى تۇرۇپتۇ . ئورۇندۇق يېتىشمىگەچكە ، ماشىنىغا ئەڭ ئاخىردا چىققان ئوقۇتقۇچىلار ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ . يېشى 50 تىن ئاشقان بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، سالامەتلىكى ناچار ئىكەن ، ئۇ ئۆرە تۇرۇۋېرىپ ، پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىرەر ئوقۇغۇچى ئورۇن بوشىتىپ بەرمەپتۇ . ئۇ زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئورۇندۇق ئارىسىدىكى بوشلۇقتا ئولتۇرماقچى بولغاندا ، بىر ئوقۇغۇچى «مۇئەللىم ، بۇ يەردە ئولتۇرماڭ ، مېنىڭ سومكامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسىڭىز بولمايدۇ» دەپ ۋارقىراپتۇ . بۇ ئوقۇتقۇچى كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بولغان ھالدا : «باشقا ئوقۇغۇچىلارغۇ مەيلى ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سىنىپ كادىرلىرىمۇ ئورۇن بوشىتىپ بەرمىدى ئەمەسمۇ» دېگەن.

2 ـ سىنىپقا چىققان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئانىسى دەرد تۆكۈپ: «ئوغلۇم ھەددىدىن زىيادە شەخسىيەتچى بولۇپ قالدى، ئاشخانىغا بېرىپ بىللە تاماق يېسەك، ئۇ ئۆزى بۇيرۇتقان قورۇمىنى يەپ بولالمىسىمۇ، بىزنىڭ بىرەر تال يېيىشىمىزگە يول قويمايدۇ، بۇنداق بالىدىن كەلگۈسىدە قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ» دېگەن.

ئانىنىڭ دەردى، مۇئەللىمنىڭ بىئارام بولغانلىقى بىزنى قاتتىق ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. بالىلار شەخسىيەتچى بولۇپ كەتسە، باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلسا، مەسئۇلىيەتنى كىمدىن ئىزدەيمىز؟ بۇ شەپقەتسىزلىك ئۇرۇقىنى كىم چاچتى؟

ئەتىگەندە بالىسىنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان تەربىيىسىگە قۇلاق سالايلى: «ئاڭلاپ تۇر، چۈشتە مەكتەپتە ئالما تارقىتىپ بەرگەندە چوقۇم يوغانىنى ئېلىۋالغىن، پۇلىنى ئوخشاش تۆلەپ، نېمىشقا زىيان تارتاتتۇق.»

بالا پەس ئاۋازدا: «مۇئەللىم بىزگە كوك رۇڭدىن ئۆگىنىپ، ئالما تارقاتقاندا كىچىكىنى تاللاڭلار، دېگەنىدى».

«ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈمە، پۇلنى ئوخشاش تۆلىگەندىن كېيىن، چوڭىنى تاللاش كېرەك، ئەخمەق بولما».

بالا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئانىسىغا قاراپ قويۇپ، مەكتەپكە كىرىپ كەتتى.......

يۇقىرىدىكى ئاپتوبۇستا مۇئەللىمگە ئورۇن بەرمىگەن ئەھۋالنى مەكتەپ بىر قېتىملىق ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىدا سۆزلىگەن. لېكىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسى «ئاپام ماڭا، پۇل تۆلىگەن ئىكەنمىز، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىمىز كېرەك، مۇئەللىمگە ئورۇن قالمىغان بولسا، باشقا ماشىنا كىرا

قىلسا بولامدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولغان.

بىر تال ئالما، بىر ئورۇندۇق ناھايىتى كىچىك ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، يېتىلىۋاتقان باللار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئانىلار ئۆز بالىسىنىڭ زىيان تارتىپ قالماسلىقىنىلا ئويلاپ، باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان ئىدىيىنى دەسلىپىدىلا يېتىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى، ئاتا - ئانا دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن. باللار ئالمىنىڭ كىچىكرەكىنى يېسە، ئورۇندۇقتا ئولتۇرمىسا سالامەتلىكىگە تەسىر يەتمەيدۇ، ئەكسىچە، ئانىنىڭ شەخسىيەتچىلىك بىلەن قىلغان تەربىيىسى، بەلكىم ئۆزىگە يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

چۈنكى، باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدىن بەھرىمەن بولۇشنىلا بىلىپ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۆزى ئاخىر ئازاب چېكىدۇ، يالغۇز قالىدۇ. ئەگەر ئادەم باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلمىسە، باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. بەخت دېگەنلىك ئۆزى بىرەر نەرسىگە ئېرىشىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ساڭا بېرىشىم، سېنىڭ ماڭا بېرىشىڭ، مېنىڭ يەنە ساڭا بېرىشىمدۇر. كۆڭۈل ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مېھىر - مۇھەببەت ھەقىقىي بەخت دېيەلەيتتۇر. كىشىلىك تۇرمۇشقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، كۆڭلىدە باشقىلار بولسا، كوللېكتىپ بولسا، ياخشى ئىش قىلىشقا، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا ئاكتىپ باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ كۈچىنى، بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ، ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، قابىلىيەت ئۆستۈرىدۇ. پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە شەخسىي تىرىشچانلىققىلا تايىنىپ بۆسۈش ھاسىل قىلغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىش ، ھەمكارلىشىش ، ئۆزئارا قوللاش ۋە ياردەم بېرىش لازىم . ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىتىشتە مانا مۇشۇ جەھەتلەردە ئاساس سېلىش كېرەك .

**(2) باللارنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىشتا قايسى جەھەتلەردىن تەربىيىلەش كېرەك؟**

بىرىنچى ، باللارنى ساۋاقداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىش كېرەك . باللار سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا ، ئاتا ـ ئانىلار باللارنى سىنىپ كوللېكتىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى ، ساۋاقداشلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى قوللىشى ، ساۋاقداشلىرى كېسەل بولۇپ قالغاندا ، ئۇلارنى يوقلاشقا بۇيرۇشى ، ساۋاقداشلىرىدا خاتالىق كۆرۈلگەندە ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىۋېلىشنى ئۆگىتىشى ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان قىلىشى لازىم .

ئىككىنچى ، باللارنى ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىش لازىم . باللارنى ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك :

① ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش . باللارغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ توغرا تەربىيىسىنى ئاڭلاش ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەنقىدىنى كەمتەرلىك بىلەن تىڭشاش تەلىپىنى قويۇش كېرەك . ئوقۇتقۇچىلاردا خاتالىق كۆرۈلگەندە كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ ، لېكىن سورۇن تاللاش ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ، ئوقۇتقۇچى بىلەن تاكاللىشىپ دەرسخانىدا چۇقان كۆتۈرمەسلىك ، ئوقۇتقۇچىغا تىل تەگكۈزمەسلىك لازىم .

② ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىش كېرەك . بۇ

يەردە مۇنداق بىر مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى : مەلۇم بىر بوتانىكنىڭ ئوغلى نامسىز بىر گىياھنى ئېلىپ كېلىپ ، يېڭىلا خىزمەتكە قاتناشقان مۇئەللىمدىن سوراپتۇ ، ئۇ ئوقۇتقۇچى بىلمىگەچكە ، بۇ بالىغا سەممىيلىك بىلەن : «سىزنىڭ دادىڭىز داڭلىق بوتانىك ، سىز قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ باقسىڭىز !» دەپتۇ . ئەتىسى بالا يەنە گىياھنى كۆتۈرۈپ كېلىپ مۇئەللىمگە «دادام بۇ گىياھنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەنمەن . ئۇ سىزنى بىر ئامال قىلىپ بىلەلەيدۇ ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سوراپ كۆرگىن ، دەيدۇ» دەپتۇ ۋە مۇئەللىمگە بىر پارچە خەتنى بېرىپ ، دادام سىزگە ئەۋەتكەنىدى ، دەپتۇ . مۇئەللىم خەتنى ئېچىپ قارىسا ، ئۇنىڭدا شۇ گىياھنىڭ نامى ۋە ئالاھىدىلىكى تەپسىلىي يېزىلغانىكەن . خەتنىڭ ئاخىرىغا يەنە «بۇ مەسىلىگە مۇئەللىم بىۋاستە جاۋاب بېرەلىسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ» دەپ قوشۇپ قويۇلغانىكەن . بۇ بالىنىڭ دادىسى ھەقىقەتەن ئاقىلانە ئىش قىلغان .

③ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك . ئەگەر بالىلار مۇكاپاتقا ئېرىشسە ياكى ياخشى نەتىجە قازانسا ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنتۇماسلىق توغرىسىدا تەربىيە قىلىش لازىم .

④ بالىلارنى ئوقۇتقۇچىغا ئۆزىنى يېقىن تۇتۇش توغرىسىدا تەربىيىلەش كېرەك . ئوقۇتقۇچىلار ئاغرىپ قالغاندا ھال سوراپ بېرىش ، ھېيت - بايراملاردا يوقلاش ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەملىشىش ، نەتىجىگە ئېرىشكەندە تەبرىكلەش كېرەك .

ئۈچىنچى ، بالىلارنى قوشنىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك . بىزدە «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى

قوشنا ئەلا » دېگەن گەپ بار ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئەسلىدە ناھايىتى يېقىن بولىدۇ . ھازىر بەزى جايلاردا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى سۇسلىشىپ كېتىدىغان ھەتتا جىددىيلىشىپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەكتە ، بۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ناھايىتى زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاتا ـ ئانىلار قوشنىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئۈلگە بولۇشى ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بالىلارنى كارىدورلارنى تازىلاشقا سېلىشى ، مۇزىكا مەشىق قىلغاندا ، ناخشا ئېيتقاندا ، ئويۇن ئوينىغاندا قوشنىلارنىڭ دەم ئېلىشىغا تەسىر يەتمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە قىلىشى ، قوشنىلار نەرسە ـ كېرەك ئارىيەت سورىغاندا ، بالىلاردىن قىزغىنلىق بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشى ، قوشنىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ، ئىمكان بار كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم بېرىشى ، قوشنىلار ئۆيدە يوق چاغلاردا ، ئۆيىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كۆز قۇلاق بولۇپ قويۇشى ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ئاغرىق ـ سىلاق كۆرۈلگەندە پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇشى ، ئۆيدىكى ياخشى نەرسىلەردىن قوشنىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى ، قوشنىلارنىڭ خۇشاللىق ئىشلىرى بولسا ، قۇتلۇقلىشى لازىم . بالىلارنى ھەرگىز قوشنىلار بىلەن دۈشمەنلىشىشكە ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا ئۆگەتمەسلىك كېرەك .

تۆتىنچى ، بالىلارنى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ھەرقانداق ئادەمگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىش كېرەك . بالىلارنى ياشانغانلارنى يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ، يولدىن ئېزىپ قالغان بالىلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ، ئىگە ـ چاقىسىز قېرىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە ، مېيىپلارغا ياردەملىشىشكە ، تېپىۋالغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋە ئىگىسىگە ئامال

قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشكە ، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ياردەم بېرىشكە دائىم دەۋەت قىلىپ تۇرۇش لازىم .

باللارنىڭ قەلبى بىرپارچە گۆھەر زېمىن ، ئۇ يەرگە نېمە تېرىسا شۇ ئۈنىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچالىسىلا ، چوقۇم شېرىن مېۋە بېرىدۇ ؛ ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا «شەخسىيەتچىلىك» نىڭ ئۇرۇقىنى چاچسا ، مۇقەررەر ئاچچىق مېۋە بېرىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار ، قارىنى ـ كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتۇپ ، ئۆزىمىزدە ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىلدۈرەيلى ، پەرزەنتلىرىمىزنىمۇ «كۆڭلىگە باشقىلارنى سىغدۇرالايدىغان» قىلىپ تەربىيىلەيلى . باللار كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارنى ئويلايدىغان بولسا ، چوڭ بولغاندا كوللېكتىۋىزملىق قارىشى يېتىلىپ ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىدىيىنى شەكىللەندۈرىدۇ ، ۋەتەن مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئېتىقادنى تۇرغۇزىدۇ ، بىزگە مانا مۇشۇنداق ئەۋلادلار كېرەك .

## 3 . باللارنى چوڭلارغا ۋاپادار بولۇشقا يېتەكلەيلى

### (1) ھازىرقى زامان ئائىلە تەربىيىسىدە ۋاپادارلىقنى تەكىتلەش كېرەكمۇ ـ يوق؟

ۋاپادارلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى . دەۋر تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يەنە ۋاپادارلىقنى تەكىتلەش كېرەكمۇ ـ يوق ؟

بەزىلەر «ۋاپادارلىق» كونا زاماننىڭ ئەنئەنىسى ، ھازىرقى

يېڭى دەۋردە بالىلار بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەر بولۇشى كېرەك ، ۋاپادارلىقنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ، دەپ قارايدۇ . دەرۋەقە بىر دۆلەت ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئوخشاش هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان باراۋەر يولداشلىق مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ . لېكىن ئائىلە مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق ، بېقىش ۋە تەربىيىلەش مۇناسىۋىتى بولىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدا تۆلىگەن مەنىۋى ، ئىقتىسادىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى بەدىلىنى هېسابلاپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . ئىڭەلەپ يەرگە چۈشكەن بوۋاقنى ئانا ئېمىتىپ ، ئاش ـ نان بېرىپ ، پوق ـ سۈيدۈكىنى ئادالاپ ، پۈتۈن مېھرىنى تۆكۈپ پەپلەپ چوڭ قىلىدۇ ؛ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىرگە ، تاپشۇرۇق ۋە ئىمتىھان نەتىجىسى ، قانداق مەكتەپكە كىرىش ، قايسى كەسىپنى تاللاش قاتارلىق مەسىلىلەرگە باش قاتۇرىدۇ ؛ بالىلار ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا كۆرسىتىپ ، كېچە ـ كۈندۈز يېنىدا ھەمراھ بولىدۇ . . . . دېمەك ، ئاتا ـ ئانىلار ھەقىقەتەن جاپاكەش ئىنساندۇر .ئىنسان بالىسى بولغاندىكىن ، بالىلار ئەخلاق نۇقتىسىدىن بولسىمۇ ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ، چوڭ بولغاندا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھنەت ـ ئەجرىنى قايتۇرۇشى لازىم . راستىنى ئېيتقاندا ، ئاتا ئانىلارنىڭ دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر مېھرىنى بالىلار بىر ئۆمۈر قايتۇرۇپ بولالمايدۇ . شۇڭا ، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان ۋاپادارلىقنى ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەم ۋە ئەڭ ئاساسىي ساپا دېيىمىز . ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ سۆيمىگەن بىر ئادەم باشقىلارنى ،

دۆلەتنى سۆيەلەرمۇ ؟

بىز ھازىر تەكىتلەيدىغان ۋاپادارلىق ئاساسلىقى ئاتا - ئانىلارغا سەممىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان ۋاپادارلىقنى ، ئاتا- ئانىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ، ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان مەسئۇلىيەتنى ، ئاتا - ئانىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەم بېرىشنى ، ئۇلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ . بالىلارنىڭ يېتىلگەندىن كېيىنكى ئىدىيىۋى قارىشى ، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كەلسەك ، ئاتا - ئاناڭغا ئوخشاش بول ، ئاتا - ئاناڭغا مۇتلەق بويسۇن ، دەپ مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، بىز تەكىتلەيدىغان ۋاپادارلىق تار مەنىدىكى ئەمەس ، بەلكى كەڭ مەنىدىكى ۋاپادارلىق بولۇپ ، ئۇ ئاتا - ئانىلاردىن باشقا پۈتۈن چوڭلارغا بولغان ۋاپادارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**(2) ھازىرقى بالىلارنىڭ چوڭلارغا بولغان ۋاپادارلىقى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي‍ۋاتىدۇ**

بىزدە «تامچە سۇنىڭ مېھرىنى بۇلاق بولۇپ قايتۇرغىن» دېگەن گەپ بار . ئەپسۇسكى ، بەزى ئاتا - ئانىلار «ئاتا - ئانىلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى مىننەتسىز بولىدۇ ، پەرزەنتلەرنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك» دەپ قارايدۇ . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، ئاتا - ئانىلار جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ ، پەرزەنتلەرنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشى ھەقلىق ؛ ئاتا- ئانىلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ئالىيجاناب ۋە ئۇلۇغ بولىدۇ ، لېكىن بالىلاردا ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ۋاپادارلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ھەقىقەتەن زۆرۈر . ئائىلىدە ئەركە چوڭ بولغان نۇرغۇن بالىلارنىڭ ۋاپادارلىق ئېڭى كەمچىل ؛ ئەكسىچە ، بۇنداق

باللار باشقىلارنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ھەقلىق، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنىڭ، جاۋاب قايتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئانىلار تاماقنى ئېتىپ، ئالدىغا ئەكېلىپ بەرسە، باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ تاماق ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىنى سوراپمۇ قويمايدۇ، تاماق ئاغزىغا تېتىسىلا بېشىنى كۆتۈرمەي يەيدۇ، تېتىمىسا جىدەل قىلىپ ھەتتا داستىخاننى ئۆرۈۋېتىدۇ. پارچە خەجلەيدىغان پۇلنى ئازراق بېرىپ قالسا، ئىككى تەڭگەڭ نېمىگە يېتەتتى، دەپ نارازى بولىدۇ. بۇنداق باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇلنى قانچىلىك جاپا ـ مۇشەققەتتە تاپىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

خۇنەن ئۆلكىسىدىكى 13 ياشلىق بىر بالا ئۇخلاۋاتقان دادىسىنى قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سوراق قىلغۇچى «سەن نېمىشقا داداڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ مەردانىلىك بىلەن «كىم ئۇنى بۇگۈن مېنى تەنقىدلىسۇن دەپتۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن. قارىماسىز، ئاتا ـ ئانىسى ئەركىلىتىپ، ئەزەلدىن تەنقىد قىلماي چوڭ قىلغان بالا ئاتا ـ ئانىسىغا مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. مانا بۇ ھەددىدىن زىيادە ئەركە چوڭ قىلغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى!

بەزى ئاتا ـ ئانىلار «باللار ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقسا، بۇ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان ئەڭ چوڭ ۋاپادارلىق ھېسابلىنىدۇ، باشقا ھەرقانداق ئىشقا يول قويۇشقا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەت زادى قانداق بولىدۇ؟

«ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىياھنى ئالتۇندەك قەدىرلەيدۇ» دېگەن بىر پارچە خەۋەردىكى مىسال كىشىنى

ھەقىقەتەن ئويغا سالىدۇ. مەلۇم مالىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 19 ياشلىق بىر ئوقۇغۇچىسى ئاتا ـ ئانىسىغا يازغان خېتىدە «دادا، ئاپا» دېگەن سۆزنى يېزىشقىمۇ ئېرىنىپ، «پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالدىم» دەپلا يېزىپ قويغان. پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بىر ئەر ـ خوتۇن بېيجىڭدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوغلىدىن خەت تاپشۇرۇپ ئالغان، خەتكە ھېچقانداق سۆز يېزىلمىغان بولۇپ، پەقەت قارا سىياھ بىلەن يوغان قىلىپ «؟» بەلگىسىدىن ئىككىسى سىزىپ قويۇلغان. بۇ ئاتا ـ ئانىلار كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا قوشنىسىغا «بالىمىز پۇلنى ۋاقتىدا ئەۋەتمىدىڭ» دەپ رەنجىپتۇ، دېگەن.

1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى مەلۇم بىر پارچە خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، پەرزەنتلىرى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ھەم خىزمەت قىلىۋاتقان 6000 نەپەر ياشىنىپ قالغان شاڭخەيلىكنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ، جەمئىيەت ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالغان. «ئۆي بېقىپ» قالغان بۇ قېرىلار ياشىنىپ قالغانلىقى، بالدۇر پېنسىيىگە چىققانلىقى، كىرىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، بالىلارنى چەت ئەلدە ئوقۇتىمەن دەپ قەرز بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالغان. چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بەزى بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدۇ. ئەۋەتكەن پۇلى قەرزىنى قايتۇرۇشقا يەتمەيدۇ، بەزىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ، ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتقان بۇ ئاتا ـ ئانىلار ئاخىر نېمىگە ئېرىشەلىدى، دەيسىز؟

مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرى جۇڭگودىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە مېھرىبانلىق

www.uyghurkitap.com

قىلغان بولسىمۇ ، پەرزەنتلىرىدىن ھېچقانداق ۋاپا كۆرمىگەن ئاچچىق پاكىتنى ئىسپاتلاپ بەردى . 1992- يىلى ياپونىيىنىڭ ياشلار -ئۆسمۈرلەر تەتقىقات ئورنى دۆلەت ئاتلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، ياپونىيىدىكى 15 ئوتتۇرا مەكتەپتىن 1030 ئوقۇغۇچىنى ، ئامېرىكىدىكى 13 ئوتتۇرا مەكتەپتىن 1052 ئوقۇغۇچىنى ، جۇڭگودىكى 21 ئوتتۇرا مەكتەپتىن 1020 ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان . ئۇلار «سىز ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم كىم ؟ » دېگەن سوئالنى قويغان .

نەتىجىدە ، ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى ئورۇندا دادىسىنى ، ئىككىنچى ئورۇندا ئانىسىنى دېگەن ؛ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى ئورۇندا دادىسىنى ، ئىككىنچى ئورۇندا توپ چولپانلىرىنى ، ئۈچىنچى ئورۇندا ئانىسىنى دېگەن ؛ لېكىن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەملىرى ئىچىدە ئالدىنقى 10 - قاتارغا ئۆزلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا- ئانىسىنى كىرەلمىگەن .

يۇقىرىدىكى ئەھۋال كىشىنى ھەقىقەتەن ئەندىشىگە سالىدۇ . ئېلىمىزدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئەنئەنە بارغانسېرى سۇسلىشىپ ، ياشانغانلارنى خارلايدىغان ، ئۇرۇپ - تىللايدىغان ، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپەيمەكتە .

ئاتا - ئانىلارغا ، چوڭلارغا ۋاپادار بولۇش تەربىيىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئاساسى ، ئۇ جۇڭگونىڭ ئېتىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى . نۇرغۇن غەرب دۆلەتلىرى بۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ ، بۇنىڭدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . بىز چوقۇم چوڭلارغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىدىغان ئەنئەنىنى كۈچەيتىشىمىز ، جارى قىلدۇرۇشىمىز ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم .

ۋاپادارلىق مەسىلىسى تەكىتلىنىشى ، تەكىتلىنىشى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس ، بەلكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئائىلە تەربىيىسىدە سۆزلەنمەيۋاتقان ياكى ئاز سۆزلىنىۋاتقان ، چوقۇم كۈچەيتىش ، يېتەكلەش زۆرۈر بولغان مەسىلە .

**(3) بالىلارنى چوڭلارغا ۋاپادار بولۇشقا قانداق يېتەكلەش كېرەك؟**

بىرىنچى ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش . ئاتا - ئانىلار ھەم بالىلار چوقۇم چوڭلارغا ، ئاتا - ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ، چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان ئالىيجاناب پەزىلەت دەپ قاراپلا قالماستىن ، تېخىمۇ مۇھىمى قانۇندا قوغدايدىغان ۋە بەلگىلەنگەن يۈقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى ، دەپ قاراش لازىم .

ئىككىنچى ، دائىم سۆزلەپ تۇرۇش . جانلىق ، كونكرېت مىساللارنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارغا ئاتا - ئانىلارنى ، ئائىلە ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بېرىش لازىم . بالىلارغا ئاتا - ئانىسى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر ، ئالىي ئىنژېنېر ، بايۋەتچى بولمىسىمۇ ، دۇرۇس ، سەممىي ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا ، ئاتا- ئانىلار بالىلىرىمىز بىزنى ھۆرمەت قىلسۇن دېسە ، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەت قىلىشى ، بالىلارغا ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان خىزمەتنىڭ ئوخشاشلا جەمئىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان ، دۆلەتكە تۆھپە قوشىدىغان خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى لازىم . بۇنىڭدىن باشقا ، بالىلارغا ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا چەككەن جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ، ياشلىق دەۋرىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى ، ئانىنىڭ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تارتقان جاپالىرىنى ، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنى قانداق ئاسراپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغانلىقلىرىنى دائىم سۆزلەپ بېرىش كېرەك .
بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنى ۋە چوڭلارنى قانچىكى كۆپ چۈشەنگەنسېرى ، چوڭلارغا بولغان ھۆرمىتى ، مۇھەببىتى شۇنچە ئاشىدۇ ، بۇ تەبىئىي ھالدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ، ۋاپادارلىق تۇيغۇسىمۇ تەبىئىي يېتىلىدۇ .
ئۈچىنچى ، كىچىكىدىن باشلاپ ۋاپادارلىقنى ئۆگىنىش .
ۋاپادار بولۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت كېرەك ، كىچىككىنە بىر ئەمەلىي ئىش چىرايلىق ، ياسالما گەپلەردىن مىڭ ھەسسە ياخشى . شۇڭا ، چوڭلارغا ۋاپادار بولۇشنى كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇش ، كىچىكىدىن باشلاپ شۇنداق ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك .
بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلار تېخى كىچىك ، چوڭ بولغاندا تەبىئىي ۋاپادار بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇ بىر خىل خاتا چۈشەنچە ۋە خام خىيال . بالىلار پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ قالسا ، ئۆزگەرتمەك ناھايىتى تەس بولىدۇ . بىز چوقۇم كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىن قول سېلىشىمىز لازىم ، بۇ ئىشلار ئەرزىمەس ئىشلاردەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئىنتايىن مۇھىمدۇر . مەسىلەن ، ئانا سەي ئېلىپ قايتىپ كىرگەندە دەرھال قولىدىن ئېلىش ، ئانا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كىر يۇغاندا ، ئورۇندۇق ئەكېلىپ بېرىش ؛ يەيدىغان ياخشى نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن چوڭلارنىڭ تېتىپ بېقىشىغا سۇنۇش ؛ ئاتا ـ ئانىسى چارچاپ قالغاندا چاي قۇيۇپ بېرىپ ، پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ قويۇش ؛ مىجەزى يوق بولۇپ قالغاندا ، قايناق سۇ ، دورا ئەكېلىپ بېرىش ، دېگەنگە ئوخشاش . بالىلار مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغاندا ، ۋاقتىدا ماختاپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئاتا ـ ئانامغا ياردەملەشسەم خۇش

بولىدىكەن، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىش لازىم. بۇنداق تەسىرات دەسلەپتە ناھايىتى تېيىز بولسىمۇ، بارا - بارا چوڭقۇرلىشىدۇ. بالىلارنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاتا - ئانىسىغا بولغان مۇھەببىتىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ، ئاڭسىزلىقتىن ئاڭلىقلىققا ئۆتىدۇ، ئاتا - ئانام مېنى ياقتۇرسىدى دېگەندىن، ئاتا - ئانىسىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئاتا - ئانىسى بىلەن جاپادا، غەم - قايغۇدا بىللە بولۇشقا ھەمدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ قەدىرلەشكە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ جەرياندا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ۋاپادارلىق ھېسسىياتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ بېرىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىش. بالىلار دوراشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈلگە بولۇشى بالىلارغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى تەربىيىدۇر. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارنىڭ چوڭلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بالىلارنىڭ چوڭلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىدە جارى بولىدۇ.

رۇسىيە يازغۇچىسى لېۋ. تولستوي «بوۋىسى بىلەن نەۋرىلىرى ھەققىدىكى ھېكايە» دېگەن بىر ئەسەرنى يازغان. ھېكايىدە مۇنداق بىر ئىش بايان قىلىنىدۇ: بوۋىسى قېرىپ، ئاش - تاماق يېگەندە شۆلگەيلىرى، ماڭقىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئوغلى بىلەن كېلىنى ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ، ئۇنى ئۇستەلدە تاماق يېگىلى قويماي، ئوچاق يېنىغا قوغلىۋېتىدۇ. بىر كۈنى بوۋاي تاماق يېگەن قاچىنى چېقىۋېتىپ قالىدۇ، كېلىنى ئۇنى تىللاپ: «ئۆلمەيدىغان قېرى، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا ياغاچ تاۋاقتا تاماق بەرسەك بولغۇدەك» دەيدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ ئەر - خوتۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوغلىنىڭ قولىغا پالتا ئېلىۋېلىپ بىر نەرسە ياساۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، دادىسى ئۇنىڭدىن: «قوزام، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورايدۇ. بالا تەمكىنلىك بىلەن: «سۆيۈملۈك دادا، مەن ياغاچ تاۋاق ياساۋاتىمەن، سىلەر قېرىغاندا مۇشۇنىڭدا تاماق يەڭلار، بۇ چېقىلىپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ.

بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىردىنلا ئەس - ھوشىنى يىغىپ قاتتىق خىجىل بولىدۇ-دە، بوۋاينى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرىدۇ. ھېكايىدە دېمەكچى بولغان ئىدىيە ناھايىتى ئېنىق، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەرىكىتى بالىلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ خاراكتېرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئەۋلادلارنى ئۇنۇملۇك تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، ۋاپادارلىقنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بېرىش. ۋاپادارلىقنى يېتىلدۈرۈشتە پائالىيەت جەريانىدا مېھىر - مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنىڭ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ۋاپادارلىق ھېسسىياتىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

مەسىلەن، ئانىلار بايرىمى، ئاتىلار بايرىمى، «8- مارت» ئاياللار بايرىمى ۋە ياشانغانلار بايراملىرىدا بالىلارنى ئۆزلىرى ياسىغان خاتىرە بۇيۇملىرى ۋە ئېرىشكەن ياخشى نەتىجىلىرى ياكى بىرەر ياخشى ئىشى ئارقىلىق چوڭلارغا بولغان ھۆرمەت سۆيگۈسىنى ئىپادىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاتا - ئانىلارنى روھىي جەھەتتىن خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىش كېرەك. ئاتا - ئانىسىنىڭ، چوڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

بولغاندا ، بالىلارنى تەشكىللەپ تۇغۇلغان كۈننى ئەھمىيەتلىك ، تەنتەنىلىك ۋە ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ، بالىلارنى رىياسەتچىلىككە سېلىشقا بولىدۇ . ھېيت ـ بايراملاردا بالىلارنىڭ باشقا ياشانغانلاردىن ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقىمۇ بولىدۇ .

ئاتا ـ ئانىلار ، بالىلىرىمىزغا چوڭلارغا ۋاپادار بولۇش توغرىسىدا مەردانىلىك بىلەن تەربىيە ئېلىپ بارايلى . ئاتا ـ ئانىلىرىنى «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ» ، «كىر ئالغۇ» ، «ئائىلە چاكىرى» دەپ بىلىدىغان بالىلار ھەم چوڭلار شۇنى چۈشەنسۇنكى ، ئادەمنىڭ ھاياتى بىرنەچچە دەۋرنى بېسىپ ئۆتىدۇ ، ھەممە ئادەمنىڭ قېرىيدىغان مەزگىلى بولىدۇ ، شۇڭا ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش ھاياتنى قەدىرلەش ۋە ئۆزىنى قەدىرلەش دېمەكتۇر . كىمكى ۋاپادارلىقتىن ۋاز كېچىدىكەن ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى ، روھىيىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالىلارنى ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەيلى (2)

## 1 . بالىلارنى تىرىشچان ـ ئىقتىسادچىل بولۇشقا يېتەكلەيلى

### (1) بالىلارنىڭ بىنورمال پۇل خەجلىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ

زېنىڭ فامىلىلىك بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەركۈنى ئاتا ـ ئانىسىدىن 10 يۈەندىن 20 يۈەنگىچە پۇل ئېلىپ خەجلەيدىكەن . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ يېرىم كۈن ئىچىدىلا 100 يۈەننى خەجلەپ تۈگەتكەن . يەنى ئويۇنچۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن 40 يۈەن ، ئېلېكترونلۇق سائەت سېتىۋېلىش ئۈچۈن 10 يۈەن ، ئۇششاق يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ ساۋاقداشلىرىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن 30 يۈەن ، كىنو كۆرۈش ئۈچۈن 20 يۈەن خەجلىگەن . ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ، شۇنچە پۇلنى خەجلەپ تۈگەتسەڭ ئاتا ـ ئاناڭ سېنى تىللىمامدۇ ؟ دەپ سورىغاندا ،ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا : «چاتاق يوق ، ئاپام ‹ رەمچى ئۆيىمىزدىكى پۇلنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەلىيىمدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى › مەن قانچىلىك خەجلىيەمەن دېسەم شۇنچىلىك خەجلىيەمەن ، ئۇ ئەزەلدىن سورىقىنى قىلمايدۇ .» دېگەن .

بۇ خىل ئەھۋال مەملىكىتىمىزدىكى ئائىلىلەردە ئاز سانلىقنى ئىگىلىسىمۇ ، 1996 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 6 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 240 نەپەر ئوقۇغۇچىسى

ئۈستىدە «1 ـ ئىيۇن» دىكى ئىستېمال ئەھۋالى ھەققىدە ئېلىپ بارغان ئۆرنەك ئېلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 240 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بايرامدىكى ئومۇمىي ئىستېمالى 56 مىڭ 840 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىرى 216 يۈەن خەجلىگەن، ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى خىراجىتى 700 يۈەنگە يەتكەن، بالىلارنىڭ «1 ـ ئىيۇن» بايرىمىدىكى بىر كۈنلۈك خىراجىتىلا ئائىلىنىڭ ئايلىق كىرىمىنىڭ تۆتتىن بىرى، ھەتتا ئۈچتىن بىرىگە يېتىپ بارغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ بەش چوڭ شەھىرىدىكى 0 ～ 12 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ئىستېمال ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تۆتتىن بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئىمپورت قىلىنغان يېمەك ـ ئىچمەك ئېلىپ بېرىدىكەن، بەشتىن بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار ئىمپورت قىلىنغان ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشكە مايىل ئىكەن، بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئىش ئورنىدىن ئايرىلغانلار ئىكەن.

ئۇنداق بولسا، بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بايرام ۋە تۇغۇلغان كۈنلىرىدە مەبلەغ سالىدىغان تۈرلىرى ۋە نىسبىتىنى كۆرۈپ باقايلى.

ستاتىستىكا نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە: (1996 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەھۋالى)

| تۈرى / نىسبىتى / يىللار | يېيىش | كىيىش | ئويناش | كىتاب ئېلىش | تەنتەربىيە | سۇ ئۈزۈش | ئېكسكۇرسىيە | باشقىلار | پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۇقىرى يىللىقلار | 10 | 33 | 28 | 9 | 4 | 2 | 0.16 | | 0 |
| تۆۋەن يىللىقلار | 16 | 28 | 25 | 6 | 1 | 0 | 0.6 | | 0 |

بۇ گرافىدىكى سانلىق مەلۇماتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، ھازىرقى بالىلارنىڭ بايرام ۋە تۇغۇلغان كۈنلىرىدىكى ئاساسلىق ئىستېمالى يېيىش ، كىيىش ، ئويناشنى ئاساس قىلىدىكەن ، پەرق شۇكى ، تۆۋەن يىللىقتىكىلەر ئويناشقا ، يۇقىرى يىللىقتىكىلەر كىيىنىشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن . تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار ئاتا - ئانىلار ئۆز قولى بىلەن توشقۇزغان سانلىق ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، بۇ ئالاھىدە كۈللىيەتتىكى ئىستېمال ئالاھىدىلىكىنى ئوبرازلىق قىلىپ ماددىي ئىستېمالدىكى «ئۈچ چوڭ پارچە» ، مەنىۋى مەدەنىيەت ئىستېمالىدىكى «بىر كىچىك پارچە» دەپ يەكۈنلىگەن .

ھېيت - بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆرگەزمىلەرنى ، مۇزېيلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىدىغان ، تەبىئەت مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدىغان ، توپ مۇسابىقىسى كۆرىدىغان ، مۇزىكا كېچىلىكىگە ۋە دوكلاتلارغا بارىدىغان ، بالىلارغا تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار VCD پىلاستىنكىلىرىنى ۋە پەن - تېخنىكا ئوقۇشلۇقلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىكەن .

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىستېمالىدىكى بۇ خىل نورمالسىزلىق ۋە ھەددىدىن زىيادە پۇل خەجلەش خاھىشى بالىلار ئۈچۈن پايدىسىز ، ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ئېغىر يۈك ، دۆلەت ئۈچۈن ئىقتىسادتا ، يېڭى ئەسىرنىڭ ئىگىلىرى بولىدىغان بۇ بالىلار بەتخەج ، ئىسراپخور بولۇپ كەتسە ، ئۇ ھالدا مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ .

شۇڭا ، بالىلارنىڭ بىنورمال ئىستېمال قىلىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ .

**(2) ھال - كۈن ياخشىلىنىپ قالغاندا ، تىرىشچان ، ئىقتىسادچان بولۇشنى تەكىتلەش كېرەكمۇ - يوق؟**

بەزى كىشىلەر ، ھازىر دېگەن قايسى دەۋر ، ئۆتمۈشتىكى

گەپلەرنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى ، بولۇپمۇ بالىلارغا نىسبەتەن ئىقتىسادچىل بولۇش ھەققىدە تەربىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ، كەلگۈسىدە جەمئىيەت ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى بارغانسېرى يۇقىرى بولىدۇ ، كىشىلەرنىڭ كىرىممۇ ئاشىدۇ ، ئۇ چاغدا «پۇل تېپىشىممۇ ، خەجلەشىممۇ بىلىش كېرەك» دېگەننى تەكىتلەيدىغان ، «يۇقىرى كىرىم ، يۇقىرى ئىستېمالغا» ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىدۇ ، تىرىشچان ، ئىقتىسادچان بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇنداق گەپ - سۆزلەر قۇلىقىمىزغا سىڭىپ قالدى ، رادىئو - تېلېۋىزىيىدىكى تەشۋىقاتلاردىمۇ كۆپىيىپ قالدى . ئاڭلىماققا داۋلىسى باردەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىسىدىكى ناھايىتى يۈزەكى قاراشتىن ئىبارەتتۇر .

بىرىنچى ، تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇش تۇرمۇش ئۆگىنىشنىڭ ئەڭگۈشتەرى . تىرىشچان بولۇش بىلەن ئىقتىسادچىل بولۇش تۇرمۇشتىكى بىر دىئالېكتىكا ، تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇش ياشاشنىڭ تۈپ يولى ، تىرىشچان بولمىسا ، كۆپ كىرىم قىلغىلى بولمايدۇ ، ئىقتىسادچىل بولمىسا ، كۆپ پۇل يىغقىلى بولمايدۇ . كىرىممۇ ئاز بولۇپ ھەم ئىسراپخور بولسا ، «چاپىنى تىزدىن ئاشمايدىغان» بولۇپ قالىدۇ . پەن - تېخنىكا ھەرقانچە تەرەققىي قىلسىمۇ ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەرقانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قول ئىلكىدە قالمايدىغان ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ . ئىقتىسادچىل بولۇشنى تەكىتلىشىمىز — كىشىلەرنى ئارام ئېلىپ ئوينىمىسۇن ، كىيىملەرنى ئۈستى - ئۈستىلەپ ياماپ كىيسۇن ، دېگەنلىك ئەمەس ، بەلكى ئاتا - ئانىلارنى ۋە بالىلارنى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۆگەنسۇن ، ئىلمىي ، مەدەنىي ،

www.uyghurkitap.com

ساغلام بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئادەتلەنسۇن ، بىر ئۆمۈر باياشات تۇرمۇش كەچۈرسۇن ، دېگەنلىكتۇر .

ئىككىنچى ، تېرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇش بىرخىل ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى . بەزى كىشىلەر تېرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇشنى قالاقلىق ، نامراتلىقنىڭ مەھسۇلى ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق بولغاچقا ، تېرىشچان بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ، نامرات بولغاچقا ، ئىقتىسادچىل بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇ ناھايىتى بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ قالاقلىقى تېرىشچان بولۇشنىڭ سەۋەبى ئەمەس ، كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ ماددىي بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن تېرىشچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ ؛ نامراتلىقتىن ئەمەس ، بەلكى ياشاش ئۈچۈن بايلىقنى ئىقتىساد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . تېرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇش كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى . تېرىشچانلىق خىزمەتكە ، ئۆگىنىشكە ، كەسىپكە تۇتقان پوزىتسىيە ، ئىقتىسادچىللىق ماددىي تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيە ، ئۇ بىر خىل تەربىيىلىنىش جەريانى ۋە ئەخلاق - پەزىلەت شەكلى .

ئەگەر بىر ئادەم بەتخەج ، ئىسراپخور بولسا ، خىلمۇ خىل بولمىغۇر خىياللار تۇغۇلىدۇ ، بولمىغۇر خىياللار كۆپەيگەنسېرى راھەت - پاراغەتكە بېرىلىدۇ ، بۇنداق ئادەت ئەۋج ئېلىپ كەتسە ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇۋاپىق ئىستېمال تەلىپىنى جاپاغا چىداپ ئاددىي - ساددا ياشاش ، تېرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇش بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم . دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرىلايدۇ ، دۆلەت بۇنىڭغا قارشى تۇرمايدۇ ھەم ئۇنى قىسمايدۇ ، ئەكسىچە ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىستېمال تەلىپىنى

قاندۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇشىغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ تۆۋەنلىتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ ھەم تاشلىنىپ قالمايدۇ. بىز باياشات جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ھالەتتىمۇ، ئاقىلانە، مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا يەنىلا چىڭ تۇرىمىز.

ئۇچىنچى، تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇش بىر خىل زامانىۋى ئاڭدۇر. ئاتا ـ ئانىلار شۇنى ھوشيارلىق بىلەن تونۇپ يېتىشى لازىمكى، مەيلى جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە يەتمىسۇن، پەن ـ تېخنىكا قانچىلىك تەرەققىي قىلمىسۇن، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك ۋاستىلىرى قانچىلىك ئىلغارلىشىپ كەتسۇن، تۇرمۇش باياشاتلىشىپ پۇل قانچە كۆپ بولۇپ كەتسۇن، يەنىلا بايلىقنى، ئېنېرگىيىنى، ھەربىر تامچە سۇنى، ھەربىر كىلوۋات توكنى، ھەربىر پارچە قەغەزنى، ھەربىر تال ئاشلىقنى تېجەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى يەر شارى پەقەت بىرلا، يەر شارىدىكى ئىنسانلارنى تەمىنلەيدىغان بايلىق، ئېنېرگىيە ھامان چەكلىك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىسراپ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

بايلىق ۋە ئېنېرگىيىنى تېجەش ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە جەزمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئاڭ.

**(3) بالىلارنىڭ خەجلەيدىغان پارچە پۇلىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك**

دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپىنچە ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بارا ـ بارا ياخشىلىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلىمۇ تەدرىجىي كۆپىيىۋاتىدۇ. پۇلنىڭ ئىككى تەرىپى بار، پۇلنىڭ بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇشى ياخشى ئىش ، لېكىن ئۇنى ياخشى ئىشلىتەلمىگەندە يامان ئىشقىمۇ ئايلىنىدۇ . ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇھىم بىر مەسئۇلىيىتى بالىلارنىڭ خەجلەيدىغان پارچە پۇلىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ، توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشتۇر .

بىرىنچى ، بالىلارغا خەجلەيدىغان پارچە پۇل بەرمىسىمۇ بولمايدۇ . بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا پارچە پۇل بېرىشنى قوللىمايدۇ ، بالىلارغا بىر نەرسە كېرەك بولسا ، ئۆزى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنى خاتا يولغا كىرىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ، قولىغا زادىلا پۇل تۇتقۇزمايدۇ . بۇمۇ توغرا ئۇسۇل ئەمەس . بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ، بالىلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى بارغانسېرى يېتىلىپ بارىدۇ ، ئۇلار كۈنسېرى ئېشىۋاتقان پائالىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە قوللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . خەجلەيدىغان پارچە پۇل بېرىشنىڭ ئۆزى بالىلارنىڭ ھازىرقى دەۋرگە ماس كېلىدىغان مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولۇپ ، بالىلارغا بولغان ئىشەنچ ھەم ھۆرمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر .

ئىككىنچى ، پارچە پۇلنى قالايمىقان بېرىشكىمۇ بولمايدۇ . بەزى ئاتا ـ ئانىلار خالىغاندا بېرىپ ، خالىمىغاندا بەرمەيدۇ ؛ خۇشال چاغلىرىدا جىق بېرىپ ، خاپا بولۇپ قالغاندا ئاز بېرىدۇ ؛ بەزىلەر بالىلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ ، ئۆزلىرى يېمەي ـ ئىچمەي ياكى بايۋەتچىلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ، بالىلىرى ئېغىز ئېچىپلا قالسا ، يېنىدا قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك بېرىۋېتىدۇ . نەتىجىدە بالىلارنىڭ پىلانسىز ئىستېمال قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، بۇ بالىلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار تۇيۇق يولغا

كىرىپ قېلىپ ، ئاتا ـ ئانىلارنى پۇشايمانغا قويۇشىمۇ مۇمكىن .

ئۈچىنچى ، بالىلارغا خەجلەيدىغان پارچە پۇلنى قانداق بېرىش كېرەك ؟

① سانى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك . زادى قانچىلىك بەرسە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم يوق ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ يېشى ، پائالىيەت دائىرىسى ، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن قانچىلىك بېرىشنى ئۆزلىرى ئويلاشسا بولىدۇ . ئومۇمەن ئالغاندا ، بالىلارنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ، ئازراق ئېشىش «يەتكۈزەلمىسە بەرمەسلىك ، ئېشىپ قالسا ئۆزىگە قېلىش» نى پرىنسىپ قىلىشقا بولىدۇ . سانىنى مۇۋاپىق بېكىتىۋالغاندا ھامان بىر مەزگىلگىچە ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك ، ھە دېگەندىلا ئۆزگەرتىۋەرگەندە بالىلارنى پىلانلىق تەربىيىلەش ، ئۆزىنى تىزگىنلەش ، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز ، شۇڭا بالىلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك ، بالىلارنىڭ خىيالىغا كەلگەندىلا پۇل سورايدىغان ، ئاغزىدىن چىققاننى ئالمىسا ئۇنىمايدىغان بەتخەجلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم .

② ۋاقتىدا بېرىش كېرەك . پارچە پۇل بېرىدىغان ۋاقىتنىڭ ئارىلىقىنى بالىلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بېكىتىش كېرەك . ئادەتتە تۆۋەن يىللىقتىكى بالىلارغا ئايدا بىرنەچچە قېتىمغا بۆلۈپ بېرىش ، يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئايدا بىر قېتىم بېرىش لازىم .

تۆتىنچى ، پۇلنى بېرىپلا قالماستىن ، يەنە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش كېرەك .

① نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقى ئېنىق بولۇشى كېرەك . بالىلارغا پارچە پۇلنى نېمە خالىسا شۇنى ئەمەس ، بەلكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشقا ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ، ئېھتىياجلىق بولغاندا ئىشلىتىش ، ئېھتىياجلىق بولمىغاندا ئىشلەتمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك .

② نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك . ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا ، پارچە پۇلنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . پۇلنى بېرىپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ . نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈش بالىلاردىن قۇسۇر ئىزدەش ، ئۇلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق ئىشلەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەمدە مۇۋاپىق ئىشلەتمىگەن چاغلىرىدا نەسىھەت ۋە تەربىيە قىلىش ئۈچۈندۇر . پۇلنى قانداق ئىشلەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈشتە باشتا قاتتىق بولۇش ، ئاستا - ئاستا ئازراق سۇرۈشتۈرۈش ، ئەڭ ئاخىرىدا بالىلارنى ئۆزلىرىنى باشقۇرالايدىغان قىلىش كېرەك .

③ ئامانەت قويۇشقا يېتەكلەش كېرەك . بالىلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى سېتىۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا (مەسىلەن ، ۋېلسىپىت دېگەندەك ) ئالدىراپ ماقۇل دېمەستىن ، بەلكى بىر مەزگىل پۇل يىغىش ، ئامانەت قويۇش ئارقىلىق «ئۆزىنىڭ پۇلىغا سېتىۋېلىش» قا يېتەكلەش كېرەك . بۇنداق قىلغاندا ، بالىلارنىڭ پۇل تېجەيدىغان ، پۇل ئامانەت قويىدىغان ئادىتىنى ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈرەش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ .

④ باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك . ئۆيدىكى تۇغقانلار ، بولۇپمۇ چوڭلار تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەندە باللارنى ئۆزلىرىنىڭ پارچە پۇلىغا سوۋغات ئېلىپ تەقدىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم . مەكتەپ ۋە جەمئىيەت جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلغاندا ، باللارنىڭ ئۆز قەلبىنى ئىزهار قىلىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم . باللارنى خەجلەشكە تېگىشلىك پۇلنى ئوچۇق قوللۇق بىلەن خەجلەش ، پىخسىق ، بېخىل بولۇپ قالماسلىققا يېتەكلەش كېرەك .

⑤ ھېسابات يېزىپ مېڭىشقا يېتەكلەش كېرەك . ھېسابات يېزىپ مېڭىش ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ مەقسەتسىز ، قالايمىقان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ، بىز ئاتا ـ ئانىلارغا باللارنىڭ ھېسابات يېزىپ مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش تەكلىپىنى بېرىمىز ، بۇ باللارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى بولغان كۆرسەتمىلىك تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ . باللار ھېساباتتىن دەپتىرىدىن خەجلەيدىغان پارچە پۇلىنىڭ كىرىم ، چىقىم ، ئېشىندى ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئىستېمال ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ ھەم شۇنىڭغا ئادەتلىنىدۇ ، ئادەتكە ئايلانغاندىن كېيىن ھېسابات يېزىشمۇ ئانچە زۆرۈر بولمايدۇ .

ئاتا ـ ئانىلار ، باللارنىڭ كۈندىلىك ئۇششاق ئىشلىرىدىن تارتىپ ھېيت ـ بايرام ، تۇغۇلغان كۈنلىرىگىچە بولىدىغان ئىستېمالىدا تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتكە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرەيلى ، بىز باللارنىڭ بۈگۈنىنىلا ئەمەس ، كەلگۈسىنىمۇ ئويلايلى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىندىستانلىقلارنىڭ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆزى بار: «قۇشنىڭ قانىتىغا ئالتۇن چېكىپ قويغاندا ئۇ مەڭگۈ ئاسماندا پەرۋاز قىلالايدۇ.»

## 2 . بالىلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيلى

### (1) بالىلار ھازىرقى دەۋرنىڭ مەدەنىي كىشىلىرىدىن بولسۇن

گېتې: «بىر ئادەمنىڭ ئەدەپلىك بولۇشى ئۇنىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك» دېگەنىدى. شۇنداق، بىر ئادەمنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى دائىم ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان چاغدىكى سۆز - ھەرىكىتى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. مەدەنىي بولغان قىياپەت، سۆز - ھەرىكەت خۇددى بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتىگە ئوخشاش سىزنى باشقىلارغا تونۇشتۇرىدۇ.

بىر ئاسپىرانت چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرماقچى بوپتۇ، ئۇ تۇرلۇك تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، باش ئەلچىخانىغا پاسپورت بېجىرىش ئۈچۈن بېرىپتۇ. ئەلچىخانا خادىمى ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغدا، ئۇ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى قالايمىقان ئاختۇرۇپ، باشقىلارنىڭ گېپىنى بۆلگىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا بۇ ئاسپىرانتنى ئەدەپ - قائىدىنى بىلمەيدىكەن، بىلىملىك ئادەملەرگە خاس سۈپىتى يوق ئىكەن دەپ، پاسپورتىنى بېجىرىپ بەرمەپتۇ.

دېمەك، مەدەنىي بولغان سالاپەت ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت جەريانىدىكى مەدەنىيەتلىكنىڭ

ئىپادىسى، ھازىرقى زامان مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر ئادەمنىڭ كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭمۇ ئاساسى. باللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، چوقۇم ئىشنى ئەدەپ ـ قائىدە تەربىيىسىدىن باشلاش، باللارغا ھازىرقى زامانغا خاس ئادەم بولۇشنى، ئەدەپ ـ يوسۇنلۇق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭ باللار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى، باللارغا ھەدىيە قىلىدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغىتى. ئۇ باللارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ، باللارنىڭ كىشىلەرگە ئوچۇق ـ يورۇق مۇئامىلە قىلىشىغا، شاد ـ خۇرام يۇرۇشىگە، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىغا، كىشىلەر بىلەن دوستانە ـ ئىناق ئۆتۈشىگە، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

**(2) ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا قائىدە ـ يوسۇن بولۇشى كېرەكمۇ ـ يوق؟**

بىر بەزى باللارنىڭ ئۆيگە كىرگەن ۋە ئۆيدىن چىققاندا ئاتا ـ ئانىسىغا سالام ـ سەھەت قىلمايدىغانلىقىنى، مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە ئۇدۇللا كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ تاماق پىشقاندا، ئاندىن چىقىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بەزى ئاتا ـ ئانىلار مۇئەللىملەرگە دەرد تۆكۈپ: «مېنىڭ بالام پەقەت مەكتەپتە مۇئەللىمنىلا ھۆرمەت قىلىدۇ، مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ـ يوسۇنلۇق بولىدۇ، بىراق ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆكتەملىك قىلىدۇ، چوڭلارغا پوشمۇ دەپ قويمايدۇ» دەيدۇ. بۇنداق باللارنى باشقىلار «ئائىلىدە تەربىيە قىلمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارغا

www.uyghurkitap.com

قائىدە ـ يوسۇن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنىڭ، بولۇپمۇ ئائىلىدىكى كىچىك ئىشلارغا سەل قارىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى .

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەلۇم بىر ئوقۇغۇچىسى «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت قائىدىسى» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر كۈنى ئۆيدىن چىققاندا: «دادا، ئاپا خەير ـ خوش» دەيدىكەن، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە؛ «ئەسسالام، دادا، ئاپا، مەن قايتىپ كەلدىم» دەيدىكەن. لېكىن دادىسى: «بولدى قىل، ئۆز ئادەملىرىگىمۇ سىپايىلىك قىلىش كېتەمدۇ؟ ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرمەي، تاشلا بۇ قىلىقلىرىڭنى» دەپتۇ. بۇنداق ئىدىيىۋى قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە بالىلارنى قانداقمۇ ياخشى تەربىيىلىگىلى بولسۇن؟

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا قائىدە ـ يوسۇن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ، ھالبۇكى، مۇئامىلىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سورۇن ئائىلىدىن ئىبارەتتۇر. بىزنىڭ ئەدەپ ـ يوسۇنلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، قېرىنداشلار ئىناق ئۆتۈش، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا قائىدە ـ يوسۇنلۇق مۇئامىلە قىلىشتىن باشلىنىدۇ. ئائىلىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت توغرا يولغا سېلىنسا، بۇ جەمئىيەتتىمۇ ئىپادىسىنى تاپسا، ئاندىن جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ تەبىئىي ھالدا راۋان بولىدۇ. «ئائىلە دۆلەتنىڭ ئاساسى»، ئائىلە ئەخلاقى جەمئىيەت

ئەخلاقىنىڭ ئاساسى ، ئائىلە ئەزالىرى مەدەنىيەتلىك ، ئەدەپلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرەلىسە ، دۆلەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ تەبىئىي ياخشىلىغىلى بولىدۇ .

**( 3 ) قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك ؟**

بىرىنچى ، ئائىلىدىكى قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىنى داستىخاندىن باشلاش كېرەك . مەلۇم بىر ئائىلە پەرزەنتلىرىگە قىلغان قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىدە ناھايىتى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن ، ئۇلار باللارغا بولغان قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىنى داستىخاندىن باشلىغان ، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ . ① تاماق تەييار بولغاندا داستىخان سالىدىغان ، تەخسە پىيالىلەرنى تىزىدىغان ، تاماقنى ئۇسۇپ ئەكېلىدىغان ئىشلارنى باللار ئۈستىگە ئالغان . ② تاماق تارتقاندا ، ئالدى بىلەن چوقۇم چوڭلاردىن باشلاشنى تۈزۈم قىلغان . ③ چاپا تارتىپ تاماق ئەتكەن ئانا داستىخانغا كەلگەندە ئاندىن تاماققا ئېغىز تېگىش كېرەك ، دەپ بەلگىلىگەن . ④ تاماق يېگەندە ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق ، ۋارقىراپ گەپ قىلماسلىق ، قاچىنى كۆتۈرۈپ ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرمەسلىك ، دەپ بەلگىلىگەن . ⑤ ئۆزى بالدۇر يەپ بولۇپلا ئالدىراپ داستىخان يۇغۇشتۇرماسلىق كېرەك ، دەپ بەلگىلىگەن . بۇنداق قائىدە - يوسۇنلار ئەنئەنىمىزدە بار بولسىمۇ ، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە رەسمىي بىر تەلەپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك .

ئىككىنچى ، باللارنى ئەدەپلىك سۆزلەشكە يېتەكلەش كېرەك . ئاتا - ئانىلار باللارنى مەدەنىي سۆزلەشكە تەربىيىلەشتە ، سۆزنى جايىدا ئىشلىتىشنى ، ئوخشاشمىغان

سورۇن، ئوخشاشمىغان سالاھىيەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن گەپ - سۆزدىمۇ پەرقلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش لازىم. جۇڭگودا كىشىلەرنىڭ نام - شەرىپىنى ئاتاش بىر خىل ئەدەپ - يوسۇننىڭ ئىپادىسى. ئادەتتە كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتىماسلىقى، تەلەپپۇزى يېقىملىق بولۇشى ھەم ھۆرمەت تۇسىنى ئېلىشى لازىم. ئۆزىدىن چوڭلارنى «ئاكا»، «ھەدە»، «تاغا» دەپ چاقىرىش، دوستلىرىغا قىزغىن، سىلىق - سىپايە بولۇش، باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، سەمىمىي ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا «سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم» دېيىش، ھەرگىز بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا «ھەي، بۇياققا كېلىپ ماڭا ياردەملەش» دېمەسلىك، چوڭلار سۆزلىشىۋاتقاندا قوشۇق سالماسلىق، بىرەر ئىشنى سوراپ قالسا، قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى، بالىلارغا مېھمان بولۇشنى، مېھمان كۈتۈشنى ئۆگىتىش كېرەك. سىرتقا چىقىپ مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈش تۇرمۇشتا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. بەزى بالىلارنىڭ ئائىلىدىكى يېتەكلىنىشى ياخشى بولمىغاچقا، باشقىلارنى كۆرسىلا تارتىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؛ بەزىلىرى مېھمانلار ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كىرىۋالىدۇ؛ بەزىلىرى ناھايىتى يۈرەكلىك ھالدا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ، چوڭ - كىچىك دېمەي قوپاللىق قىلىپ، كىشىنى بىزار قىلىدۇ. بۇنداق بالىلارنى ياخشى يېتەكلىمىگەندە، كېيىن جەمئىيەتكە چىققاندا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقىدۇ.

سىرتقا مېھمانغا بارغاندا تۆۋەندىكى قائىدە - يوسۇنلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

① ئۆي ئىگىسىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئالدىن ئالاقىلىشىش؛ ۋاقتىدا بېرىش، ئۆي ئىگىسىنى ساقلىتىپ قويماسلىق.

② ئىشىك ئوچۇق ياكى يېپىقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئىشىكنى يېنىك چېكىش ، ئۇسۇپلا كىرمەسلىك . ئەگەر ئىشىك يېپىقلىق بولسا قاتتىق مۇشلىماسلىق ، ھەرگىز تەپمەسلىك كېرەك .

③ ئۆي ئىگىسىگە ئالدى بىلەن سالام بېرىش ، قىزغىنلىق ، ئىللىق چىراي بولۇش ، خۇشياقمىغاندەك مۇئامىلە قىلىشتىن ، مۇز چىراي ئىكەن دېگەن تەسىراتنى بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم .

④ ئۆي ئىگىسى نازۇ نېمەتلەرنى سۇنغاندا ، كۆلۇمسىرەپ قوش قوللاپ ئېلىپ ، رەھمەت ئېيتىش كېرەك .

⑤ ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە قاتراپ يۈرمەسلىك ، ئۆي ئىگىسىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى خالىغانچە ئاختۇرماسلىق ، تېلېۋىزورنى ئۆزى بىلگەنچە ئېچىپ ، بېسىپ يۈرمەسلىك كېرەك .

⑥ چوڭلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تۆرگە چىقىۋالماسلىق كېرەك .

⑦ خوشلاشقاندا قىزغىن بولۇش .

ئەگەر سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز مېھمانغا بارغاندا يۇقىرىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا دىققەت قىلالىسا ، باشقىلار ئۇنى چوقۇم ئەدەپلىك بالا ئىكەن ، دەپ ماختايدۇ .

ئۆيدە مېھمان كۈتۈشتىكى قائىدە ـ يوسۇن مېھمان بولۇش بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ ، ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى ، ساھىبخان بولغاندا تېخىمۇ تەشەببۇسكار بولۇش كېرەك .

تۆتىنچى ، سىرتقى قىياپىتىنىڭ مەدەنىي بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك . بىز باللارغا ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا كىيىنىشكە ، قىياپەتكە دىققەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز لازىم ، مەسىلەن ، ئادەتتە ئائىلىدە قىزلار بەدەنگە چىڭ كېلىدىغان كىيىملەر بىلەن ، ئوغۇللار ئاسما مايكا

بىلەن يۇرسىمۇ كارايىتى چاغلىق ، لېكىن ئۆيگە مېھمان كەلگەندە كىيىنىشكە دىققەت قىلىش ، ھېچبولمىغاندا ، بەدەننى بەك ئوچۇق قويماسلىق كېرەك . كوچىلارغا چىققاندا ، تونۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ، مەكتەپتە ساپماكەش ، ئاسما مايكا ، كالتائىشتان كىيىش قائىدە - يوسۇنغا ، ئالاقە ئىشلىرىغا توغرا كەلمەيدۇ . مېھمانغا ، زىياپەتكە بارغاندا چىرايلىق ، يارىشىملىق كىيىنىش ، چېچىنى ئوبدان تاراش ، داستىخاندا تەكەللۇپ بىلەن ئولتۇرۇش ، ئالدىراپ قول سالماسلىق كېرەك . توي - تۆكۈنلەرگە بارغاندا بەك سادداكىيىنمەسلىك ، قىزغىن خۇشال كەيپىياتقا ماسلىشىش كېرەك . مۇسىبەت ئىشلىرىدا قېنىق رەڭلىك ، سادداكىيىملەرنى كىيىش ، گۈللۈك ھەم ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيمەسلىك كېرەك . قىسقىسى ، تاشقى قىياپەتكە دىققەت قىلىشمۇ ئەدەپ - قائىدىنىڭ بىر ئىپادىسى ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھالقا .

بەشىنچى ، قائىدە - يوسۇن نوقۇل تاشقى ئوبراز مەسىلىسىلا ئەمەس . گېئوتى مۇنداق بىر سۆزنى ئېيتقان : «ئەڭ يۇكسەك ئەدەپ - قائىدە چوڭقۇر قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەت دېمەكتۇر ، بىزنىڭ بالىلارغا ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇش ھەققىدە تەربىيە قىلىشىمىز سۇنئىيلىك ھەم قۇرۇق گەپ سېتىش ئەمەس ، بەلكى قەلبىدىكى ئېسىل پەزىلەتنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر .» شۇڭا بالىلارغا «رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئۆگىتىش ناھايىتى ئاسان . لېكىن ، تېخىمۇ مۇھىمى بالىلارنى رەھمەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلدۇرۇشتۇر . بالىلار «رەھمەت» دېگەن سۆزنى قىلغاندا ، ئاغزىنىڭ ئۈچىدا ئەمەس ، چىن قەلبىدىن چىققان ھەقىقىي مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا بولۇشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ، سەمىمىيلىكىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم . مانا بۇ كىشىلىك مۇئامىلىدىكى

ئاچقۇچلۇق مەسىلە .

ئالتىنچى ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇش تەربىيىسىنىڭ مۇھىمتى ۋە ئۇسۇلى — ئەدەپلىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر . بالىلارنى ئەدەپلىك بولسۇن دېسەك ، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم . ئائىلە ئەزالىرى «مەرھەمەت» ، «رەھمەت» ، «كەچۈرۈڭ» دېگەنگە ئوخشاش ئەدەپلىك سۆزلەرنى دائىم ئىشلەتكەندىلا ، بالىلارنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ ، ئۇنى ئاڭلىق هالدا ئادىتىگە ئايلاندۇرىدۇ . لېكىن ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئىشلارغا ئۆزلىرى ئەھمىيەت بەرمەيدۇ . مەسىلەن ، ئايرىم ئاتا ـ ئانىلار ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، باشقىلارنىڭ دەم ئېلىشىغا ۋە خىزمىتىگە تەسىر يېتىشى بىلەن كارى بولمايدۇ ، بەزىلەر ئۆزلىرىگە ئاسان بولۇشىنىلا كۆزلەپ ، ئەخلەتنى دېرىزىدىن تاشلايدۇ . ئۆزى ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىغان ، گەپ ـ سۆزلىرى قوپال بۇنداق ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى قائىدە ـ يوسۇنلۇق قىلىپ تەربىيىلىيەلەمدۇ ؟

ئەدەپ ـ قائىدە تەربىيىسى تەبىئىي ئېلىپ بېرىلىشى ، بالىلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ، ئەدەپلىك يېتەكلەشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم . ئەپسۇسكى ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئەدەپ ـ قائىدە تەربىيىسى قىلغاندا قوپاللىق قىلىدۇ ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بالىلىرىنى ئەدەپلىك بولمامسەن ، دەپ مەجبۇرلايدۇ ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەيىبلەپ ، مەسخىرە قىلىپ ، تىللايدۇ . چوڭلار ئەدەپ ئۇقمايدىغان بالىلارغا قوپاللىق ، ئەدەپسىزلىك بىلەن تەربىيە قىلغاندا ، بالىلار تېخىمۇ ئەدەپ بىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ .

شۇڭا ، تەربىيە كۆرگەن ، مەدەنىيەتلىك ئاتا ـ ئانىلارلا مەدەنىيەتلىك بالىلارنى تەربىيىلەپ چىقالايدۇ . ھەممە ئائىلە تىرىشىپ ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ، ئەدەپلىك بولغان

ئوبرازىمىزنى يارىتايلى .

## 3 . بالىلارنى ئىنتىزامغا ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيلى

### (1) قانۇن تەربىيىسىنى ئىمكان بار بالدۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالار ئىچىدە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىملىقى بەلگىلەنگەن . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىنتىزام ، قانۇن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش پۈتۈن پۇقرالار ئىچىدە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى .

ئۆسمۈر بالىلار «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ، ئۇلار قانۇن قارىشى ئاجىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ . مەسىلەن ، چوڭ يولدىن ئۆتكەندە پىيادىلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن توغرا سىزىقتىن ماڭماسلىق ، يول ئوتتۇرىسىدىكى رىشاتكىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈش ، ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە ئادەم مىندۈرۈش ، چوڭ يولدا قوغلىشىپ ئويناش ، يول چىراغلىرىنى ، يول بەلگىلىرىنى بۇزۇۋېتىش ، ماشىنىغا تاش ئېتىش ، ساۋاقداشلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ، قىمار ھەم شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار ئويناش ، سېرىق مەزمۇندىكى كىتاب ـ ژۇرناللارنى ، سىنئالغۇلارنى كۆرۈش ، باشقىلارنىڭ خېتىنى ئېچىپ كۆرۈۋېلىش ، كونۇپىرتتىكى ماركىلارنى سويۇپ ئېلىۋېلىش قاتارلىقلار . ئەمەلىيەتتە بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى قائىدە ـ قانۇنغا خىلاپتۇر .

لېكىن ، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزەرىدە ، قانۇن

تەربىيىسى چوڭلارغا قارىتىلغان، باشلانغۇچ مەكتەپتە قانۇن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مەزگىل بالىلارنىڭ جەمئىيەتنى تونۇشتىكى دەسلەپكى مەزگىلىدۇر، بۇ مەزگىلدە بالىلار ياخشى تەربىيىنىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، يامان ئىدىيە، يامان قىلىقنىڭ تەسىرىگىمۇ ئاسان ئۇچراپ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدۇ. شۇڭا، كىچىكىدىن باشلاپ بالىلارغا قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، بالىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى.

باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىغا قانۇن، ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بالىلارنى كۆندىلىك تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاممىباب، يۈزەكى قانۇن بىلىملىرىگە ئىگە قىلىشنى، قانۇن ئېڭى توغرىسىدا دەسلەپكى تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلاردا ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئېڭىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈپ، كىچىكىدىن باشلاپ قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قانۇن تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، مۇھىم نۇقتىنى «قاتناش باشقۇرۇش قائىدىسى»، «ئامانلىق باشقۇرۇش جازالاش نىزامى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەشكە قارىتىشى لازىم. يۇقىرى يىللىقتىكى بالىلارغا قارىتا يەنە مۇۋاپىق تۈردە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئائىت ساۋاتلار توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ.

**(2) ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قانۇن تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىشى كېرەك؟**

بىرىنچى، كىچىك پۇقرا بولۇش ئېڭىنى تىكلەش كېرەك. بالىلارغا جەمئىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان روللارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويناياڭغانلىقىنى ، يەنى مەكتەپتە ئوقۇغۇچى ؛ ئائىلىدە پەرزەنت ؛ ماگىزىندا خېرىدار ؛ دۆلەتتە پۇقرا بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك . نۇرغۇن ئادەملەر 18 ياشقا توشقاندىلا ، ئاندىن پۇقرا ھېسابلىنىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىلا پۇقرادۇر . پۇقرالار ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىرگە ، ھەممىسى پۇقرالارنىڭ ئاساسىي مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك . مەسىلەن ، دۆلەتنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ، جەمئىيەت ئەخلاقىغا ئەمەل قىلىش ، دېگەنگە ئوخشاش . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قانۇن تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا ئالدى بىلەن بالىلاردا «مەن دۆلەتنىڭ كىچىك پۇقراسى ، پۇقرالار نۇرغۇن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەم نۇرغۇن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ» ، «مەن لاياقەتلىك بىر كىچىك پۇقرا بولىمەن» دەيدىغان ئاڭنى ئېنىق تۇرغۇزۇشى لازىم .

ئىككىنچى ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان كۆز قاراشنى يېتىلدۈرۈش كېرەك . ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرىدىغان مەلۇم ئورۇننىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا ، باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ يېتەرسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان . باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ يېشى كىچىك ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز ، قىزىقىشى كۈچلۈك ، شوخ ، ئەركە بولغانلىقى ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەنلىكى ، راھەت ـ پاراغەتكە ئىنتىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ، ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇشنى خالىمايدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ ، نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ .

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى تىكتاك توپ ئويناۋېتىپ بىر ساۋاقدىشى بىلەن جىدەللىشىپ قالغان ، ھەر

ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە يول قويماي ، ئاخىر سوقۇشۇشقا باشلىغان ، بۇ ئوقۇغۇچى تاش بىلەن ئۇرۇپ قارشى تەرەپنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ ، ئۆمۈرلۈك مېيىپقا ئايلاندۇرۇپ قويغان . يەنە ئىككى ئوقۇغۇچى تامدىكى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تەشۋىقات رەسىمىدىكى «119» دېگەن مەلۇم قىلىش تېلېفون نومۇرىنى كۆرۈپ ، بىرى : «دادامنىڭ ئېيتىشىچە ، مۇشۇ تېلېفون نومۇرىغا تېلېفون ئۇرسىلا ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بىردەمدىلا كېلىدىكەن» دېگەن ، يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئىشەنمەي : «ئۇنداق بولسا سەن تېلېفون بېرىپ چاقىرالامسەن ؟» دېگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىنادىن چۈشۈپ ، ئوت كەتكەنلىكى توغرىسىدا تېلېفون بەرگەن ، ھەم مەكتەپ كوچىسىنى ئوت كەتتى ، دەپ مەلۇم قىلغان . ئۇزۇن ئۆتمەي ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرى سىگنال بېرىپ ئۇدۇل مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن ، بۇنىڭدىن پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ھەيران قالغان . بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى بۇ ئىشنى ھېلىقى ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئوقۇغۇچى سوراق قىلىنىپ ، يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلغان ھەم 200 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان .

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردىكى ئىپادىسىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشى ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى يېڭىدىن ئاشكارىلانغان يامان ئىپادىلىرىنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ ، كىچىك ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ قەھرىمان شەخسلەرگە چوقۇنۇش ۋە ئۇلارنى دوراشتەك پسىخىكىسىغا ئاساسەن ، ئۇلارغا قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ئىلغارلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ تەسىرلەندۈرۈشى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، كۆرگەزمىلەردىكى ،

تېلېۋىزورلاردىكى ۋە ئەتراپىدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھەقىقىي ئىشلىرىنى تەربىيە مەزمۇنى قىلىشى لازىم ، لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ ، ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا ، بالىلارغا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىپ بېرىپ ، ئۇلارغا نېمىنىڭ ياخشى ، توغرا بولىدىغانلىقى ، نېمىنىڭ يامان ، چەكلىنىدىغانلىقى ۋە قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك . بالىلار ئىجابىي ھەم سەلبىي جەھەتتىكى ئىشلاردىن كۆپرەك خەۋەردار بولغاندا ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا تەبىئىي يوسۇندا : «قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم» ، «ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلغاندا جازاغا ئۇچرىماي قالمايدۇ» دەيدىغان قاراش شەكىللىنىدۇ .

بالىلاردا قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئېڭى تەدرىجىي يېتىلگەندىن كېيىن ، مۇقەررەر ھالدا قانۇن ـ ئىنتىزام ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، بالىلارنى ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك .

① ئاممىۋى تەرتىپكە رىئايە قىلىش كېرەك . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا نەرسە كېرەك سېتىۋالغاندا ، ماشىنىغا ئولتۇرغاندا ۋە ئادەم كۆپ جايلارغا بارغاندا ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپكە دىققەت قىلىشقا ، زۆرۈر بولغاندا ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا ، قالايمىقان قىستىماسلىققا دەۋەت قىلىشى ، پىيادىلەر يولىدا مېڭىشقا ، يولدىن ئۆتكەندە بەلگە چىرىغىغا دىققەت قىلىشقا ئۆگىتىشى ، كونسېرت ۋە كىنو كۆرگەندە ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ ، جىمجىتلىقنى ساقلاشقا ئادەتلەندۈرۈشى لازىم .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەممەيلەن ئاممىۋى تەرتىپكە ئەمەل قىلمىغاندا ، قانداق قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ

بىلدۈرۈش كېرەك .

جاڭ فامىلىلىك بىر ئوقۇغۇچى كېچىدە ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىگە ئادەم مىندۈرۈپ تۆت كوچىدىن ئۆتكەندە قىزىل چىراغ يانغان ، ئۇ ئۇدۇل تەرەپتە ماشىنا يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، قىزىل چىراغقا پەرۋا قىلماي ئالدىغا مېڭىۋەرگەن ، بۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىن بىر چوڭ ماشىنا كېلىپ ئۇلارنى سوقۇۋەتكەن ، نەتىجىدە بىرى ئۆلۈپ ، بىرى ئېغىر يارىدار بولغان . مانا بۇ قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەت .

② ئاممىۋى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس ، ئۇ بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ۋە دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بىر پۈتۈن سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . ئاتا - ئانىلار بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىدىكى شەخسىي تازىلىققىلا ئەمەس ، ئاممىۋى تازىلىققىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم . بالىلاردا چوقۇم ئاممىۋى سورۇنلاردا خالىغان يەرگە تۈكۈرمەيدىغان ، قالايمىقان نەرسە تاشلىمايدىغان ، قالايمىقان خەت يازمايدىغان ، قالايمىقان رەسىم سىزمايدىغان ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى چەكلەپ تۇرالايدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم .

③ ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراش كېرەك . بۇ «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت قائىدىسى» دىكى مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرى ، شۇنداقلا ، قانۇن - ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى . بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئومۇمنىڭ مال - مۈلكى ناھايىتى كۆپ ، شۇڭا ئىشنى بالىلارنى ئۆز ئەتراپىدىكى ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراش ھەققىدە تەربىيىلەشتىن باشلاش كېرەك . مەسىلەن ، مەكتەپنىڭ

پارتا ـ ئورۇندۇقلىرى ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرى ، تەنھەرىكەت سايمانلىرى ، كوچا چىراغلىرى ، يول بەلگىلىرى ، ئاممىۋى تېلېفونلار ، چۆپلۈكلەر ، رىشاتكىلار ، مېۋىلىك دەرەخ قاتارلىقلار . ئومۇمنىڭ مۈلكىنى خالىغانچە بۇزماسلىق ، ئازراق پايدىنى كۆزلەپ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلماسلىق كېرەك .

يۇقىرىدىكىلەر ئەرزىمەس ئىشلاردەك كۆرۈنسىمۇ ، بۇ دەل بالىلارغا قانۇن توغرىسىدا ئىپتىدائىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ، بۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىلار ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقى لازىم .

تۆتىنچى ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئائىلىنىڭ قوغداش ۋە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش كېرەك . «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» دا ئېنىق قىلىپ ، ئائىلىدىكى قوغداش «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، دەپ كۆرسىتىلىپ ، تۆت تۈرلۈك قوغداش (ئائىلىدە ، مەكتەپتە ، جەمئىيەتتە ، ئەدلىيىدە قوغداش) نىڭ بىرىنچىسىگە قويغان ، دۆلەت قانۇن جەھەتتىن ئائىلىنىڭ قوغدىشىنىڭ مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈردى ھەمدە جىسمانىي جەھەتتىن قوغداشتىن باشقا ، ئائىلە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بەلگىلىدى . ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتى بالىلارغا ئۈلگە بولۇپ ، ئۇلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . بالىلارنىڭ دىتى ۋە ئەخلاقى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئاتا ـ ئانا ۋەسىيىتىنىڭ ئۇدۇمىدۇر . قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ بىخى ئەڭ دەسلەپتە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسىتىشى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ . شۇڭا ، ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇش ـ بولماسلىقى ، ئائىلە ئىستىلىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقى ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى ئائىلىنىڭ قوغدىشى

ۋە تەربىيىلەش رولىنىڭ نورمال جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئائىلىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى ۋە تەلەپلىرى مۇۋاپىق بولمىسا ، ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق بولسا ، بېسىم قىلىنسا ، قوپال بولسا ، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ ھېسسىياتى يىراقلىشىدۇ ، قارىمۇ قارشى بولۇپ قالىدۇ ، بالىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ياكى ئۆزىنى نابۇت قىلىش يولىغا مەجبۇرلاپ قويىدۇ . ئەگەر ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلسە ، ھەتتا بالىلارغا چاپان ياپسا ، چوڭلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەتۈرسىگە ئۆرۈلۈپ ، بالىلارنى باشقۇرغىلى بولماي قالىدۇ ، نەتىجىدە بالىلارنىڭ يۈرىكى بارغانسېرى يوغىناپ ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ ، قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان يولغا كىرىپ قالىدۇ .
«قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 10 - ماددىسىدا يەنە : «ئاتا - ئانىلار ۋە ۋەسىيلەر ساغلام ئىدىيە ، پەزىلەت ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تاماكا چەكمەسلىك ، ھاراق ئىچمەسلىك ھەمدە قىمار ئوينىماسلىق ، زەھەر چەكمەسلىك ، پاھىشە قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن .

«قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» ئاتا - ئانىلار بىلەن ۋەسىيلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىنى قانۇنلاشتۇرۇپ بەردى ، بۇ ئاتا - ئانىلار بىلەن ۋەسىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە ، ئائىلە تۇرمۇشى ۋە تەربىيە مۇھىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق . بىز ھەر بىر ئاتا - ئانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قانۇن بويىچە قوغدىشىنى ، تەربىيىلىشىنى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى شارائىتتا ماسلىشالايدىغان ، قانۇنغا ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان يېڭىچە يۇقرالارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

www.uyghurkitap.com

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1 . بالىڭىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ قانداق تەربىيىلىنىۋاتىدۇ ؟

2 . بۇ مەزمۇندىكى لېكسىيە ئاخىرلاشقاندا ، بىز بىرقىسىم مۇلاھىزە سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيىلەۋاتقانلىقىنى ئويلىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز . بۇنىڭلىق بىلەنلا بالىلارنى يارامىلىق ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىۋالدى ، دېگىلى بولمايدۇ ، ھالبۇكى ، بۇلار بالىلارنىڭ ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشكە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپتۇر . ئەگەر سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز بۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقالمىغان بولسا ، تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىڭ .

(1 ) بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم نۇقتا ۋە ئالدىنقى ئورۇنغا قويدىڭىزمۇ ـ يوق ؟

(2 ) بالىڭىز باشقىلارنىمۇ ئويلامدۇ ، ئاجىزلارغا ، كىچىكلەرگە ، مېيىپلارغا ، ياشانغانلارغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلامدۇ ؟

(3 ) بالىڭىز دادىسى ۋە ئاپىسىنىڭ يېشىنى ، تۇغۇلغان كۈنىنى توغرا ئېيتىپ بېرەلەمدۇ ؟

(4 ) سىز ئاغرىپ قالغاندا بالىڭىز سىزگە تەسەللىي بېرىپ ، دورا ۋە قايناق سۇ ئەكېلىپ بېرەلەمدۇ ؟

(5 ) بالىڭىز ئۆي ئىشلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشەمدۇ ؟

(6 ) بالىڭىز ئاتا ـ ئانىسى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلامدۇ ؟

(7 ) بالىڭىز تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەك تاللامدۇ ، سۇ ، توك ، تاماق ۋە دەپتەر ـ قەلەمنى ئىسراپ قىلامدۇ ؟

(8 ) بالىڭىز خەجلەيدىغان پارچە پۇلنى ئېشىنىپ بانكىدا ئامانەت قويدىمۇ ؟

(9 ) بالىڭىز قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلامدۇ ، ئومۇمنىڭ

مال - مۈلكىنى ئاسرامدۇ ؟

(10) بالىڭىز باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ دوست بولالامدۇ ؟

(11) بالىڭىز ئۆيلەرنى تازىلاپ ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيالامدۇ ؟

(12) بالىڭىزنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ، سىز ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويالىدىڭىزمۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالىلارنى بىلىم ئېلىشقا يېتەكلەيلى

تىرىشىپ ئۆگەنگەندىغانلار ئۇستاز بولمىسىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ تىرىشمايدىغانلار ئۇستاز ھەرقانچە كۈچىسىمۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ.

تەلىم - تەربىيىدە بىلىم بېرىشكە ئازراق كۈچەپ، بىلىمگە ئېرىشىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كۆپرەك تىرىشىش كېرەك.

بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى بولىدۇ، بالىلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىنى ئارزۇ قىلىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئورتاق تىلىكى. ئاتا - ئانىلارنىڭ قولى قىسقا بولسىمۇ، ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىشتا مەبلەغ سېلىشقا يەنىلا چىدايدۇ. لېكىن، نىشان ئېنىق، ئۇسۇل توغرا بولمىسا، نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ، ھەتتا ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىشنى بىلگەنلەر كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، ئومۇمىيۈزلۈك ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تۈپ مەقسەت، ئىجادچانلىق روھى بىلەن ئەمەلىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۇنى يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشى لازىم.

# 1. ئىلىم ئۆگىنىش نومۇر قوغلىشىشتىن مۇھىم

«نومۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭگۈشتەرى، ئوقۇغۇچىنىڭ جېنى». بۇ گەپ مەملىكىتىمىزدە كەڭ تارقالغان. نۇرغۇن ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى بالىلارنىڭ ياخشى ئۆگەنگەن- ئۆگەنمىگەنلىكىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىۋالىدۇ. بەزى ئاتا- ئانىلار بالىلىرىغا ھەرقېتىملىق ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالسەن، ئەڭ ياخشىسى ھەممە دەرستە 100 نومۇر ئالغىن، دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. بالىلىرى يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشسە خۇشال بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ؛ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە، چىرايى تۇتۇلۇپ، ھەتتا ئاچچىقلىنىپ تىللاپ، ئۇرۇپ، بالىلارنى جازالايدۇ. بالىلارنىڭ ئەلا- ناچارلىقىنى نومۇر بىلەن ئۆلچەيدىغان بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراش بالىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نومۇر مەلۇم دەرىجىدە بالىلارنىڭ بەزى بىلىملەرنى ئىگىلەش ئەھۋالىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئەگەر ئىمتىھان سوئالى ياخشى چىقىرىلسا، بالىلارنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۆگىنىشنى ياخشىلىشىغا تۈرتكە قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇ بالىلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئىلىم ئۆگەنگەن- ئۆگەنمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى:

**(1) بۇرۇنقىلار «ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق» دېگەنىدى**

بۈگۈن بىز پەن- تېخنىكا كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان، بىلىم گېئومېترىيىلىك شەكىلدە ئېشىۋاتقان ھەم بىلىم ئىگىلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتەكچى قىلغان ئۇچۇر دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز . بۇ مۆجىزە يارىتىلىدىغان دەۋر . كەلگۈسى كىشىنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ قاماشتۇرىدۇ . مەكتەپتىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ مەزمۇنى ھەرقانچە مۇكەممەللەشسىمۇ ، ھەرقانچە ئىلغارلاشسىمۇ ، بالىلار مەكتەپتىكى بىلىمنى ھەرقانچە چوڭقۇر ئىگىلىسىمۇ ، ئېسىدە ھەرقانچە پۇختا ساقلىسىمۇ ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن ، مۇقەررەر ھالدا يېڭى بىلىمگە دۇچ كېلىدۇ ، ھەم مۇستەقىل ، ئىجادىي يوسۇندا ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ . ھازىرقى بۇ جەمئىيەت ئۆگەنمىسە بولمايدىغان جەمئىيەت ، ھازىرقى ساۋاتسىزلار خەت تونۇمايدىغانلار ئەمەس ، بەلكى ئۆگىنىشنى بىلمەيدىغانلاردۇر .ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تىلىدا «كىشىگە بېلىق بەرگۈچە ، بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەتكىن» دېگەن گەپ بار . بۇ ، بىلىم قىممەتلىك ، ئىلىم ئۆگىنىش قابىلىيىتى تېخىمۇ قىممەتلىك ، دېگەننى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

### (2) يۇقىرى نومۇرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك

يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئوخشاشمايدۇ . بەزىلىرى ئۆگىنىشكە ماھىر بولغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ، بۇنى ھەقىقەتەن قۇۋۋەتلەشكە ئەرزىيدۇ ؛ بەزىلىرى ئۆلۈك يادلىغانلىقىنىڭ ، «چاينىماي يۇتقان» لىقىنىڭ ، سەھەر قوپۇپ ، كەچ يېتىپ ، سوئال - جاۋاب تاكتىكىسى قوللانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى . ئېنگېلس بۇ خىل ئۆلۈك يادلاش ئۇسۇلىنى تەنقىد قىلىپ : «كىشىنى چۆچۈتىدىغان كىتاب يادلاش ئۇسۇلى» دېگەنىدى . ئۇ «بۇنداق قىلغاندا يېرىم يىل ئۆتمەي ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ» دېگەن . چۈنكى بۇ ئۇسۇل بالىلارنىڭ مول ، جانلىق تەسەۋۋۇرىنى ۋە پىكرىنى بوغۇپ ، ئىجادىي روھىنى كىشەنلەپ قويىدۇ ، بۇنداق بالىلار ۋاقتىنچە يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشسىمۇ ، لېكىن بەربىر ئۇزاققا بەرداشلىق

بىرەلمەيدۇ ، دەرسلەر كۆپىيىپ ، دەرس مەزمۇنى چوڭقۇرلاشقاندا ، ھەم ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش تەلىپى يۇقىرىلىغاندا ، ئېھتىمال سەپتىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن . بۇنداقلار مەكتەپ ئۆرلەش رىقابىتىدە شاللىنىپ قالمىسىمۇ ، يۇقىرى نومۇرلۇق ، تۆۋەن ئىقتىدارلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۇ ھەرگىز بىزنىڭ كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز ئەمەس .

**(3) ئىمتىھان نەتىجىسى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە دائىم تاسادىپىيلىقلار يۈز بېرىدۇ**

نومۇرنى ھەددىدىن زىيادە مۇھىم بىلگەندە دائىم كۆڭۈلكلەر ، تەلەيلىكلەر مۇكاپاتلىنىپ ، تەلەيسىزلەر ، گاراڭلار ھەمدە باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان بالىلار جازالىنىدۇ . نومۇر خۇددى كەمپۈتكە ئوخشاش بەزى بالىلارنى مەھلىيا قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەل قارايدىغان قىلىپ قويىدۇ ؛ يەنە بىر قىسىم بالىلار ئۇچۇن كالتەك بولۇپ ، ئۇلارنى ئۇرۇقتۇرۇپ قويىدۇ ، ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ، ئۇلار ئۈزلۈكسىز مەغلۇبىيەتتىن ھەسرەت چېكىدۇ . مەلۇم بىر كىشى بالىسى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندە ، ئۇنىڭدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىشىنىمۇ ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشىنىمۇ تەلەپ قىلمىغان ، بەلكى بالىسىنىڭ توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشىنى ، ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىنى ، ئۆگىنىشكە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاشىنى ، تىرىشىپ ئىزدىنىشىنى تەلەپ قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىسىنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىشىگە ياردەملىشىشكە ، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىپ ، نومۇرنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن . يۇقىرى نومۇر قوغلاشمايدىغان بۇ بالا ئوتتۇرا

مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، نەتىجىسى يىلدىن ـ يىلغا يۇقىرىلاپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. بۇ ئۇسۇل بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

نومۇرغا ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەندە، بەزى بالىلارنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى نابۇت قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. چەت ئەلدىكى بىر قىزىقارلىق ستاتىستىكىدىن بايقىلىنىشىچە، زور ئىشلارنى قىلغان ئالىم، كەشپىياتچىلار ئىچىدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىرى پەقەت بەش پىرسەنتنى، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆگىنىش نەتىجىسى گەۋدىلىك بولمىغانلىرى 55 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. ئەقلىي كۈچ يوشۇرۇنچانلىقىقا ئىگە بولغاچقا، تاشقى جەھەتتە پۈتۈنلەي ئاشكارا بولۇپ كەتمەيدۇ، ئاشۇ كىشىلەر پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، كونا قائىدىلەرگە باغلىنىپ قالماي، ئۆزگىچە تەپەككۇر قىلالىغانلىقى ياكى ئالاھىدە قىزىقىشى، ھەۋىسى بولغانلىقى، ئادەتتە يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، خاتا ھالدا مازاق قىلىنىشقا ئۇچرىغان. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرى نومۇر ئېلىشنى ئۇنچە قالتىس ئىش، دەپ قاراپ كەتمەسلىكى كېرەك. بالىمىز ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغانلاردىن بولمىسىمۇ، ئۇلار ھامان ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ ياكى مەلۇم بىر تەرەپتە كۆزگە كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، ھەربىر بالا كىشىلىك غورۇردىن بەھرىمەن بولۇشى، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىشى لازىم. ئەگەر نومۇرنى ھەددىدىن زىيادە مۇھىم بىلىپ، بالىلارنى بىر قېلىپقا، بىر ئۆلچەمگە سالغاندا، ئۇلارنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەممىسى ئالدىراش ئۆتىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆز كەسپى ۋە نۇرغۇن ئۇششاق ئائىلە ئىشلىرى بولىدۇ، مۇبادا ئۇلار بالىلىرىنىڭ

ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى مۇھىم نۇقتىنى نومۇر ئېلىشتىن ئىلىم ئۆگىنىشكە قارىتالىسا، ئاندىن ۋاقىتنى جايىغا ئىشلەتكەن، ئىشنى جايىدا قىلغان بولىدۇ.

## 2. بالىلارنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشىغا تېز رەك ماسلىشىشىغا ياردەملىشەيلى

ئادەتتە ئىشنىڭ ياخشى باشلانغانلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمى، دەيمىز. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەكتەپ تۇرمۇشىغا تېزرەك ماسلىشىشىغا ياردەملىشىشى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇشى ئۈچۈن بىر ياخشى باشلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم.

بالىلار يېڭى سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن خۇشال ـ خۇرام كىرىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېپيېڭى بىر دۇنيا نامايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولۇپ، يېڭى ئادەملەر، يېڭى ئىشلار ۋە يېڭى مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ياقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ كېتەلەمدۇ ـ يوق؟ بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپكە ماسلىشىش مەزگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىلار بۇ ۋاقىتتا نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟

### (1) باشلانغۇچ مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق تونۇشى كېرەك

ئويۇن ئويناشنى ئاساس قىلىدىغان بالىلىق مەزگىلىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىدىغان ئوقۇش مەزگىلىگە ئۆتۈش ماھىيەتتە بىر سەكرەش باسقۇچى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىنچى، بالىلار مەكتەپكە كىرىشنىڭ ئالدىدا ھېكايە ئاڭلاشنى، بالىلار ناخشىسى ئېيتىشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىشنى، ئويناشنى ئاساس قىلىدۇ، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۆگىنىشنى، تاپشۇرۇق ئىشلەشنى، مەكتەپتىكى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ ئېنىق نىشانى بولغان، ئەتراپلىق، پىلانلىق، تەشكىللىك، سىستېمىلىق، قاتتىق باھالاش ئۆلچىمىگە ئىگە ئۆگىنىش پائالىيىتىدۇر.

ئىككىنچى، ئۆگىنىدىغان دەرسلەر كۆپ، ئۆگىنىش ۋاقتى ئۇزاق بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى تۇرمۇشتا بىر قەدەر ئەركىن بولالايدۇ، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى»، «دەرسخانا ئىنتىزامى» قاتارلىق ھەر خىل قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، جەمئىيەت، مەكتەپ، ئائىلە ئۇلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ.

**(2) قانداق قىلغاندا بالىلارنى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە تېز ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟**

بالىلار باغچىلىرىنىڭ يۇقىرى يىللىق سىنىپلىرىدا ياكى ئوقۇشقا كىرىش تەييارلىق سىنىپلىرىدا مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئىدىيىۋى، ماددىي ۋە مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش جەھەتتىكى تەييارلىقلارنى ياخشى قىلىپ، بالىلارغا تۇنجى مەكتەپ تۇرمۇشىنى ئۆگىتىش، قەلبىدە مەكتەپ تۇرمۇشىغا بولغان تەلپۈنۈشنى ئويغىتىش كېرەك. مەكتەپكە تەلپۈنۈش مەكتەپ تۇرمۇشىغا تېز ماسلىشىشنىڭ پىسخىك شەرتى.

مەكتەپكە يېڭى كىرگەندە تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. بالىلار مەكتەپ دەرۋازىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان چاغدا، ھاياجانلىنىش، پەخىرلىنىش ۋە قىزىقىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ، بالىلار مۇشۇنداق قىزىقىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا تەربىيە قىلىش، قولىغا يېڭى كىتابلارنى ئالغان خۇشال پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىستىكىنى ئويغىتىش كېرەك. يېڭىلىق تۇيغۇسى ئۆتۈپ كېتىپ، بالىلار ئىنتىزام جەھەتتىن بوشاپ قالغاندا، ياكى ئۆگىنىشكە سۇس قارايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇرنىنى تولدۇرىمەن دېگەندە ئىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، ئائىلە بىلەن مەكتەپ زىچ ئالاقە ئورنىتىپ، كىچىك ئىشلارنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. بالىلار مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ماسلىشالمايدىغان ئايرىم ھادىسىلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇ چاغدا ئاتا ئانىلار بالىلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ، مەسىلىنى بايقىغان ھامان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ، ئورتاق تەدبىر قوللىنىپ مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مەكتەپنى سۆيىدىغان ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، بالىلارغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسىنى ئاڭلاش توغرىسىدا تەربىيە قىلىش، بالىلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىلارنى ئەيىبلىمەسلىك كېرەك.

تۆتىنچى، بالىلارغا سىنىپ كوللېكتىپىنى قىزغىن سۆيۈش، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئىچىدە ياخشى مۇناسىۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورنىتىشقا ياردەم بېرىش لازىم، بۇ بالىلارنىڭ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئۆگىنىش قىلىشىغا پايدىلىق.

بەشىنچى، ئوقۇش باشلانغان هامان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. (كونكرېت مەزمۇنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا بايان قىلىنىدۇ.)

## 3. ئۈمىدۋارلىقنىڭ رولىنى توغرا جارى قىلدۇرايلى

هەربىر ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بالىلىرىنىڭ كېلەچەكتە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. قانداق قىلغاندا بۇ سەمىمىي ئۈمىدلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

رېئال تۇرمۇشتا بەزى ئارزۇلار ھەقىقەتەن بالىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان هەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ، لېكىن بەزى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بالىلارغا ئېغىر بېسىم بولۇپ، ئۇلارنى قىيناپ قويىدۇ، ھەتتا ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان، ئۆزىنى نابۇت قىلىۋالىدىغان، جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان ئائىلە پاجىئەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىشلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك.

بىرىنچى، بالىلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇ ـ ئۈمىد ساپا تەربىيىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئارزۇ ـ ئۈمىد مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈمىدى بالىلارنىڭ هازىرقى سەۋىيىسىنى چىقىش قىلىشى ھەمدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يېتىش مۇمكىن بولغان سەۋىيىدە

بولۇشى ، يەنى «قولى يېتىدىغان ئالمىنى ئۈزۈش» نى تەلەپ قىلىشى لازىم .

ئۈچىنچى ، بالىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك . ئاتا ـ ئانىلار بالىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم .

تۆتىنچى ، ئارزۇ ـ ئۈمىد بالىلارنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسى ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشى لازىم .

بەشىنچى ، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى بالىلارنىڭ ئارزۇسىغا ئايلاندۇرۇپ ، ئۆگىنىشتىكى ئىچكى ئىنتىلىشىنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم . چۈنكى ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن پەقەت بالىلارنىڭ ئاكتىپ تىرىشىشىغىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئارزۇ ـ ئۈمىد مۇۋاپىق بولغاندا بالىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قەدەم قويىدىغان داغدام يولىنى ئېچىپ ، ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ .

## 4 . بالىلار ئۆگىنىشىنىڭ خوجايىنلىرى بولسۇن

بالىلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىش جەريانى ئىنسانىيەت ئىجاد قىلغان بەزى بىلىملەرنى تاللاش ئاساسىدا ئۆز بىلىمىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىدىغان ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىدىغان جەرياندۇر . بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار ئۆز سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ھېس قىلىشى ، ئۆزىنىڭ كاللىسى ئارقىلىق پىكىر قىلىشى ھەمدە بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم ، بۇنداق مۇرەككەپ ، جاپالىق ئەمگەك جەريانىدا ، بالىلار ئەلۋەتتە خوجايىن ھېسابلىنىدۇ ، ھېچقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ . خۇددى بالىلار يول مېڭىشنى ئۆزى مېڭىش جەريانىدا ئۆگەنگىنىگە ئوخشاش ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشتىمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە تايىنىشى لازىم.

باللارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، باللارنىڭ خوجايىنلىق ئېڭىنى، مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولۇش روھىنى يېتىلدۈرۈشنى ۋە توغرا ئۆگىنىش قارىشىنى تىكلەپ، ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تېخىمۇ تەكىتلەش كېرەك، بۇ ئارقىلىق باللارنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ پاسسىپ ئۆگىنىشىنى ئاكتىپ، ئاڭلىق ئۆگىنىشكە ئايلاندۇرۇش، ئۇلارنى ئىجادىي يوسۇندا ئۆگىنىدىغان بىلىم خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇرۇش، ھەرگىز بىلىمنى پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچىلاردىن قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

**(1) ئاتا - ئانىلار يېڭى كۆز قاراش تۇرغۇزۇشى لازىم**

بىرىنچى، باللارمۇ ئادەم. سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى ئىگە بولۇش ئادەمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھەربىر ئوقۇغۇچىسى جانلىق، پائالىيەتچان سۇبيېكتلاردۇر، ئۇلار خالىغانچە ياسىۋالغىلى بولىدىغان لاي قونچاق، ئىچىگە نەرسە قاچىلاپ قويغىلى بولىدىغان قاچا ياكى خالىغانچە سىزىپ ئوينىغىلى بولىدىغان ئاق قەغەز ئەمەس. ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلغاندا، ھەرقانداق مەجبۇرىي سىڭدۈرۈشمۇ بىكار ئاۋارىچىلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى، باللارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر شەخستۇر، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجى، ئارزۇسى ۋە غۇرۇرى، مۇستەقىل خاراكتېرى، خۇشاللىقى ۋە غەم - قايغۇلىرى بولىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ھۆرمەت قىلىشىغا موھتاج بولىدۇ.

ئۈچىنچى، باللارنىڭ «مۇستەقىل» تەلەپلىرى بولىدۇ. يول مېڭىشنى يېڭىدىن ئۆگەنگەن باللار باشقىلارنىڭ يۆلىشىنى

خالىمايدۇ ، يىقىلىپ كەتكەندە ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇشنى شەرەپ ھېس قىلىدۇ ؛ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى بىلەلەيدىغان داۋلىنى باشقىلارنىڭ ئېزىپ چۈشەندۇرۇشنى ياقتۇرمايدۇ ؛ ئۆزى ئىشلىيەلەيدىغان تاپشۇرۇقلارنى باشقىلارنىڭ چۈشەندۇرۇپ بېرىشنى خالىمايدۇ . . . . . ، بىز بالىلارنىڭ بۇنداق مۇستەقىل تەلىپىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك . چۈنكى ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى مۇستەقىللىقى بولماسلىقتىن ، مۇستەقىللىقى بولۇشقا تەدرىجىي ئۆتۈش جەريانىدۇر . ئۆگىنىشتىكى بۇنداق مۇستەقىل تەلەپ ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلىشتىن ، ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلماسلىققا ئۆتۈشنىڭ ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى .

تۆتىنچى ، بالىلاردا مۇستەقىل ئۆگىنىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ . سوراپ باقايلى ، بالىلارنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيىتىنىڭ ھەممىسىنى بىز ئۆگىتىپ قويغانمۇ ؟

بەشىنچى ، بالىلاردا بەلگىلىك يوشۇرۇن ئىجادىي ئىقتىدار بولىدۇ . ئىجادچانلىق ئادەمنىڭ ئالاھىدە بىر قىممىتى . بۈگۈنكى كۈندە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە نۇرغۇن «كىچىك كەشپىياتچىلار» چىقىۋاتىدۇ ، بالىلار ئۆزلىرى كاللا ئىشلىتىپ ئىجاد قىلغان نۇرغۇن نەرسىلەر بىزنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ . بالىلار قانچە كىچىك بولغانسېرى ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ ، تەپەككۇرىنىڭ چەكلىمىسى شۇنچە كىچىك بولىدۇ ، تەسەۋۋۇر كۈچى شۇنچە مول بولىدۇ ، بالىلارنىڭ بۇنداق ئىجادچانلىق روھىنى قوغداپ ، تەرەققىي قىلدۇرغاندا ، بالىلارنى ئۆمۈرلۈك نەپكە ئېرىشتۈرۈپ ، ئۇلارنى ئىجادىي روھقا ئىگە يېڭى ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ .

ئالتىنچى ، بالىلار پەقەت ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ يارامىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ ، خۇشاللىقنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ ، غۇرۇر ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرالايدۇ ، ئىدىيە جەھەتتە يېڭى كۈچ ھاسىل قىلالايدۇ .

**(2) بالىلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك**

بالىلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتى مۇرەككەپ بولىدۇ ، بەزىلىرى ئاتا ـ ئانىسىغا شەرەپ كەلتۈرۈشنى ، ئۇلارنى خۇشال قىلىشنى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ ، بەزىلىرى ئۆگىنىشكە ئىچ ـ ئىچىدىن ئىشتىياق باغلاپ ، كەلگۈسىدە كەسكىن رىقابەت بولىدىغان جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇشنى ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى نامايان قىلىشنى ، ۋەتەننىڭ روناق تېپىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ . بالىلاردا دەسلەپتە ئالدىنقى مەقسەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلايدۇ ، تاشقى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆگىنىدۇ ، شۇڭا ئۆگىنىش مەقسىتى يېتەرلىك بولمايدۇ ، ئىچكى ئېنېرگىيە كەمچىل بولىدۇ ، پاسسىپ ھالەتتە ئۆگىنىدۇ .

ئاڭلىق ئۆگىنىش ھالىتىگە ئۆتكەندىلا ، ئۆگىنىش ئەھلى بولالايدۇ . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملىشىشى ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئاڭلىق ئۆگىنىدىغان ئىشتىياقىنى كۈچەيتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى ، توغرا مەقسەت ئاستىدا ئۆگىنىش ئەھلى بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم .

**(3) بالىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك**

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتى بالىلارنىڭ بىلىم خەزىنىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ ھەم

ئۆگىنىش ئەھلى بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى .

بىرىنچى ، باللارغا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋاقتى بېرىش ، ئۆگىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، باللارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى ئازاد قىلىش كېرەك .

ئىككىنچى ، باللارنىڭ كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ، كىتاب ئوقۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك .

ئۈچىنچى ، باللارغا قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشنى بالدۇرراق ئۆگىتىش كېرەك ، بۇنداق قىلغاندا ، باللار قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا لۇغەت ياكى باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۆزى ھەل قىلالايدىغان بولىدۇ .

تۆتىنچى ، باللارغا ئىلمىي بولغان ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش كېرەك . مەسىلەن ، مۇھىم سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىش ، ئىزاھات بېرىش ، خاتىرە يېزىش قاتارلىقلار .

بەشىنچى ، باللارنى دەرسلىكتىن باشقا كىتابلارنى ئوقۇپ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، زېھنىنى ئېچىش ، بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ، شۇنداقلا باللار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغان كىتابلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ، باللارنىڭ زوقلىنىش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش لازىم .

ئالتىنچى ، باللاردا ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان ، ھەر قانداق يەردە بىلىم ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك .

**(4) باللارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆگىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك**

ھازىر ئاتا ـ ئانىلاردا باللارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆگىنىدىغان ئەھۋال كۆپىيىپ قالدى ، ئۇلار باللار تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ ، خاتا ئىشلىگەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىدۇ ، دەرستىن سىرتقى تەكرارلاشقا تەڭ قاتنىشىدۇ ، ئىمتىھان مەيدانىغا بىللە بارىدۇ ، رەسىم سىزىشقا ، مۇزىكا ۋە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە تەڭ قاتنىشىدۇ ، كۈنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ . مۇشۇ جاپالار بەدىلىگە بالىلارنى ئاتا -ئانىسىغا يۆلىنىۋالىدىغان قىلىپ قويىدۇ ، بۇ بالىلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرۈشكە تولىمۇ پايدىسىز .

**(5) بالىلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك**

بالىلارنى ئۆزلىرى قىلالايدىغان ئىشنى ئۆزىنىڭ قىلىشىغا ، ئۆزى ئويلىيالايدىغان ئىشنى ئۆزىنىڭ ئويلىشىغا يول قويۇش كېرەك . بالىلار زادىلا ئويلاپ يېتەلمىگەن چاغدا ، ئازراق بېشارەت بېرىپ قويسىلا بولىدۇ .

## 5 . غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنى يېتىلدۈرۈشنى كۈچەيتەيلى

**(1) غەيرىي ئەقلىي ئامىل ئۆگىنىش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ**

ئۆگىنىش مۇرەككەپ ئەقلىي پائالىيەت بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئەقلىي جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ ، بۇرۇن كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتى ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆلچىنەتتى ، ئاتا - ئانىلارمۇ بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەكرەك كۈچەيتتى . لېكىن ، مۇنداقمۇ ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ : ئەقىللىق بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولۇشى ناتايىن ، ئەقلىي ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە بولغان بالىلار

بولسا ئۆگىنىشتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن . شۇڭا ، ئېلىمىزنىڭ ئەدىبلىرى «غەيرىي ئەقلىي ئامىل» دېگەن يېڭى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى . نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق بىر فورمۇلىنى قوبۇل قىلدى :

ئۆگىنىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش = ئەقىللىق بولۇش + تىرىشچانلىق .

بىرىنچى ، غەيرىي ئەقلىي ئامىل دېگەن نېمە ؟غەيرىي ئەقلىي ئامىل دېگىنىمىز ، كىشىلەرنىڭ ھەرخىل پائالىيەتلەرنى (ئۆگىنىش پائالىيىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ) ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولغان ئەقلىي ئامىلدىن باشقا پسىخىك ئامىللارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇ ھېسسىيات ، ئىرادە ، خاس پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك (مەقسەت ، قىزىقىش ، مىجەز ـ خاراكتېر ، غايە ، ئېتىقاد ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئىككىنچى ، غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ ئۆگىنىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتى .

① ئۆگىنىش پائالىيىتى جەريانىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ رولى بىلىمنى قوبۇل قىلىش ، ھەزىم قىلىش ، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش بولۇپ ، ئۇ ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى ئىجرا قىلغۇچى ۋە مەشغۇلات ئېلىپ بارغۇچى سىستېمىدۇر ؛ غەيرىي ئەقلىي ئامىللار بولسا ، ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئۇنى ساقلاش سىستېمىسى بولۇپ ، قوزغاش ، يۆنىلىشنى بېكىتىش ، تەڭشەش ۋە كۈچەيتىش جەھەتتە رول ئوينايدۇ ، شۇ ئارقىلىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ ئاكتىپ ، تەشەببۇسكار ، ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ .

② غەيرىي ئەقلىي ئامىللار ئەقلىي ئامىلغا نىسبەتەن ھەم ئاكتىپ، ھەم پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاكتىپ بولغان غەيرىي ئەقلىي ئامىللار ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ تولۇق رول ئوينىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ پاسسىپ غەيرىي ئەقلىي ئامىل بولسا، نورمال ئەقلىي پائالىيەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئەقىللىق بالىلار قانائەتچان بولغانلىقى، تىرىشمايدىغانلىقى، ئىرادىسىزلىكى، كەيپىياتىنىڭ تۇراقسىزلىقى، ئەستايىدىل بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەقلىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى يوقىتىپ قويۇپ ئەقىللىق بولالماي قالىدۇ؛ ئەكسىچە، ئەقلىي ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە بالىلار ئېنىق بولغان ئۆگىنىش مەقسىتى، توغرا ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش روھى، ساغلام، تۇراقلىق كەيپىياتى، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ۋە ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى بىلەن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ ياردىمىدە ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. بۇ خىل ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۈچىيىپ بارىدۇ.

③ بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىجادچانلىق ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، ئېنىق ئىجادىي مەقسەت، قويۇق ئىجادىيەت قىزغىنلىقى، قەيسەرانە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى ۋە ئەستايىدىل، پۇختا بولۇش ئىستىلى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

④ تېخىمۇ كۆپ بالىلارنىڭ يارامىلىق بولۇپ چىقىشىغا پايدىلىق. ئىلگىرى كىشىلەر ئەقىللىق بالىلارنىلا يارامىلىق بولالايدۇ، دەپ قارىغانىدى، لېكىن غەيرىي ئەقلىي ئامىللارغا ئەھمىيەت بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار ئەقلىي ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە

بولغان باللارنىمۇ يارامسىز قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى .

غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول ، بەزىلىرىنى بىز سۆزلەپ ئۆتتۇق ، تۆۋەندە ئاساسلىقى قىزىقىش ، ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا بىر قانچە نۇقتىنى تەكىتلەيمىز .

**(2) بالىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش كېرەك**

نۇرغۇن پاكىتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى ، قىزىقىش ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىدۇر ، قىزىقىش بولغاندا ، ئادەم ئۇيقۇنىمۇ ، تاماقنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ھاردىم - تالدىم دېمەي ، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ . ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پېداگوگلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «شاد -خۇرام ئوقۇتۇش» نى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ ، «ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق» دېگەن سۆزگە «ئۆگىنىشتىن لەززەت ئېلىش» دېگەننى قوشۇۋاتىدۇ . ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش جەھەتتە قانداق ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك ؟

بىرىنچى ، خۇشال - خۇرام ئائىلە كەيپىياتى بەرپا قىلىش كېرەك . ھەم بالىلارغا ئاتا - ئانا بولۇش ، ھەم ئۇلارنىڭ دوستى بولۇش لازىم ، بالىلار خۇشال - خۇرام ، ئىناق ، ئازادە ، ئىللىق بولغان ئائىلە كەيپىياتى ئىچىدە ياشىغاندا ، ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشى ئاسان يېتىلىدۇ .

ئىككىنچى ، قىزىقىشنى ئېھتىياج ئاساسىغا تۇرغۇزۇش كېرەك . ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە يېتەكلىشى ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجىسىدىن بالىلارغا ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرۇشى ، ئۆگىنىشنى بالىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلاندۇرۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لازىم .

ئۈچىنچى ، ئۆگىنىشنى سوئال سوراشتىن باشلاش كېرەك . بالىلارنىڭ سوئال سورىغىنى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . بالىلار بەزىدە ناھايىتى ئىنچىكىلەپ يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سورايدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ قىزىقىش ۋە ھەۋىسىنى يېتىلدۈرىدىغان پۇرسەت ، ئاتا - ئانىلار مەقسەتلىك ھالدا بەزى مەسىلىلەرنى ئېچىپ دېمەستىن ، بالىلارغا سوئال سورايدىغان مۇھىت يارىتىپ بېرىپ ، بالىلارنىڭ ھەۋەس - ئىشتىياقىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم .

تۆتىنچى ، بالىلارغا ئۇلار قىزىقىدىغان كىتاب - ژۇرناللارنى ئېلىپ بېرىپ ، كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك .

بەشىنچى ، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى قىلالايدىغان ئىشقا قىزىقىدۇ ، شۇڭا بالىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك .

ئالتىنچى ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ، بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى بالدۇرراق بايقاش كېرەك . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىزىقىشى دائىم دېگۈدەك مۇقىم بولمايدۇ ، ئاتا- ئانىلار ئۇلارغا ياردەملىشىپ ، قىزىقىشىنىڭ ئۇزاققىچە ، مۇقىم داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم .

**(3) بالىلارنى ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك**

ئۆگىنىش ھوزۇرلىنىدىغان سەيلى - ساياھەت ئەمەس ، كىشىنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان ھەۋىسى باشتىن - ئاخىر ئۇرغۇپ تۇرۇۋەرمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ بىر خىل جاپالىق ئەمگەك . بىلىم گەرچە جانلىق ئەمەلىيەتتىن كەلسىمۇ ، لېكىن ئىدراك باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەندە ، ئابستراكتلىشىپ زېرىكىشلىك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ ، مەسىلەن ، تەبىر ، تېئورىما ، قائىدە دېگەنگە ئوخشاش . بىلىمنىڭ قوللىنىلىش قىممىتىمۇ دەرھال

ئۈنۈم بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچلۈك ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى كىچىك، ئىرادىسىمۇ بىر قەدەر ئاجىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللار ھازىر ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي چېنىقىش پۇرسىتى ئاز، ئۇلار خۇددى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشاش بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. قىيىنچىلىقتىن قورقىدۇ، ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، ئۆزىنىڭ كەيپىياتى ۋە ھەرىكىتىنى ياخشى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

بىرىنچى، باللارنىڭ ئىلمىي بولغان تۇرمۇش، ئۆگىنىش، مەشغۇلات تۈزۈمى ئورنىتىشىغا ياردەم بېرىشىمىز ھەمدە ئۇنى قاتتىق ئىجرا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، باللارنى قىيىنچىلىقنى يېڭىشتىكى ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشىمىز كېرەك. باللار ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشى، مۇۋاپىق يېتەكلىشى، ئۇلارنىڭ ئورنىدا قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەرمەسلىكى لازىم، باللارنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغاندا، باللار بارغانسېرى يارامسىز، ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۈلگە بولۇش كېرەك. ئاتا - ئانىلار ئالىملارنىڭ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئارقىلىق باللارنى تەربىيىلىگەندىن باشقا، يەنە ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى بولۇپمۇ تەڭ ياشتىكىلەرنى ئۈلگە قىلىشقا دەۋەت قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئارقىلىق باللارغا تەسىر كۆرسىتىشى لازىم.

**(4) ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك**

ئېلىمىزنىڭ پېشقەدەم پېداگوگى يې شېڭتاۋ : «مائارىپ ـ ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش دېمەكتۇر .» دېگەنىدى . ئەگەر باللار ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلىسە ، باشقىلارنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى كەتمەيدۇ ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالايدۇ ، چۈنكى ئۆگىنىشكە ماھىرلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن .

ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ تۆۋەندىكى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشى لازىم :

بىرىنچى ، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاڭلىق ، مۇستەقىل ، ئەستايىدىل ھالدا ئائىلە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ ، ئاندىن باشقا ئىشلارنى قىلىشى كېرەك .

ئىككىنچى ، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل بولۇشى ، خاتا ئىشلىگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىشى ، بىرەر گۇمانلىق نۇقتىنىمۇ ئۆتكۈزۋەتمەسلىكى ، ئۆزىنىڭ بىرەر كىچىك خاتالىقىغىمۇ يۈز خاتىرە قىلماسلىقى ، بولۇپمۇ كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ ، ئۆزگىچە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم .

ئۈچىنچى ، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ، ئالدى بىلەن كاللا ئىشلىتىپ مۇستەقىل پىكىر قىلىشى ، زادىلا ئويلاپ يېتەلمىگەندە ، ئاندىن باشقىلاردىن ياردەم سورىشى لازىم .

تۆتىنچى ، تەكرار ۋە ئالدىن تەكرارنى ھەر ۋاقىت ياخشى ئېلىپ بېرىشى لازىم .

بەشىنچى ، دەرستىن سىرت كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرۇشى كېرەك .

ئالتىنچى ، ئۆگىنىش بۇيۇملىرىنى ئاسرىشى كېرەك .

يەتتىنچى ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن كىتاب ، سومكا ۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ياخشى رەتلىشى كېرەك .

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاساسلىق زېھنىنى يېتەكلەشكە، مەشىق قىلدۇرۇشقا ۋە تەكشۈرۈشكە قارىتىشى، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى، بىر قېتىپ، بىر سوۋۇپ قالماسلىقى لازىم.

## 6. بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلىشقا ياردەم بېرەيلى

**(1) ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقى**

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېداگوگى سۇخوملىنىسكىي مۇنداق دېگەنىدى: ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئوتتۇرا يىللىقتىكى ۋە يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتە ئارقىدا قېلىشى ئاساسلىقى ئۇلار ئۆگىنىشنى، بىلىم ئىگىلەشنى بىلمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

بىلىم چەكسىز بولىدۇ، لېكىن ئەڭ قىممەتلىك بىلىم ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى بىلىمدۇر. ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى بولغاندا، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپرەك بىلىم ئىگىلىگىلى ھەم بىلىمنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

بۇگۈنكى «بىلىم پارتلىغان» بۇ دەۋردە ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىيەلىگەنلەرلا جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، ئۆگىنىشنى بىلمىگەنلەر ياشاشقىمۇ ئامالسىز قالىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ بىكار ئېيتىلغان گەپ ئەمەس. تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بالىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولماسلىق ئەھۋالى خېلى ئېغىر ئىكەن، ئۆگىنىشتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ساقلىنىۋېتىپتۇ.

بىرىنچى، ئۆلۈك يادلايدىغانلار كۆپ، كاللا ئىشلىتىپ چۈشىنىدىغانلار ئاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، ئۆگىنىدىغانلار كۆپ، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى بىلىدىغانلار ئاز.

ئۈچىنچى، بىرىكمە تەپەككۇر قىلىدىغانلار كۆپ، چاچما تەپەككۇر قىلىدىغانلار ئاز.

تۆتىنچى، پارچە - پۇرات بىلىم كۆپ، يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلەش ئاز.

بەشىنچى، كىتابىي بىلىمدىن قانائەتلىنىدىغانلار كۆپ، جانلىق ئىشلىتىدىغانلار ئاز.

ئالتىنچى، مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغانلار كۆپ، ئاڭلىق تىرىشىدىغانلار ئاز.

يەتتىنچى، بالدۇر تۇرۇپ كەچ ياتىدىغانلار كۆپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرىدىغانلار ئاز. ئۆگىنىش نەتىجىسى يامان ئەمەس باللارنىڭمۇ ئۆگىنىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولۇشى ناتايىن، ئۇلار كۆپىنچە سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، سوئال - جاۋاب بىلەن تىنماي ھەپىلىشىدۇ.

ئۆگىنىش نەتىجىسى خېلى ياخشى بىر قىز ئاتا - ئانىسىغا مۇنداق دېگەن: «مەن ناھايىتى ھارغىنلىق ھېس قىلىۋاتىمەن، سىلەر مەن ئۈچۈن كۆپ غەم يەۋاتىسىلەر، مېنى تۇغۇپ نېمىمۇ قىلار بولغىيتىڭلار.» ئۆگىنىش نەتىجىسى ناچار بىر بالا بولسا، ئۆگىنىشنى تېخىمۇ خالىمىغان، ئۆگەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن بولمىغان، ئاتا - ئانىسى تىت - تىت بولۇپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلغان، ئەيىبلىگەن، ھەتتا ئۇرغان، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر ئامالى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. ھازىر مەكتەپلەر باللارغا قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگىتىشنى مۇھىم ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزدى، ئاتا - ئانىلارمۇ مەكتەپلەرگە ھەمكارلىشىپ باللارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلىشى لازىم.

**(2) ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلىشىغا ياردەملىشىشى لازىم**

بىرىنچى ، بالىلارنىڭ قانداق ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك .ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ، بالىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ قانداق ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ، مەسىلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىگىلەپ ، نىشانلىق ياردەم بېرىش كېرەك .

ئىككىنچى ، بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك . بالىلارنىڭ ئوبدان يېيىشىگە ، قېنىپ ئۇخلىشىغا ، داۋاملىق چېنىقىپ تۇرۇشىغا ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە مۇۋاپىق قاتنىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ ، بالىلارنىڭ تېنىنىڭ ساغلام بولۇشى ، روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى ۋە كەيپىياتىنىڭ خۇشال ـ خۇرام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

ئۈچىنچى ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش پىلانىنى ياخشى تۈزۈشىگە ياردەملىشىش كېرەك . بۇ ئۆگىنىش نىشانى (بىر مەۋسۇملۇق ياكى بىر باسقۇچلۇق نىشان) ۋە تەدبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

تۆتىنچى ، بالىلارنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەملىشىش ھەم ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم .

① ئالدىن ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك . دەرس ئۆتۈلۈشتىن ئىلگىرى ئالدىن ئۆگەنگەندە ، ئۆزى بىر قىسىم بىلىمنى چۈشىنىۋالغىلى ھەمدە مەلۇم مەسىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دەرس ئاڭلىغىلى بولىدۇ ، بۇنداق قىلغاندا ، دەرس ئاڭلاش ئۈنۈمىنى ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ، شۇنداقلا مۇستەقىل ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ . لېكىن ، بۇنىڭدا ئوخشاشمىغان مەزمۇنغا ئاساسەن جانلىق بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك . مەسىلەن ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان مەزمۇنلارغا كەلگەندە ، دەرس ئاڭلاشنى ئاساس قىلىش كېرەك . ئالدىن ئۆگىنىش قىلغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايدىڭلاشتۇرالمىغان يەرلەرنى بالىلارغا دەپ بەرمەسلىك ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە سوئال قالدۇرۇش كېرەك ، بالىلار ھەممە نەرسىنى ئالدىن تولۇق بىلىۋالسا ، دەرسكە دىققەت قىلمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ .

② ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ، بالىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئىپادىسىنى ئىگىلەپ تۇرۇش كېرەك . دەرس ئاڭلاش بالىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى مەركىزىي ھالقىسى ، ئۇ بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئەڭ قۇلايلىق ئۇسۇل بىلەن بىلىم ھەم ماھارەتنى كۆپ ، تېز ئىگىلەپ ، ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋە ئەخلاق تەربىيىسى قوبۇل قىلىدىغان جەريانىدۇر . ئۆگىنىش جەريانىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇھىم نۇقتىنى دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش سۈپىتىنى ياخشىلاشقا قارىتىش لازىم . ئۆگىنىشتە ئەلا بىر قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ ، تەبىئىتىدىن ئالغاندا ئانچە ئەقىللىق ئەمەس ئىكەن ، لېكىن ئۇ دەرسخانىدا دىققىتىنى ئىنتايىن مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇرىدىكەن ، دەرسخانا ئىنتىزامى ياخشى بولمىغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن ، ئۇ كاللىسىنى پائال ئىشلىتىپ ، يۈرەكلىك ھالدا پىكىر قىلىدىكەن ، بىلمىگەنلىرىنى ۋاقتىدا سورايدىكەن ، ئۇنىڭ دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغاچقا ، دەرستىن سىرتقى ۋاقتى بىر قەدەر ئەركىن ئۆتىدىكەن ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئىپادىسىنى ئىگىلەپ تۇرغاندا ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئاڭلىق ماسلىشىپ ، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەيدۇ .

③ بالىلارنىڭ تەكرار قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىش كېرەك . ئۆگەنگەن بىلىمنى مۇستەھكەملەش ياكى مۇستەھكەملىيەلمەسلىك تەكرار قىلىپ ئۆگىنىشنىڭ سۈپىتىگە باغلىق . پسىخىكىلىق تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا ، بىلىم ئېسىدە قېلىش بىلەن بىرگە ئۇنتۇلۇشمۇ تەڭ باشلىنىدىكەن . شۇڭا ،

ۋاقىتتا تەكرار قىلىپ ، ئۇنتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك . تەكرارنى ۋاقتىدا ھەم قايتا ـ قايتا قىلغاندا ئاسان ئۇنتۇلمايدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىلارنىڭ باسقۇچلۇق ھەم ئومۇمىي تەكرار قىلىشىغا ، ئۆگەنگەن بىلىملەرنى رەتلەپ ، تۈرگە ئايرىپ سىستېمىلاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىش كېرەك ، بۇنداق قىلىش ئەستە تۇتۇشقا ھەم ئىشلىتىشكە پايدىلىق .

④ بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ياردەملىشىش ھەم يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا جەزمەن تاپشۇرۇق ئىشلەشتىن ئىلگىرى ئوبدان تەكرار قىلىپ ، مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئاندىن تاپشۇرۇق ئىشلەشنى باشلاش ، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ، توغرا ـ خاتالىقىغا ئۆزى ھۆكۈم قىلىش ، خاتالىق بولسا ۋاقتىدا تۈزىتىش تەلىپىنى قويۇش كېرەك .

⑤ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك . ئوخشاشمىغان يىللىقلارنىڭ ، پەنلەرنىڭ ، ئۆگىنىش باسقۇچلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكى بولىدۇ ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يېتەكلەشتىكى مۇھىم نۇقتىسىمۇ پەرق بولۇشى كېرەك . مەسىلەن ، تىل ـ ئەدەبىياتتىكى مۇھىم نۇقتىنى ئۆز تىلىمىزنى توغرا چۈشىنىدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشقا قارىتىپ ، بالىلاردا بەلگىلىك ئاڭلاش ، سۆزلەش ، ئوقۇش ، يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ، ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شۇ ئارقىلىق بالىلارنى ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىگە ۋە ئېستېتىك تەربىيىگە ئىگە قىلىش لازىم . تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ساۋات چىقىرىشنى ئاساس قىلىش ، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش ۋە يېزىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك . يەنە مەسىلەن ، ماتېماتىكا

ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ سان مۇناسىۋىتىنى ۋە ماكان شەكلىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك يىغىنچاقلىقلىقا، ئابستراكتلىقلىقا ۋە مەنتىقچانلىقلىقا ئىگە، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە رولغا ئىگە. تۆۋەن يىللىقتىكى بالىلارغا ئاساسەن سان ئۇقۇمى ۋە توغرا ھەم تېز ھېسابلاش ئۆگىتىلىدۇ، بۇ مەزگىلدە بالىلاردا ئاساسەن بىپەرۋالىق مەسىلىسى كۆرۈلۈپ، توغرا، تېز ھېسابلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرى يىللىقتا چىققاندا، دەرس مەزمۇنى قىيىنلىشىدىغان بولغاچقا، يېتەكلەشتىكى مۇھىم نۇقتىنى بالىلارنىڭ مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىش كېرەك. باشقا پەنلەردىمۇ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ يېتەكلىگەندە، ئاندىن ئۈنۈمى بولىدۇ.

⑥ بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەش كېرەك. بالىلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، جىنسىي، بىلىم ئاساسى ۋە ئەقلىي سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا ئەكس ئېتىدۇ. بىز بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، بالىلارنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

⑦ ئاتا ـ ئانىلار ئانچە ـ مۇنچە پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزى ئۆگىنىشكە ماھىر بولغاندىلا، ئاندىن بالىلارنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە توغرا يېتەكلەشكە قادىر بولالايدۇ.

# بالىلارنى ئەمگەكچان بولۇشقا يېتەكلەيلى

كىشىلىك دۇنيادىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمگەك ياراتقان .
ھەرقانداق بىر مىللەت ئەگەر ئەمگەك قىلىشتىن توختايدىكەن ، بىر يىل ھەتتا بىر نەچچە ھەپتىگە قالماي ھالاك بولىدۇ ، بۇنى ھەرقانداق بىر كىچىك بالىمۇ بىلىشى كېرەك .
ئەمگەكنى سۆيمەيدىغان ، جاپانىڭ ، ئاچچىق تەرنىڭ تەمىنى بىلمەيدىغان بالا ئەتراپلىق يېتىلەلمەيدۇ .

ئەمگەك — ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىدىغان پائالىيىتى ، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسى ، شۇنداقلا شەخسلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش ۋە دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشىدىكى ئاساسلىق ۋاستىسى . جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەمگەكچان مىللەت ، دەل مۇشۇ ئەمگەك بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخىمىزنى ۋە ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزنى ياراتقان . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئائىلە تەربىيىمىزدە ئەقلىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئەمگەك تەربىيىسىگە سەل قارايدىغان گەۋدىلىك مەسىلە ساقلانماقتا . مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئەمگەككە سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا : ئامېرىكىنىڭ 72 مىنۇت ، كورېيىنىڭ 42 مىنۇت ، فرانسىيىنىڭ 36 مىنۇت ، ياپونىيىنىڭ 24 مىنۇت ، جۇڭگونىڭ پەقەت 12 مىنۇت بولغان . ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، ئېلىمىزنىڭ

نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەردە باللار مەكتەپكە بارغاندا ۋە مەكتەپتىن قايتقاندا ، ئاتا ـ ئانىلىرى ۋېلىسىپىت ياكى ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ ، ئەكىلىپ قويىدۇ ، باللارنىڭ سومكىسىنى ئاتا ـ ئانىلىرى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدۇ ، ھەتتا مەكتەپتىكى دىجورنىلىقىنى قىلىشىپ بېرىدۇ . لېكىن ، ئاتا ـ ئانىلىرىغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدىغان باللار ئاران % 10 نى ئىگىلەيدۇ . ئەمگەككە سەل قاراش ۋە ئەمگەك تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئەھۋالى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا . نۇرغۇن باللارنىڭ تۇرمۇشتا ئۆزىنى قامداش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتتى ؛ ئاتا ئانىلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ، ئاش ـ ناننى ئىسراپ قىلىدىغان ، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسرىمايدىغان ، يەپ ـ ئىچىشكىلا بېرىلىپ ھورۇنلۇق قىلىدىغان ، راھەتكە بېرىلىدىغان ، شەخسىيەتچى بولۇپ كەتتى ، ئىجتىمائىي ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى . بەزى باللار ئۆزى ئەقىللىق بولسىمۇ ، لېكىن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىز ، بۇنداق بىنورمال تەرەققىيات باللارنىڭ ياشاش ئىقتىدارىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتمەكتە .

كىشىلىك دۇنيادىكى بارلىق بايلىقنى ئەمگەك ياراتقان . دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى پەقەت كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا : «ئەمگەك قىلىش ئەمگەك ئىقتىدارى بار بارلىق پۇقرالارنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن ھەمدە ئەمگەكچىلەرگە دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆز ئەمگىكىگە مۇئامىلە قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئەمگەك قىلىشنى ئۆگىنىش ياشاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، جەمئىيەتكە ماسلىشىپ ئۆزىگە ئىگە

بولۇش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. شۇڭا، ھەر بىر ئائىلە بالىلارنىڭ ئەمگەك قىلىشنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارغا بولغان ئەمگەك تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

## 1. ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ رولى

### (1) بالىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق

بىرىنچى، ئەمگەك بالىلاردا ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئادەمنىڭ نۇرغۇن ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى ئەمگەك جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەتنىڭ قەدرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بالىلار ئەمگەككە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيدىغان بولىدۇ. ئەگەر بالىلار ئۆيلەرنى يىغىشتۇرسا ياكى ئۆينى پاكىز سۈپۈرسە باشقىلارنىڭ ئۆينى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىنى، يەرگە قەغەز پارچىلىرىنى، مېۋە شۆپۈكلىرىنى قالايمىقان تاشلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغانلارنى تەنقىدلەيدۇ. دائىم ئەمگەك قىلىپ تۇرىدىغان بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، كەلسە - كەلمەس يەرلەرگە تۈكۈرمەيدۇ، قەغەز پارچىلىرىنى قالايمىقان تاشلىمايدۇ، ئاشلىقنى قەدىرلەيدۇ، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئاسرايدۇ. سىنىپتىكى ئۈستەل، ئورۇندۇقلارنى، باغچىدىكى گۈل - گىياھلارنى ئاسرايدۇ، ئەمگەك جەريانىدا يەنە بالىلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدىغان پەزىلىتىنى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى ۋە

قىينچىلىقنى يېڭىش جاسارىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ .
ئىككىنچى ، ئەمگەك ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ . بىر تېببىي پەنلەر دوكتورى قول بىلەن مېڭىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : «ئەگەر زېھنى ئوچۇق ، ئەقىللىق بالا تەربىيىلەيمىز دەيدىكەنمىز ، ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارىنى دائىم چېنىقتۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك . چۈنكى بارماق ھەرىكىتى مېڭىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا ، بۇ ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ .» «ئۆزى چېچەن ، قولى چېۋەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ شۇ بولسا كېرەك . ئۇلۇغ ئەدىب گوركىي مۇنداق دېگەنىدى : «تالانت ـ ئەمگەك دېمەكتۇر . ئادەمنىڭ تالانتى خۇددى ئوتقا ئوخشاش ئۆچىدۇ ھەم يالقۇنلاپ يانىدۇ ، ئۇنى كۈچلۈك ياندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئەمگەك قىلىش ، ئەمگەك قىلىش ، يەنە ئەمگەك قىلىشتۇر .» ئەمگەك بالىلارنى جىسمانىي ۋە ئىرادە جەھەتتىن چېنىقتۇرۇپلا قالماستىن ، ئەقلىي ئىقتىدارىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . نۇرغۇن بالىلار ئادەتتىكى ئەمگەك ئەمەلىيىتى جەريانىدا كىتابىي بىلىمنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ، كىتابىي بىلىملىرى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ ، ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ . گېزىتتىكى خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا ، 1999 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كەشپىيات ـ ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نۇرغۇن بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش جەريانىدا ئىلھاملىنىپ كەشپىيات ياراتقان . بۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە يېڭى تىپتىكى ئايلاندۇرۇپ

قىرىش قايچىسى كەشىپ قىلغان گاۋلىجۇن باشلانغۇچنىڭ 5 - يىللىقىدىن باشلاپ، دادىسىنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىشقا ياردەملىشىش جەريانىدا كونىچە قىرقىش ئەسۋابىنىڭ ناھايىتى ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ يېڭىلاش خىيالى تۇغۇلغان، بىر يىللىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىر بۇ يېڭى تىپتىكى ئايلاندۇرۇپ قىرىش قايچىسىنى كەشىپ قىلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە ئاشقان. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 17 ئوقۇغۇچىنىڭ 14 ى يېزىدىن، 3 ى شەھەردىن كەلگەن. ئۇنداقتا يېزىدىكى بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقى نېمە ئۈچۈن شەھەردىكى بالىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ؟ مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر كەسكىن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شەھەردىكى بالىلارنىڭ كىتابىي بىلىمى يېزا بالىلىرىنىڭكىدىن مول بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتى كەمچىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۈچىنچى، خىلمۇ خىل شەكىلدىكى ئەمگەك بالىلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ، مۇسكۇللىرىنىڭ، بۇلجۇڭ گۆشلىرىنىڭ ۋە ئىچكى ئەزالىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولۇپ، بەدىنىنىڭ چاقانلىقى، ساغلاملىقى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ؛ بالىلار ئەمگەككە قاتناشقاندا، ئۇلار ئەمگەكنىڭ گۈزەللىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلىپ، ئېستېتىك تۇيغۇسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئويغىتىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەسىم سىزىش ، گۈل ئۆيۈش ، ئۆي بېزەش ، مەكتەپ قورۇسىنى گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئەمگەكلەردە ئىپادىلىنىدۇ .

پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۈكى ، ئەمگەك ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدۇ ، ئەقىلنى ئاشۇرىدۇ ، بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ ، ئادەمنى گۈزەللەشتۈرىدۇ ، ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسى ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ، ئۇ بالىلارنى ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن ئاساس هازىرلاپ بېرىدۇ .

**(2) ئەمگەك ئائىلە ئىناقلىقى ئۈچۈن پايدىلىق**

بىر ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا ئەمگەكچان بولسا ، بالىلار تىرىشچان بولىدۇ ، ھەممەيلەن ئائىلە ئىشلىرىنى ئاكتىپ ھالدا ئۈستىگە ئېلىپ ، ئەمگەك جەريانىدا بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ، بىر ـ بىرىگە ياردەم بەرسە ، مۇقەررەر ھالدا ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچىيىدۇ ، ئائىلە ئىناق ، بەختلىك كەيپىياتقا چۆمىدۇ . ئەكسىچە ، بەزى ئائىلىلەردە سەن ئاز قىلدىڭ ، مەن كۆپ قىلدىم ، دېيىشىپ جېدەل قىلغاچقا ، مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپ ، زىددىيەت كۆپىيىپ كېتىدۇ . سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى : «مەكتەپتە بارلىق ناچار كەيپىياتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالدى بىلەن ئەمگەك تەربىيىسىگە تايىنىش كېرەك . مەكتەپتە ھەقىقىي ئەمگەك تەربىيىسى يولغا قويۇلمايدىكەن ، 5 ـ ، 6 ـ يىللىققا چىققاندا مەكتەپتىن قېچىپ كېتىدىغان ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئېسىل كىيىم ۋە قول سائىتى ئېلىپ بەرمىسەڭ مەكتەپكە بارمايمەن ، دەپ بېسىم ئىشلىتىدىغان ئوقۇغۇچىلار چىقىدۇ ، ھەتتا ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش

ھادىسىسىمۇ كۆرۈلىدۇ .» مەلۇم شەھەردىكى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا ، ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇيۇق يولغا مېڭىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان 10 چوڭ سەۋەب ئىچىدە بىرىنچى ئامىل كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئىكەن . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان چاغدا ، بالىلارنىڭمۇ ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئازراق خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىش ، بالىلارغا ئۆلارنىڭمۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش ، ئائىلە ۋە ئاتا ـ ئانا ئالدىدا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم . بالىلار كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلە ئىشلىرىنى تەڭ قىلسا ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بولسا ، چوڭ بولغاندا ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار ھەم كۆيۈمچان بولىدۇ . ئەمگەك ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بالىلار ئادەتتە جاھىل ، ئەركە ، تەكەببۇر بولمايدۇ ، جەمئىيەتتە شەخس ، كوللېكتىپ ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ .

**(3) ئەمگەك ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق**

ئەمگەك ھەممە بايلىقنى يارىتىدۇ ، بايلىق جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدۇ . يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى : دۇنيادىكى يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك قىلماسلىقتىن باشلىنىدۇ . ھۇرۇنلۇق يەپ ـ ئىچىشنىلا بىلىدىغان ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدىغان ، بىكار تەلەپ ، ئاقانچى ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان ، ئۆز نەپسىنى كۆزلەپ ئومۇمغا زىيان سالىدىغان

شەخسىيەتچىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان بۆشۈك . سۇخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ : «ئوقۇغۇچىلارغا چوقۇم تۇرمۇشتا 〈قىيىنچىلىق〉 دېگەن بىر سۆزنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك ، بۇ سۆز ئەمگەك ، تەر ۋە قولدىكى قاپارتمىدىن ئايرىلالمايدۇ . ئۇنداق بولمايدىكەن ، مەكتەپ جەمئىيەتكە بىر تۈركۈم نان قېپى ھۇرۇنلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ .» ئامېرىكىنىڭ بىر تەكشۈرۈشىدىن ئىسپاتلىنىشىچە ،ئەمگەكنى سۆيىدىغان بالىلار بىلەن ئەمگەكنى سۆيمەيدىغان بالىلارنى سېلىشتۇرغاندا ، چوڭ بولغاندىن كېيىنكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 1: 10 ، ئىشسىز قېلىش نىسبىتى 1: 15 ئىكەن . ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى ، ئۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس تىكلەپ بېرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا تۆھپە قوشىدۇ . بۈگۈن بالىلارغا ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت ، كېيىن ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر . ئەمگەك تەربىيىسى ياخشى بولسا ، ئۇلار كەلگۈسىدە مەيلى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن ياكى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسۇن ، مەيلى ئاددىي ئەمگەك بىلەن ياكى مۇرەككەپ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسۇن ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالايدۇ ، كەسپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ .

## 2 . ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى

ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسى بالىلاردا ئەمگەكنى

سۆيىدىغان، ئەمگەكچى خەلقنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەمگەك مېۋىلىرىنى قەدىرلەيدىغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇش، قول ھەم مېڭىنى تەڭ ئىشلىتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا جۇرئەتلىك بولۇشتەك ئەمگەك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى، شۇنداقلا دەسلەپكى قەدەمدە ئەمگەك بىلىملىرىنى ۋە ماھارىتىنى ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى بالىلارنىڭ يېشى ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ مۇئەييەن ئۆزگىرىدۇ، بۇ ئادەتتە مۇنداق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

## (1) ئۆز خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەمگەك

ئۆز خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەمگەك دېگىنىمىز، بالىلارنىڭ ئۆزئىشىنى ئۆزى قىلىشنى، قىلىشنى بىلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بالىلاردا پاكىزلىقنى، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، تۇرمۇشتا رەتلىك بولىدىغان ئادەتنى، قەيسەر ئىرادىنى ۋە مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۆز خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەمگەك — ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى كىيىش، مەكتەپكە ئۆزى بېرىپ كېلىش، دەپتەر، قەلەم، سومكىلىرىنى ئۆزى رەتلەش، ئۆز ئۆيىنى، كىتاب ئىشكاپىنى، يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئۆزى يىغىشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى يۇيۇش، تۇگمىلىرى چۈشۈپ قالسا ئۆزى قاداش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار يەنە ئادەتتىكى تاماقلارنى ئېتىشنى، كىيىملىرىنى ئۆزى ياماپ كىيىشنى ئۆگىنىش كېرەك.

## (2) ئائىلە ئىشلىرى ئەمگىكى

ئائىلە ئىشلىرى ئەمگىكى ئارقىلىق بالىلاردا ئەمگەكنى سۆيىدىغان، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ

تۇغۇق كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدىغان ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ۋە ئادەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ .

بىرىنچى ، ئوقۇش يېشىغا توشاي دېگەن بالىلار ئادەتتىكى ئۆي ئىشلىرىنى ئۆستىگە ئالسا بولىدۇ . مەسىلەن ، گېزىت ئېكىرىش ، سۈت سېتىۋېلىش ، ئەخلەت تۆكۈش ، تاماقتىن ئىلگىرى قوشۇق ـ چوكىلارنى ئۆستەلگە تىزىش ، دادىسىغا ھەمكارلىشىپ سەي تالالاش ، گۈللەرنى سۇغىرىش قاتارلىقلار .

ئىككىنچى ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن يىللىقتىكى بالىلار قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشنى ، ھويلا ـ ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاشنى ، ئۆيگە تۇز ، شېكەر ، ئاچچىقسۇ ، جاڭيۇ قاتارلىق ئۇششاق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشنى ، ئانىسىغا ياردەملىشىپ تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىشى كېرەك .

ئۈچىنچى ، يۇقىرى يىللىقتىكى بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىر يۇيۇشىغا ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى يامىشىغا ، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇشىغا ياردەملىشىشى ، ھويلا ـ ئارامدىكى كۆچەت ۋە گۈل ـ گىياھ تىكىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشى ، شارائىتى بارلار ئىلە قۇشلىرىنى بېقىشى ، ئائىلىنىڭ ئۇششاق رېمونتچىلىقلىرىدىن ئادەتتىكى ياغاچچىلىق ، لايچىلىق ، توكچىلىق ئىشلىرىنى ئۆگىنىشى لازىم .

## (3) جامائەت پاراۋانلىقى ئەمگىكى

لېنىن : «جامائەت پاراۋانلىقى ئەمگىكى كوممۇنىزمنىڭ بىخى ، بۇ بالىلارنىڭ كوممۇنىزملىق ئەمگەك پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق» دېگەنىدى . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى پاراۋانلىق ئەمگەكلىرىگە ، مەسىلەن ، دېجورنىلىق ، مەكتەپ قورۇسىنى كۆكەرتىش ، سىنىپنى تۈزەش ، ئاممىۋى سورۇنلارنى تازىلاش ، بەشتە كاپالەت ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە

قاتنىششقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم. پاراۋانلىق ئەمگىكىگە قاتنىشىش بالىلاردا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئۇ بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىشكە، بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. دەرۋەقە، بىز بازار ئىقتىسادى شارائىتىدا ھەق - تەلەپ قىلمايدىغان پاراۋانلىق ئەمگىكىنىمۇ تەشەببۇس قىلىمىز، ھەقلىق ئەمگەكنىمۇ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشنىمۇ چەتكە قاقمايمىز.

## 3. ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىگە قويۇلىدىغان تەلەپ

ئائىلىدە بالىلارغا ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

**(1) ئەمگەك ئەمەلىيىتى بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش**

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، نوقۇل ئەمگەك قىلىشنىڭ ئۆزى ياخشى ئىدىيىۋى ئەخلاقنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، پەقەت ئەمگەك ئەمەلىيىتى بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ياخشى تەربىيە ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار چوقۇم ئەمگەكنى بىر خىل تەربىيە ۋاسىتىسى قىلىپ، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئەمگەك جەريانىغا سىڭدۈرۈشى لازىم.

ئەمگەك جەريانىدا بالىلارنى ئاكتىپ، قىزغىن، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا، جاپادىن قورقماسلىققا، ھۇرۇنلۇق قىلماسلىققا، ئىناق - دوستانە بولۇشقا، ۋەزىپىنى

تولۇق ، سۇپەتلىك ئورۇنداشقا تەربىيىلەش كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بالىلارغا ئەمگەك ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىش ، تەقسىماتقا ، باشقۇرۇشقا بويسۇنۇش ، كېچىكمەسلىك ، بالدۇر كېتىپ قالماسلىق ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق ، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسراش ، ئەمگەكچى خەلققە ھۆرمەت قىلىش ، ئاشلىقنى ئىسراپ قىلىدىغان ، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خاھىشلار بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم .

**(2) بىلىم ئىگىلەش بىلەن ئەمەلىي ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈش**

ئائىلىدە ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا ، ھەم بالىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەمگەك بىلىملىرىنى ئىگىلىتىش ، ھەم بالىلارنى قول سېلىپ ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ، ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك . يەنى بالىلارنى مېڭىسىنىمۇ ، قولىنىمۇ تەڭ ئىشلىتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك . بالىلار ئىشلەش جەريانىدا ئۆگەنگەندە ، بىرەر نەرسىنى ئاسان ئۆگىنىۋالىدۇ ، ئۇنۇمىمۇ ياخشى بولىدۇ . بەزىبىر ياش ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلاپ ، ئۇلارنىڭ چارچاپ قېلىشىدىن ، چىرايلىق كىيىملىرىنى مەينەت قىلىۋېتىشىدىن ، نازۇك نەرسىلەرنى چېقىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇلارنى ئىشقا يولاتمايدۇ . بالىلاردىكى ھۇرۇنلۇق ۋە ئەمگەكنى سۆيمەسلىكنىڭ دەل مۇشۇنداق ئەنسىرەشتىن شەكىللىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . بالىلار مېڭىسىنىمۇ ، قولىنىمۇ ئىشلەتكەندە ، چېۋەر ھەم چاققان بولىدۇ . چېۋەر ھەم چاققان بولغاندىلا ، يېڭىلىق يارىتالايدۇ . بالىلار ئەمگەك جەريانىدا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ، ئۆزلىرىنىڭ كاللا ئىشلىتىپ ، قول سېلىپ ھەل قىلىشىغا يول قويۇش ، چوڭلار مۇۋاپىق ياردەم بېرىش ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋەزىپىنى تېخىمۇ

ياخشى ئورۇنداپ، ئۆز نەتىجىسىنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىلىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم.

ھازىر دۇنيادىكى بەزى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بالىلارغا ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ۋە بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. ئامېرىكىنىڭ بوستۇن شەھىرىدە بىر بالىلار مۇزېيى بولۇپ، «بۇنى تۇتماڭ» دېگەن تاختا ئېسىلمايدىكەن، ئېكىسكۇرسىيىگە كەلگەن بالىلار كاللىسىنىمۇ، قولىنىمۇ، پۇتىنىمۇ ئىشقا سېلىپ، ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بارسا بولىدىكەن. گېرمانىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە تاماق ئېتىش، قورۇما تەييارلاش، ئوتۇن يېرىش، پوپايكا توقۇش دېگەنگە ئوخشاش ماھارەت دەرسلىكلىرى تەسىس قىلىنىدىكەن. ياپونىيىدە نۇرغۇن ئائىلىلەر تەتىل ۋاقتىدا بالىلىرىنى يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ياكى «تاغلىق كەنت ئوقۇش پونكىتى» غا ئاپىرىپ بېرىپ، ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرىدىكەن. كانادادىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بالىلار بىر تۇپ دەرەخنى تىكىپ ئەي قىلىش ئەمگىكىگە چوقۇم قاتنىشىشى كېرەك ئىكەن. بۇنداق ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ ئۈنۈمىگە «دەل ـ دەرەخلەرنى ئاسراپ، ۋەتەننى كۆكەرتەيلى» دېگەن دەرسنى ئون سائەت ئۆتۈپمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

**(3) ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش**

ئائىلە ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بالىلارنى ئىختىساسلىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ھەم ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئەمگەك تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بالىلار ئائىلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقمىچىلىق ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشسە ، مەكتەپنىڭ كىچىك زاۋۇت ، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇتۇش پائالىيىتىلىرىگە قاتنىشىپ جەمئىيەت ئۈچۈن بايلىق ياراتسا تامامەن بولىدۇ . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاممىنىڭ قولىلىشى ئارقىسىدا ئېتىز بېشى ، ئۆستەڭ قىرلىرىدىن پايدىلىنىپ بەزى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىسا ، پىئونېرلار ئورمانلىقنى بەرپا قىلسا ياكى كىچىك تىپتىكى باقمىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرسا ، شۇ ئارقىلىق بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يارىتىپ ، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلىسا ، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللەتسە بولىدۇ ، بۇنداق قىلىش مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بالىلارنى چېنىقتۇرۇشقا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

**( 4 ) ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ، بىخەتەر ، پاكىز بولۇشقا ۋە ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش**

ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسى بالىلارنىڭ ياش ۋە جىنس جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىشى ، چوقۇم بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇشى لازىم . ئەمگەك تۈرلىرى بالىلارنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، ئەمگەك ۋاقتى ۋە سالمىقى قاتتىق كونترول قىلىنىشى لازىم . بىخەتەر ھەم پاكىز بولۇش تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ، پاكىز بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ، ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك . تېنى ئاجىز ، كېسەل ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ ، ئۇلارنى ئەمگەككە قاتناشتۇرماسلىق ياكى يېنىك ئەمگەكلەرگە

قاتناشتۇرۇش، باللارنى سالامەتلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەمگەكلەرگە سالماسلىق، باللار ئارىسىدا ئەمگەك مۇسابىقىسى ئېلىپ بارماسلىق، باللارنى ھەددىدىن زىيادە جىددىيلەشتۇرۇپ، چارچىتىپ قويماسلىق، يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتمەسلىك كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، ئائىلىدە ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، باللارنىڭ نورمال ھەم ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چوقۇم دىققەت قىلىش كېرەك.

## 4. ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ ئۇسۇلى

ئائىلىدىكى ئەمگەك تەربىيىسىنىڭ ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولىدۇ، ئوخشاشمىغان مەزمۇنغا قارىتا ئوخشاشمىغان ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك. تۆۋەندە ئومۇمىيلىققا ئىگە بىر نەچچە خىل ئاساسلىق ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمىز.

**(1) سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش**

باللار دەسلەپتە ئەمگەك قىلىشنى ئۆگەنگەندە، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارغا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، بىر ياقتىن سۆزلەپ، بىر ياقتىن قىلىش، باللارنى ئەمگەك قىلىش جەريانىدا ئۆگىنىشكە يېتەكلەش لازىم. يېتەكلىگەندە چوقۇم سەۋرچان بولۇش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك. بىر قېتىمدا قىلىپ قاملاشتۇرالمىسا، ئىككىنچى قېتىم يەنە قىلدۇرۇش. ئەمگەك قىلىش جەريانىدا باللار كىيىملىرىنى مەينەت قىلىۋەتسىمۇ، قاچا ـ قۇچىلارنى چېقىۋەتسىمۇ، ياكى ئەسۋابلارنى بۇزۇۋەتسىمۇ

www.uyghurkitap.com

سوغۇققان بولۇش، ھە دېگەندىلا بالىلارنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزى قىلىپ كەتمەسلىك، تېخىمۇ مۇھىمى بالىلارنى دۈشكەلەپ، تىللاپ ـ ئۇرماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، بالىلارنىڭ غۇرۇرى زەربىگە ئۇچرايدۇ، بالىلار بىزار بولىدۇ، تەربىيىلەش مەقسىتىگىمۇ يەتكىلى بولمايدۇ.

بالىلارنىڭ تەپەككۇرى كونكرېت ھەم ئوبرازلىق بولىدۇ، ئۇلار ئابستراكت تەپەككۇرنى ئاسان چۈشىنەلمەيدۇ، شۇڭا بالىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش كېرەك، ئۈلگە كۆرسىتىش بولسا، بالىلار شۇنىڭغا قاراپ ئاسان ئۆگىنەلەيدۇ. ئۈلگە كۆرسىتىش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ دوراش، تەقلىد قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشى كېرەك. ئۈلگە كۆرسىتىشنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بالىلارغا قانداق قىلىشنى، نېمە ئۈچۈن قىلىشنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرۈش كېرەك. بالىلارنىڭ ئۈلگىسى قەھرىمان شەخسلەر، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ياكى ئەمگەككە ئامراق كىچىك دوستلار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەڭ ياخشى ئۈلگە يەنىلا ئاتا ـ ئانىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن ھەر كۈنى بىللە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتى بالىلارغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەرقانداق ئىشتا ئۈلگە بولۇشى، ئائىلە ئەمگەكلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشى، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشى، ھەر ۋاقىت بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. ئانا ئىشچان بولسا قىز چاققان بولىدۇ، ئاتا ھۇرۇن بولسا ئوغۇل لايغەزەل بولىدۇ، بۇ بىر ھەقىقەت.

## (2) قىزىقىشىنى ۋە ئاڭلىقلىقنى قوزغاش

قىزىقىش بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەمگەك مۇددىئاسى، ھەمدە ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. باللار ئەمگەككە قىزىققاندىلا، ئاڭلىق ھەم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشلەيدۇ.

بىرىنچى، ئەمگەك جەريانىدا خۇشال - خۇرام كەيپىيات يارىتىش كېرەك. مەسىلەن، چۆچەك، يۇمۇر، ناخشا ئېيتىش ئارقىلىق زېرىكىشلىك بولغان ئەمگەك جەريانىنى جانلاندۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق باللارنىڭ ئەمگەككە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئويۇنچۇق ئوينىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، ئەگەر قىزلار بولسا، قونچاقلارغا كىيىم كىيدۈرۈش، گالستۇك چىگىش ئارقىلىق باللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىشقا يېتەكلەشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، باللارغا ئۆزلىرى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، گۈلگە سۇ قۇيۇش، سەي ئاقلاش، گېزىت ئەكېلىش دېگەنگە ئوخشاش. گەرچە بۇ كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، باللارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئارزۇسىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. باللار ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلدىم، ئاتا - ئانامغا ياردەملەشتىم دەپ، ئۆزىنى پەخىرلىك ۋە خۇشال ھېس قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئائىلە ئىشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبىنى ئاشۇرۇش. ئادەتتىكى ئەمگەك جەريانىدا، باللارنىڭ تەبىئىي قىزىقىش ۋە ھەۋەسلىرىگە ماسلىشىپ، بەزى پەن - تېخنىكىغا ئائىت مەزمۇنلارنى قوشقاندا، باللارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، باللارنى ماگنىت ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەخلەتلەرنى تەرگۈزۈش ، تەشتەككە گۈل كۆچۈرگۈزۈش دېگەندەك . پەن ـ تېخنىكا مەزمۇنى ئارىلاشقان ئەمگەك بالىلارنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان ھەۋىسىنى يېتىلدۈرىدۇ .

تۆتىنچى ، بالىلارنى مۇستەقىل ئىش قىلىشقا قويۇۋېتىش . بالىلار كۆپىنچە ئۆزلىرى بىرەر ئىشنى مۇستەقىل ئورۇنداشنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئىشىنىشى ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشى ، ئۇلارنى تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم . بالىلار بەلگىلىك تىرىشىش ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن ، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغان چاغلاردا ، ئاتا ـ ئانىلار مۇۋاپىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى ، ھاياجانلانغانلىقىنى ۋە خۇشال بولغانلىقىنى ئىپادىلىشى كېرەك . بالىلار ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بولغاندا ، ئەمگەك قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ .

بەشىنچى ، بالىلارنىڭ قابىلىيىتىگە ئاساسەن ، بارا ـ بارا مۇرەككەپ ئەمگەكلەرنى تاپشۇرۇپ ، بالىلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ، ئىزدىنىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ، ئۇلارنى تېخىمۇ مۇرەككەپ ، تېخىمۇ مۇشەققەتلىك ئەمگەك ۋەزىپىلىرىنى ئاڭلىق ئۈستىگە ئېلىشقا يېتەكلەش كېرەك .

**(3) ۋاقتىدا تەقدىرلەپ ، مۇۋاپىق مۇكاپاتلاش**

تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ ، ئۇ بالىلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقى ۋە ئاڭلىقلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق . بالىلار ئۆز كۆڭلىدە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى ، ماختىشىنى ، ھۆرمەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . بۇ خىل ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان

هامان ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بايقالمىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارلار ئاشكارىلىنىپ ، كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . شۇڭا ، ئەمگەك جەريانىدا بىرەر ياخشى ئىش قىلسا ياكى قىيىن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولسا ، ئاتا ـ ئانىلار ۋاقتىدا ماختاپ ، مۇۋاپىق مۇكاپاتلىشى ، مەسىلەن ، باللارغا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويۇشى ، قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇشى ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىشى ياكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىشى ، مۇۋاپىق ماددىي مۇكاپات بېرىشى ، مەسىلەن ، ئويۇنچۇق ۋە كىتاب دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشى لازىم .

باللارنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك :

بىرىنچى ، ماختاش لايىقىدا بولۇش ، بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىك . ئۇنداق بولمايدىكەن ، باللار ماختاشقىلا كۆنۈپ قېلىپ ، مەغرۇرلۇق كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ ، ھەتتا بەزى باللاردا ماختىنىش ئۈچۈنلا ئەمگەك قىلىدىغان ئىدىيە تۇغۇلىدۇ .

ئىككىنچى ، ماددىي مۇكاپاتلاش بەك يۇقىرى ھەم بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى ، ئەڭ ياخشىسى باللارنى يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك بىلەن مۇكاپاتلىماسلىق ، تېخىمۇ مۇھىمى باللارنى پۇلغا قىزىقتۇرماسلىق كېرەك . بۇنداق قىلغاندا ، باللارنى يەپ ـ ئىچىشنى ، كىيىم كىيىشنى ئەلا بىلىدىغان ، پۇلغا بېرىلىپ كېتىدىغان ئەگرى يولغا باشلاپ قويىمىز .

ئۈچىنچى ، مۇنداق ئىشنى قىلساڭ ، مۇنداق نەرسە ئېلىپ بېرىمەن دەپ ، باللارغا ئالدىن ۋەدە بەرمەسلىك كېرەك . بۇنداق قىلغاندا ، باللار ئاتا ـ ئانىلارغا شەرت قويىدىغان بولۇۋالىدۇ ، بىرەر نەرسە بەرمىسەڭ دېگىنىڭنى قىلمايمەن دەپ ،

ئاتا ـ ئانىسىنى قىستايدىغان بولۇۋالىدۇ.

**(4) بىللە ئەمگەك قىلىپ بەسلىشىشكە قىزىقتۇرۇش**

ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپ، بەسلىشىشكە قىزىقتۇرغاندا، بالىلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بالىلارنى خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئەمگەكنى تېخىمۇ سۆيىدىغان قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئانا كىر يۇغاندا بالىلارنى ئۆزلىرىنىڭ قول ياغلىقى، پايپىقى ۋە ئۇششاق نەرسىلەرنى يۇيۇشقا سېلىش، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار خىزمەت تەقسىماتى قىلىۋېلىپ، ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئۆيلەرنى ئورتاق تازىلاش ۋە يىغىشتۇرۇش قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، بالىلار بىلەن دېرىزە ئەينەكلىرىنى سۈرتۈش، پاختا تېرىش، باشاق تېرىش قاتارلىق ئەمگەكلەردە مۇسابىقىلىشىپ، ئائىلىنى ئەمگەك خۇشاللىقىغا ئىگە قىلىشقا بولىدۇ.

**(5) باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇپ، بالىلارنى ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئۆگىتىش**

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئائىلىدە بەزى مۇقىم ئەمگەك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ھەمدە ئۇلارنى بەزى ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇپ، بالىلارغا ئەمگەك قىلىشنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشتىكى زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى، ئائىلىدىكى مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش كېرەك. بۇ ئىشلار بالىلارنىڭ مۇستەقىل خاراكتېرىنى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ياخشى رول ئوينايدۇ. ئائىلىدە بالىلارغا ھەر كۈنى سۈت ئەكىرىش، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇش، تازىلىق قىلىش دېگەندەك كونكرېت ئەمگەك ۋەزىپىلىرى تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. بەزى ئاتا ـ ئانىلار

باللىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ، ئىستېمال پىلانىنى تۈزىدۇ؛ ھەر ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىنى بالىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرىدۇ، ئانا بولغۇچى سەي - كۆكتات سېتىۋېلىش، سۇ، توك پۇللىرىنى تاپشۇرۇش ئىشلىرىنى قىلسا، دادا ئۇن، ماي سېتىۋېلىش، گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ئىشلىرىنى قىلىدۇ، بالىلار بۇ چىقىملارنى خاتىرىلەيدۇ. بالىلار چىقىمنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغاندا، ئىنچىكە ھېسابات قىلىش، چىقىمنى تېجەش توغرىسىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن تەشەببۇسكار بولۇپ مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ جەرياندا بالىلار ئائىلە باشقۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ ھەمدە مۇۋاپىق خىراجەت قىلىش، ئىقتىسادچىل بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1. «بالىلار ئۆزى قول سېلىپ ئىش قىلسۇن» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ چىقىڭ.

2. بالىڭىزنىڭ يېشى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا مۇقىم ئائىلە ئەمگەك ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېتەكلەش ھەم تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.

www.uyghurkitap.com

# بالىلارنى ئەقلىي ساپاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيلى

پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەقلىي ساپاسىنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدە گۈللەپ ياشنىشىنى بەلگىلەيدۇ.

ھازىرقى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەقىللىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئەقىللىق بولۇش دېگەن نېمە؟ قانداق قىلغاندا بالىلارنى ئەقىللىق قىلغىلى، ئەقىللىقلىرىنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلغىلى بولىدۇ؟

## 1. ئەقىللىق بولۇشقا قارىتا توغرا كۆز قاراش تىكلەش كېرەك

21ـ ئەسىردىكى دۆلەت بىلەن دۆلەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن رىقابەت تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ساپاسى جەھەتتىكى رىقابەت بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ ئەقلىي ساپاسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى مۇھىم پىسخىك ساپانى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىر دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ھازىرقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز بالىلىرىنىڭ باشقىلاردىن ئەقىللىق بولۇشىنى، تالانت جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇنداقتا، قانداق بالىلار ئەقىللىق ھېسابلىنىدۇ؟ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كەچۈرمىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كىشىلىك

ھايـاتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى پەرقلىق بولغاچقا، «ئەقىللىق» دېگەننى چۈشىنىشىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بۇنىڭغا قارىتا بەزى خاتا چۈشەنچىلەرمۇ بار.

**(1) «ئەقىللىق» لىق توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەر**

بىرىنچى، بىلىمى بولسىلا «ئەقىللىق» ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئوقۇش، يېزىش، ھېسابلاشنى بىلىشىگە نىسبەتەن ئارتۇقچە تەلەپ قويىدۇ، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، نەتىجىسى ياخشى، نومۇرى يۇقىرى بولسىلا، تەبىئىي ھالدا ئەقىللىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپ، بىرەر ئالاھىدىلىكى بولسىلا «ئەقىللىق» ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ قاراش تۈپەيلىدىن بەزىلەر بالىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، قارىغۇلارچە مەبلەغ سالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەخلاق تەربىيىسىگە سەل قاراپ، بالىلىرىنىڭ «ئەقىللىق» لىقىدىن خاتا ھالدا زوقلىنىدۇ. مەسىلەن، بالىلار ئانىغا ئەگىشىپ سەي ئالغىلى چىققاندا، ئىككى تال سەۋزىنى ئوغرىلىقچە سومكىغا سېلىۋالسا، بالام «ئەقىللىق» بوپتۇ، دەپ ماختىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئازراق ئەقىللىق بولغىنىغا قانائەت قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەل قاراش. بالىلار بىرەر جەھەتتە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنى - بۇنى قىلىشنى بىلسە، بەزى ئاتا - ئانىلار كۆرگەنلا ئادەمگە ماختاپ بېرىدۇ، ھە دېگەندىلا بالىلارنى ماھارەت كۆرسەتكۈزىدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي «ئەقىللىق» بولۇش، دەپ ھېسابلايدۇ. مۇشۇنىڭغىلا مەستانە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، بالىلاردا بەلگىلىك ئەقىل - پاراسەت ئاساسى بولسىمۇ، ماختاش

سادالىرى ئىچىدە بۇنداق «ئەقىل ـ پاراسەت» بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ .

بەشىنچى ، قارىغۇلارچە سىڭىشتۇرۇپ ، خاسلىق پەرقىگە سەل قاراش . بەزى ئاتا ـ ئانىلار باشقا بالىلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنىلا كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ ، دەپ ھېسابلايدۇ . بەلكىم سىزنىڭ پەرۋاسىزلىقىڭىز تۈپەيلىدىن بالىڭىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى بايقىماي قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن .

يۇقىرىدىكى خىلمۇ خىل خاتا چۈشەنچىلەر بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىلمىي ۋە توغرا بولغان كۆز قاراش تىكلىشى لازىملىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

**(2) ئەقىللىق بولۇشقا قارىتا توغرا كۆز قاراش تىكلەش كېرەك**

بىرىنچى ، «ئەقىللىق» دېگەن سۆزنىڭ ئىلمىي مەنىسىنى چۈشىنىش كېرەك . «ئەقىللىق» دېگەن سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە ، ئەقلى بار ، كاللىسى ئىشلەيدىغان ، ئۆتكۈر ، ھوشيار ، زېرەك ؛ ئەقىل بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ، بىلىملىك ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك دېگەن مەنىلەردە چۈشەندۈرۈلىدۇ . پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ئەقىل ـ پاراسەت ئادەمنىڭ ئاساسىي قابىلىيىتىنىڭ يىغىندىسى ، يەنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ، دىققەت قىلىش ئىقتىدارى ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ، ئەقلىي قابىلىيەت ياكى بىلىش قابىلىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ . ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يادروسى تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى بىلەن مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەتتۇر .

ساۋچۇڭنىڭ پىلنى جىڭلىشى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى خېلى كۆپ كىشىلەر بىلىدۇ. بىز يەتتە ياشلىق ساۋچۇڭنى ئەقىللىق، دەپ قارىدۇق، چۈنكى ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىكلىكى ئەقىلگە بېرىلگەن تەبىرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەقىللىقلىق مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئىگىلىگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى بىلىمدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ساۋچۇڭ شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان پىلنى جىڭلاش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويالىغانكى، ئۇ كېمىگە قاچىلانغان يۈكنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن كېمىنىڭ سۇغا چۆكۈشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چوقۇم ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن، ئۇ كېمىنىڭ چۆككەن چوڭقۇرلۇقى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، پىلنى بىۋاستە ئۆلچىگۈدەك جىڭ تېپىلمىغاچقا، ۋاستىلىك جىڭلاش كېرەك، دەپ ئويلاپ، كېمىگە يۈك قاچىلانغان چاغدىكى كېمىنىڭ چۆكۈش ئەھۋالىدىن كېمىدىكى يۈك بىلەن پىلنىڭ ئوخشاش ئېغىرلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن كېمىگە پىلنىڭ ئورنىدا تاش قاچىلاپ، چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچەش ئارقىلىق، «ۋاستىلىك» ھالدا پىلنىڭ ئېغىرلىقىنى تېپىپ چىقىش ئۇسۇلىنى تاپقان. مانا بۇ بىلىمدىن پايدىلىنىپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىلىدىغان ئابستراكت تەپەككۇر جەريانىدۇر.

يۇقىرىدىكى مىسالنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىز «ئەقىللىق» دېگىنىمىز — دىققەت قىلىش ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەسەۋۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يىغىندىسى، ئەقلىي ئىقتىدار بىلەن بىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر، دېگەن تونۇشقا كېلىمىز. سەل قاراشقا

بولمايدىغان بىر نۇقتا شۇكى ، ھازىرقى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا ، ئەقىللىقلىق يەنە كىشىلىك ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش دائىرىسىگىمۇ كىرىدۇ .

ئىككىنچى ، ئەقىللىق بولۇشنى مەلۇم بىر ئامىل بەلگىلىمەيدۇ ، دېگەن قاراشنى تىكلەش كېرەك . بالىلارنىڭ ئەقىللىق بولۇشى مەلۇم بىر ئامىل تەرىپىدىنلا بەلگىلەنمەيدۇ . ئۇ تۇغما ۋە كېيىنكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىدۇ . بالىلارنىڭ جىنسىي ھۆجەيرىسى يېتىلگەندىن كېيىنكى پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىدە مەلۇم تەرەپ ۋە مەلۇم باسقۇچتا يۈز بەرگەن بىرەر خاتالىقمۇ بالىلارنىڭ ئەقىللىقلىق دەرىجىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، «ئەقىللىق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تار نۇقتىدىن چۈشەنمەسلىكىمىز ، بەلكى ئادەمنىڭ پسىخىك پۈتۈنلۈك قارىشى ۋە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا تونۇپ ، بىر پۈتۈنلۈك ، سىستېمىلىق ، ئەتراپلىق بولۇش نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەپ ، بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم .

ئۈچىنچى ، ئەقىللىقلىقنىڭ پەرقى بولىدۇ ، دېگەن قاراشنى تىكلەش كېرەك . ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى پەرقلىنىدۇ . پسىخولوگلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى :

① كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تىپ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ . بەزىلەر تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي بولىدۇ ، بەزىلەرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ ، بەزىلەرنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى يۇقىرى بولىدۇ ، لېكىن مەسىلىلەرنى ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلىش ئىقتىدارى يېتەرسىز بولىدۇ .

② كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىيات

سەۋىيىسى ئوخشاشمايدۇ. ئىنتايىن ئەقىللىق ئادەملەر ۋە ئىنتايىن دۆت ئادەملەر ناھايىتى ئاز ساندا بولىدۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئوتتۇراھال دەرىجىگە تەۋە بولىدۇ، ئوتتۇراھال سەۋىيىدىكىلەرنىڭمۇ يۇقىرى، ئوتتۇراھال، تۆۋەنلىك پەرقى بولىدۇ.

③ ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئىپادىسى ياش جەھەتتىمۇ پەرقلىنىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراستى نامايان بولۇشقا باشلايدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ بولسا، ياشانغاندىن كېيىن، ئاندىن تالانتى كېچىكىپ ئاشكارىلىنىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى پەرقلىق بولىدۇ، دەيدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇشى لازىم. مۇشۇنداق قاراش بولغاندىلا، ئاندىن سىز بالىڭىزغا ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي باھا بېرەلەيسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بالام ئەقىللىق، دەپ ئىسەنكىرەپ كەتمەيسىز ھەمدە بالام ئەقىللىق ئەمەس ئىكەن، دەپ ئۈمىدسىزلىنىپمۇ كەتمەيسىز، بالىمىز باشقىلارنىڭكىدىن قابىلىيەتلىك بولسا ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، بىز ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر باشقا بالىلاردىن ناچار بولۇپ قالسا، جىددىيلىشىپ زورۇقۇپ كېتىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئاتا ـ ئانىلار ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ئۇچقۇنلىرىنى بايقاپ، ئۇنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

ئاتا ـ ئانىلار ئەقىل ـ پاراسەت توغرىسىدا كۆز قاراش تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلمىي يولغا سېلىپ، بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئاساسى ۋە شارائىتى ئاستىدا ئانچە ئەقىللىق بولماسلىقتىن ئەقىللىق بولۇشقا، ئەقىللىق بولۇشتىن تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇشقا تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2 . قانداق قىلغاندا بالىڭىز تېخىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ؟

**(1) مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى ئېچىش ، قوغداش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش**

ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى مېڭە ئىقتىدارىنىڭ تاشقى ئىپادىسى ، مېڭە ئەقلىي پائالىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مېڭىسى ھامان يۇمران بولىدۇ ، مېڭىنىڭ نورمال يېتىلىشى ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئاتا ـ ئانىلار مېڭىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم .

بىرىنچى ، ئوزۇقلۇق . تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ، تاتلىق يېمەكلىكنى كۆپ يېگەن بالىلارنىڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاستا ، ئەقلى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدىكەن ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ، تاتلىق يېمەكلىك ئىشتىھانى تۇتۇۋېلىپ ، ئاقسىل ۋە ھەرخىل مىنېراللارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىكەن . يەنە بىرى ، ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ، ئەتىگەنلىك ناشتىدىكى ئوزۇقلۇق مۇۋاپىق بولسا ، دەرس ۋاقتىدا بالىلارنىڭ دىققىتى چېچىلمايدۇ ، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ، پىكرى ئوچۇق بولىدۇ .

ئىككىنچى ، مېڭىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش كېرەك . مېڭىنى ئۇزۇن مۇددەت كۈچەپ ئىشلەتكەندە ، نېرۋا تومۇرلىرى چارچاپ زەئىپلىشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن مېڭە پائالىيىتى نورمال رىتىمىنى يوقىتىپ ، قالايمىقانلىشىدۇ . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قېتىمدا دەرسكە قاراش ۋاقتى بىر سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . باشلانغۇچ مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر كۈندە 9 سائەت ئۇخلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .
ئۈچىنچى ، مېڭىنىڭ سىرتتىن زەخىملىنىشىدىن ، مېڭە كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك . بالىلارغا سىرتتا ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ، بېشىنىڭ بىرەر يەرگە ئۇرۇلۇپ مېڭىنىڭ سىلكىنىپ زەخىملىنىپ كەتمەسلىكى توغرىسىدا ياخشى تەربىيە قىلىش كېرەك . بالىلار بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندا ئۇرماسلىق ، بولۇپمۇ بېشىغا ۋە ئارقا مېڭىسىگە ئۇرماسلىق كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا بالىلارنىڭ قان تەركىبىدە قەنت ماددىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ، B تىپلىق مېڭە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك . يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەر ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدەك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .
تۆتىنچى ، ئوڭ مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . ئادەمنىڭ مېڭىسى ئوڭ ، سول دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى بالىلار سول قولىنى ئاز ئىشلىتىدۇ ، شۇڭا ئوڭ مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ ، ئادەمنىڭ ئوڭ مېڭىسى ئاساسلىقى بىر پۈتۈن ئوبرازلارنى ، ماكان ئۇقۇملىرىنى ، گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى ، تۇيغۇنى ، مۇزىكا مېلودىيىلىرىنى ھەمدە رەسىم سىزىش توغرىسىدىكى مۇلاھىزە قاتارلىق مۇرەككەپ ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرلارنى باشقۇرىدۇ ، شۇڭا يېقىندا بەزىلەر ئوڭ مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى «ئىجادىي مېڭىنى ئېچىش» دەپ ئاتىدى . ھازىرقى نېرۋا فىزىئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە ، ئىنسانىيەت ئەگەر ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەشتىكى تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ ، ئوڭ مېڭىنىڭ سۈپېتىپ پائالىيەتچانلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بولسا ، بىز ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار

تۇغفۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بولىدۇ. ئۇڭ مېڭە سول تەرەپنىڭ پائالىيەتلىرىنى، سول مېڭە ئۇڭ تەرەپنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشقۇرىدىغان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئىككىلا قولىنى ئىشقا سالىدىغان پائالىيەتلەرگە كۆپرەك قاتناشتۇرۇشى، بولۇپمۇ سول قولىنى ئىشلىتىدىغان پائالىيەتلەرنى كۆپرەك قىلدۇرۇشى، ئۇڭ قولىنىمۇ، سول قولىنىمۇ تەڭ ئىشلىتەلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرۇشى، ئۇڭ مېڭىنىڭ ھۈجەيرىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوبدان ئىشلىتىپ، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

**(2) بىلىم بىلەن ئەقلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش**

ئەنئەنىۋى ماتارىپنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇ بولدىكى، ئۇ بىلىم يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەل قارىدى، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلارمۇ بىلىم بولسىلا ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. بىز بالىلارنىڭ ئەقلىي ساپاسىنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم:

بىرىنچى، بىلىم بىلەن ئەقىل بىر نەرسە ئەمەس. بىلىم ئىنسانلارنىڭ بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك تەجرىبىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ئەقىل بولسا، كىشىلەرنىڭ بىلىمنى ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىش ئىقتىدارىدۇ، شۇڭا بىلىمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئەقلىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بەلگىلىمەيدۇ. مەسىلەن، ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەن بالىلار دۆت بالىلار بولۇشى ناتايىن، نەتىجىسى ياخشى بالىلار ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، يادلاشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى نىسبەتەن كۆپرەك بىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇبادا بىز خاتا هالدا بىلىمنى ئەقىلگە تەڭ . دەپ قاراپ قالساق ، بالىلارنىڭ كاللىسىغا قارىغۇلارچە بىلىم قاچىلاشنىلا بىلىدىغان ، ئۆلۈك يادلاپ ، مېخانىك هالدا تەقلىد قىلىشنى ، بىرلا خىل ئۇسۇلدا تەكرار قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان خاتا ئۇسۇلنى قوللىنىشىمىز مۇمكىن . بۇ ، بالىلارنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز ھەمدە بالىلارنىڭ تالانتىنى كۆمۈپ قويىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن .

ئىككىنچى ، بىلىم بىلەن ئەقىل يەنە زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە . بىلىم ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى ، ئەقىل بىلىم ئىگىلەش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ . شۇڭا ، ئائىلە تەربىيىسىدە بالىلارنىڭ خىلمۇ خىل بىلىملەرنى ئۆگىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە بالىلارنىڭ ئەقلىنىڭ ئىلمىي يېتەكلەش ئاساسىدىكى ئۆگىنىش جەريانىدىلا ياخشى تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىش لازىم . كىتابقا ئۆلۈك هالدا ئېسىلىۋېلىشنى ، ئۆلۈك هالدا كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلماسلىق ، بالىلارنى سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا ، باغلىما تەسەۋۋۇر قىلىشقا ، كۆپرەك سوئال سوراشقا يېتەكلەش لازىم . ئىلمىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالغاندىلا ، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تېز تەرەققىي قىلىدۇ .

### (3) بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئائىلە كەيپىياتى ۋە شارائىتىنى يارىتىش

بىرىنچى ، پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى ، ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى روھىي بېسىم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ، ئاندىن ياخشى تەرەققىي قىلالايدۇ . شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا يېقىنلىشىپ ، بالىلارنى دادىل ئويلايدىغان ، سۆزلەيدىغان ، ئىشلەيدىغان قىلىشى ، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ، بالىلارنى

ئۆزلىرى بىلمەيدىغان شەيئىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم ، شۇنداق قىلغاندىلا بالىلارنىڭ ئەقلى ئېچىلىدۇ . مەسىلەن ، يېڭى سېتىۋالغان ئېلېكترونلۇق سائەتنى بالىلار چۇۋۇپ تەتقىق قىلماقچى بولغاندا ، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى ھەرگىز ئەيىبلەپ تىللىماسلىقى ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ، مۇمكىن بولسا ، بالىلارنىڭ چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ، بالىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇشى كېرەك .

ئىككىنچى ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى سۆزلىشىش جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ . بالىلار «نېمە ئۈچۈن» ، «نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ» ، «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا ئامراق كېلىدۇ ، بالىلار بىر تالاي سوئاللارنى سورىغان چاغدا ، ئاتا ـ ئانىلار سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ ، «سېنىڭ نېمە كارىڭ» ، «مېنىڭ ئالدىراشلىقىمنى كۆرمىدىڭمۇ ؟» دېسە ، ئۇ ھالدا بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ . ئەتراپىدىكى شەيئىلەر توغرىسىدا سوئال سورىغان بالىلار نېمىلا بولسۇن ئەقىللىق بالا ھېسابلىنىدۇ .

ئۈچىنچى ، ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە كىچىك ماكانى بولۇشى كېرەك . بۇ كىچىك ماكان (كىتاب بۆلۈكى ، ئويۇنچۇق بۆلۈكى ) بالىلارنىڭ ئۈمىدى ھەم ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ، بىلىم ئىزدەيدىغان جايى ھېسابلىنىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بۇ كىچىك ماكانىنى زۆرۈر شەرتلەر بىلەن تەمىنلىشى لازىم .

**(4) رەڭگارەڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئەقىل ـ پاراسەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش**

بالىلار بىر قەدەر ياخشى ئىرسىيەت گېنىغا ، بىر قەدەر ياخشى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تەلىم ـ تەربىيە شارائىتىغا ئىگە بولغاندا ، ئۇلارنىڭ ئەقىللىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى

بولىدۇ ، چۈنكى ھەر قانداق ياخشى مۇھىت ۋە تەلىم ـ تەربىيە باللارنىڭ ئاكتىپ ، تەشەببۇسكار ئەمەلىي پائالىيىتىدىن ئايرىلغاندا رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باللارنى چوقۇم پائالىيەتنىڭ سۇبيېكتى ، دەپ قارىشىمىز ، باللارنى ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىدا بەدەن بىلەن مېڭىنى بىرلەشتۈرۈشكە ، قول بىلەن مېڭىنى تەڭ ئىشلىتىشكە يېتەكلىشىمىز لازىم ، شۇنداق قىلغاندىلا ، ئەقلىي ساپانىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ .

بىرىنچى ، ئەمگەك ئەمەلىيىتى ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . قول بىلەن مېڭە بىۋاستە مۇناسىۋەتكە ئىگە ، چۈنكى ئادەم بەدىنىدىكى ھەر قايسى ئەزالارنىڭ مېڭە قاتلىمىدا بىردىن ماس رايونى بولىدۇ ، لېكىن بەدەن ئەزالىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ماس رايونىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى بەلگىلىمەيدۇ ، بەلكى ئۇ بەدەن ئەزالىرىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە مۇرەككەپلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . مەسىلەن ، چوڭ بارماقنىڭ ھەرىكەت رايونى پاچاقنىڭ ھەرىكەت رايونىنىڭ ئون ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ . قولنىڭ نازۇك ، ئەپچىل ھەرىكىتى مېڭىنىڭ ئايرىم ئالاھىدە ھۈجەيرىلىرىنى جانلاندۇرۇپ ، چوڭ مېڭىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، چوڭ مېڭە تاشقى قاتلىمىدىكى ھەر قايسى رايونلار ئورگانىك ھالدا باغلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، بارماقنىڭ ھەرىكەت رايونى غىدىقلانغان ھامان ، باشقا رايوندىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ روھلىنىشىنى ۋە جانلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن مېڭىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى چېنىقىشقا ئىگە بولىدۇ . بارماق چېنىقتۇرۇلۇپ ، ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاندا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېڭىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ .

ئىككىنچى ، دوست تۇتۇش پائالىيىتى ئەقلىي ساپانىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . بالىلارنىڭ دوستلىشىش پائالىيىتى ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان نورمال هادىسە ، شۇنداقلا بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىدىن تەدرىجىي ئايرىلىپ ،جەمئىيەتكە يۈزلىنىش ۋە ماسلىشىشتا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان جەريان . دوست تۇتۇش جەريانىدا ئۇلار ئۆزئارا ئىدىيە ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇقلاپ ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىدۇ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ، ئويلاش ، ئەستە ساقلاش ، پىكىر قىلىش ۋە تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق ، بۇ بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇل هەم بالىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇهىم مەزمۇنى .

بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ «زىيان تارتىش» دىن ئەنسىرەپ ، تەڭ ياشتىكى بالىلار بىلەنلا ئويناشقا يول قويۇپ ، ئۆزىدىن چوڭ ياكى كىچىك بالىلار بىلەن ئوينىغىلى قويمايدۇ . ئەمەلىيەتتە پسىخىك تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا ، چوڭ بالىلار بىلەن ئوينىسا پائالىيەت دائىرىسى كېڭىيىدۇ ، مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ . تېخىمۇ كۆپ ماهارەت ۋە مەسىلە هەل قىلىش چارىسىنى ئىگىلىۋالالايدۇ . كىچىك بالىلار بىلەن ئوينىغاندا ، ئۇ بالىلارنىڭ بېشى بولۇپ ، يېڭى مەسىلىلەرنى

ئۆزلۈكىدىن ئويلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئامال قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە مۇستەقىل خاراكتېرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق.

بالىلار بىرلىكتە ئوينىغاندا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جېدەللىشىش تەپەككۇر ۋە ئەقلىنىڭ بىر خىل ئېلىشىشى بولۇپ، ئۇ بالىلار ئۈچۈن زۆرۈر بىر دەرسلىك. جېدەللىشىپ قالغاندا كىم يېڭىپ چىقىمەن دەيدىكەن، شۇ كاللا ئىشلىتىشى لازىم، كىمنىڭ ئەقىل-پاراسىتى يۇقىرى بولسا، شۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. يېڭىلگەنلەر بولسا، تەجرىبە-ساۋاقنى يەكۈنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تېپىپ چىقىپ، كېيىنكى ئېلىشىشتا يېڭىپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا، مەيلى يەڭگەن ياكى يېڭىلگەن بالا بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى جېدەللىشىش جەريانىدا چېنىقىدۇ. بالىلار جېدەللىشىپ، سوقۇشۇپ قالغاندا ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، سوقۇشۇپ بولۇپلا، بىر ئازدىن كېيىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ يەنە بىللە ئوينايدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپ ئارىلىشىۋالماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇپلا قالماستىن، مېڭە ئىقتىدارىنىمۇ كۈچەيتىدۇ.

① چوڭ مېڭىنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە پوستىنىڭ قېلىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

② قان ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، نېرۋىنى ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

③ داۋاملىق ھەرىكەت قىلىپ بەرگەندە مېڭە سەزگۈر ھالەتتە تۇرىدۇ، مېڭىنىڭ چارچاشقا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاشىدۇ.

④ نېرۋىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئېشىپ، تەپەككۇر قىلىشى تېزلىشىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئۆيگە سولىۋېلىشى، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئارىلاشتۇرماسلىقى، يامان ئۆگىنىپ قېلىشتىن قورقۇشى قىلتىرىق تۇرۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بېلىق يېمىگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. بىر ئادەم ئۆزى يەككە ـ يېگانە ھالەتتە يۇرۇپ ئەقىللىق بولسا ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟ پەقەت «ساپ مۇھىت» ئىچىدىلا ياشاپ، رېئال تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان پايدىسىز ئامىللارغا ماسلىشالمىسا، ئۇنداق ئادەمنى ئەقىللىق دېگىلى بولامدۇ؟ ئەقىللىق ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەقلىي ساپاسىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۇلارنى مول، رەڭگارەڭ تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ئىچىدە چېنىقتۇرۇشى لازىم.

## (5) ئەقىلگە مۇناسىۋەتسىز ئامىللارغا سەل قارىماسلىق كېرەك

تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسى ئەزەلدىن بىرگەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ھەرقانداق پائالىيەت جەريانىدا ئۇ «بىرگەۋدە بولۇپ جەڭ قىلىدۇ»، سىنىڭ، مېنىڭ دەپ ئايرىمايدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ نوقۇل ھالدىكى ئەقلىي پائالىيەت بولغان ئەمەس، ئەقلىي ئامىللار بىلەن ئەقىلدىن سىرت باشقا ئامىللار ئەزەلدىن بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي كەلگەن.

ئەقىلگە مۇناسىۋەتسىز ئامىللار دائىم ئەقلىي ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ

ئۆگىنىشكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى ، چىداملىقلىقى ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش قاتارلىق خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنى قوللايدۇ ، ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ مۇشۇ ئۆگىنىش جەريانىدا تېگىشلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ .

## 3 . بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەشىق ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالايلى

بالىلارنى ئەقىللىق قىلىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەقلىنى ئاچىدىغان بەزى ئۇسۇللارنى ئىگىلىۋېلىشى لازىم . گەرچە ، ھەممىگە باب كېلىدىغان ئۇسۇل بولسىمۇ ، بۇلارنى مۇۋاپىق قوللانغاندا ئانچە ـ مۇنچە پايدىسى بولىدۇ .

**(1) دىققەتنى مەشىق قىلدۇرۇش**

دىققەت مەركەزلەشتۈرۈش ، مۇقىملاشتۇرۇش ، كەڭ دائىرىلىك بولۇش ، تەقسىملەش ۋە يۆتكەشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە . ئادەمنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارى مەشىق قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ . دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشتىكى ئۇسۇل ناھايىتى كۆپ ، مەسىلەن ، خەت يېزىش ئۇسۇلى ، نەرسىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇلى ، جىم ئولتۇرۇش ئۇسۇلى ، سان ھېسابلاش ئۇسۇلى ، ئاۋاز ئاڭلاش ئۇسۇلى ، كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى ، دەخلى ـ تەرۇزغا تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار . تۆۋەندە خەت سىزىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۇرۇش ، يۆتكەش ، تاللاش ۋە دىققەتنى كېڭەيتىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز .

① مەشىق ماتېرىيالى . بىر پارچە قەغەزگە يېزىلغان سانلار

www.uyghurkitap.com

تەرتىپسىز تىزىلغان .

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6 | 2 | 4 | 3 | 8 | 5 | 7 | 6 | 0 | 6 | 2 | 0 | 2 |
| 5 | 7 | 3 | 6 | 1 | 2 | 3 | 6 | 3 | 2 | 0 | 8 | 9 | 4 |
| 7 | 2 | 0 | 5 | 3 | 2 | 4 | 6 | 0 | 9 | 6 | 3 | 7 | 2 |
| 4 | 8 | 7 | 8 | 0 | 9 | 7 | 9 | 6 | 4 | 3 | 6 | 2 | 1 |
| 5 | 3 | 8 | 9 | 6 | 2 | 0 | 6 | 1 | 2 | 4 | 2 | 3 | 6 |
| 0 | 8 | 4 | 3 | 2 | 1 | 6 | 4 | 5 | 4 | 3 | 6 | 8 | 6 |
| 2 | 0 | 3 | 8 | 6 | 2 | 0 | 6 | 4 | 1 | 4 | 8 | 5 | 3 |
| 7 | 0 | 2 | 9 | 4 | 7 | 6 | 4 | 3 | 8 | 7 | 5 | 9 | 1 |
| 6 | 0 | 3 | 8 | 4 | 3 | 8 | 6 | 9 | 8 | 2 | 3 | 1 | 2 |
| 3 | 6 | 5 | 1 | 5 | 6 | 1 | 3 | 6 | 7 | 5 | 0 | 6 | 7 |

② مەشغۇلات تەرتىپى

بىرىنچى ، مەشىق پائالىيىتىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ ، بالىلاردىن ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىش .

ئىككىنچى ، بالىلار بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە «/» بەلگىسى بىلەن جەدۋەلدىكى «6» دېگەن رەقەملەرنى سىزىپ چىقسۇن . بۇ مەشىقنىڭ مەقسىتى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش . ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن جەمئىي قانچە سان سىزىلغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ (24 بولۇشى كېرەك ) .

ئۈچىنچى ، بالىلار بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە «×» بەلگىسى بىلەن جەدۋەلدىكى «6» نىڭ ئالدىدا كەلگەن سانلارنى سىزىپ چىقسۇن . بۇ مەشىقنىڭ مەقسىتى دىققەتنى يۆتكەش . ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن جەمئىي قانچە سان سىزىلغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ (24 بولۇشى كېرەك ) .

تۆتىنچى ، بالىلار بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە «√» بەلگىسى بىلەن جەدۋەلدىكى «6» نىڭ ئالدىدا ئاز ئۇچرايدىغان ساننى سىزىپ چىقسۇن . بۇ مەشىقنىڭ مەقسىتى تاللاش دىققىتىنى

چېنىقتۇرۇش . ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن جەمئىي قانچە سان سىزىلغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ (16 بولۇشى كېرەك ) .

بەشىنچى ، بالىلار بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە «△» بەلگىسى بىلەن جەدۋەلدىكى «1» بىلەن «8» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «6» نى سىزىپ چىقسۇن . بۇ مەشىقنىڭ مەقسىتى دىققەتنى كېڭەيتىش ، ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن جەمئىي قانچە سان سىزىلغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ (9 بولۇشى كېرەك ) .

ئالتىنچى ، دىققەتنى خىلمۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن مەشىق قىلدۇرۇش ، دائىم داۋاملاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك ، بوش قويۇۋېتىلگەن ھامان بالىلار دىققەتنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ .

## (2) تەسەۋۋۇرنى مەشىق قىلدۇرۇش

تەسەۋۋۇر ئەقلىي پائالىيەتنىڭ قانىتى ، تەسەۋۋۇر كەشپىياتنىڭ باشلامچىسى . بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇش ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ ؟

بىرىنچى ، ئاجايىپ خىياللارنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش . لېنىن مۇنداق دېگەنىدى : «خىيال قىلىش ئىنتايىن قىممەتلىك پەزىلەت . خىيالنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىي كۈچ دېمەكتۇر . ئاتا ـ ئانىلار بۇنى ئىلھاملاندۇرۇشى ، قوللىشى ، ھەرگىزمۇ ‹ قالايمىقان خىيال سۈرۈش› ، ‹خام خىيال قىلىش› دەپ قارىماسلىقى لازىم » . دارۋىن 10 ياش ۋاقتىدا ھەرخىل سۇيۇق رەڭلەرنى گۈللەرگە چاچسام رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىدۇ ، دېگەندە ، ئاپىسى ئۇنى پو ئېتىۋاتىسەن دەپ ، بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتقان . دارۋىننىڭ دادىسى : «بۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ، ئۇ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ بىرەر ئىشنى

www.uyghurkitap.com

ۋۇجـۇدقـا چـىـقـىرىشى مۇمكىن» دېگەن . ئەمەلىيەت ئۇنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

ئىككىنچى ، ھەرقانداق غەلىتە ، يېڭىچە بولغان تەسەۋۋۇر تۇرلۇك ھېسسىي قىياسلار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ . بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇلارنى تەبىئەتتىن ، جەمئىيەتتىن مول ماتېرىياللارنى توپلاشقا دەۋەت قىلىش كېرەك . بالىلارنىڭ بىلىمى قانچە كۆپ بولغانسېرى ، تەسەۋۋۇرلىرى كۆپىيىدۇ ، پىكرى كېڭىيىدۇ ، باغلىما تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى كۈچىيىپ ، تەسەۋۋۇر كۈچى تەرەققىي قىلىدۇ .

ئۈچىنچى ، ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇپ سۆزلىتىش . دادا مۇنداق بىر چۆچەكنى باشلىسۇن : «80 ياشلىق بىر بوۋاي يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن ، قىزى ئەزەلدىن ئۇنى يوقلاپ كەلمەيدىكەن ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان پەقەت بىرلا چىپار ئاسلان بار ئىكەن . بىر كۈنى چىپار ئاسلان بوۋاينى باشلاپ ، شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ ـ دە ، ياۋا مۇشۇكلەر توپلاشقان بىر كونا ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ . بوۋاي بىردىنلا چىرايلىق بىر چىپار ئاسلانغا ئۆزگىرىپتۇ ، چىپار ئاسلانغا ئۆزگەرگەن بۇ بوۋاي قىزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ، قىزغىن قارشى ئېلىشقا ۋە كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بوپتۇ ، قىزى بىلەن كۈيئوغلى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ كېتىپتۇ ، نەۋرىسى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ ، ھەر كۈنلۈك تامىقىغا بېلىق ، سۈت دېگەنلەرنى كەلتۈرۈپتۇ . بۇ چاغدا يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان ھەم ئاسلانغا ئۆزگىرىپ ئەتىۋارلانغان بوۋاي چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ .» بالىلار ئەمدى بۇ چۆچەكنى داۋاملاشتۇرسۇن .

تۆتىنچى ، قىياس قىلدۇرۇش . دالىلاردا سەيلى قىلىۋېتىپ ، ئۇشتۇمتۇت بىر تال چىرايلىق تاشنى تېپىۋالغاندا بالىلار گۆھەرگە ئېرىشكەندەك ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ،

مۇنازىرە قىلىشىدۇ . بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىلار بۇ تاش قەيەردىن كېلىپ قالغاندۇ؟ نېمىشكە ئۇنىڭ رەڭدار سىزىقلىرى بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى قويۇپ ، بالىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش كېرەك . بالىلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ ، سىز ئويلىمىغان ھېكايىلەرنى سۆزلەيدۇ . بۇ ئۆڭكۈر ، بىر تاغ چوققىسى ، بىر تۇپ قىرى دەرەخ ، بىر يېڭى كەنت ، بىر يېڭى ئۆي دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى رېئاللىقتىن ئۆتمۇشكە باشلاپ بارالايدۇ .

**(3) ئىجادىي تەپەككۇرنى مەشىق قىلدۇرۇش**

ئىجاد قىلىش ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئىپادىسى . بىز بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىجاد قىلىش ئىرادىسىنى تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇشىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرنى چېنىقتۇرۇشىمىز لازىم . بۇنداق چېنىقىش ۋە مەشىقنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى ، بۇنىڭدا بالىلار شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ، ھەرىكىتى ، تەرەققىياتى ۋە باغلىنىشىدىكى ھەرخىل ئېھتىماللىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، تەپەككۇرنىڭ بىرخىللىقىدىن ، قاتماللىقىدىن ۋە ئادەت خاراكتېرىدىن قۇتۇلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرمەس مۇقىم تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن مۇستەسنا بولۇپ ، تەپەككۇرى راۋانلىشىدۇ ، جانلىقلىقى ۋە يېڭىلىقى ئىگە بولىدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن كاللا ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ئويۇنچۇقلارنى ئوينىتىش ۋە ئۆزىنى سىناش سوئاللىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ .

ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانىلار ، بالىلىرىڭلار سىناپ باقسۇن ، ئىشلەپ باقسۇن ، مەشىق قىلىپ كۆرسۇن .

① يامغۇرلۇق چاپاننىڭ قانداق يېتەرسىزلىكى بار؟

② خىش بىلەن ئەينەك ئىستاكاننىڭ قانداق ئوخشاشمايدىغان رولى بار؟

③ قانداق قىلغاندا ئۆينى يورۇتۇش مەقسىتىگە يەتكىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ ؟

④ پۇۋلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق قانداق ئىشلارنى قىلغىلى ۋە قانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ .

⑤ گۈل لوڭقىسىنىڭ چېقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرخىل سەۋەبلەرنى يېزىپ بېقىڭ .

⑥ ئەينەك شىشىگە ئاپېلسىن سۈيى قاچىلانغان ، ئاغزى يۇمشاق ياغاچتا چىڭ ئېتىلگەن شىشىنى چىقىۋېتىشكىمۇ ، ئاغزىغا تىقىپ قويۇلغان يۇمشاق ياغاچنى پارچىلىۋېتىشكىمۇ ، تارتىپ چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ ، سىز قانداق قىلىپ شىشىدىكى ئاپېلسىن سۈيىنى ئىچەلەيسىز ؟

⑦ ماشىنا شوپۇرىنىڭ ئاكىسى قادىر ئىكەن ، لېكىن قادىرنىڭ ئىنىسى يوق ئىكەن ، بۇ قانداق ئىش ؟

⑧ مەيداندا بىر ئات بولۇپ ، ئات بېشىنى شەرققە قارىتىپ تۇرىدۇ ، كېيىن ئۇ سول تەرەپكە 270 گرادۇس بۇرۇلسا ، ئاتنىڭ قۇيرۇقى قايسى تەرەپكە قارايدۇ ؟

⑨ مەلۇم بىر كىشى ئاشخانىدا شورپا ئىچمەكچى بولغاندا ، شورپىدىن بىر تال چىۋىن چىقىپ قالدى ، كۈتكۈچى ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ، شورپىنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ كېتىپ ، باشقىدىن بىرچىنە شورپا ئەپچىقىپ بەردى . بىرئازدىن كېيىن بۇ كىشى كۈتكۈچىگە خاپا بولۇپ : « باياتىنقى شورپا يەنە شۇغۇ ! » دېدى . بۇنى ئۇ كىشى قانداق بىلىپ قالدى ؟

⑩ سىزدە بىر تال سەرەڭگە بار ، كېچىدە سىز ئۆيگە كىردىڭىز ، ئۆيدە شام ، جىنچىراغ ۋە گازئوچىقى بار ، سىز ئالدى بىلەن قايسىنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرسىز ؟

قىسمەن سوئاللارنىڭ پايدىلىنىش جاۋابى : ⑥قول بىلەن شىشىنىڭ ئاغزىدىكى ياغاچنى ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۇۋېتىش

كېرەك ؛ ⑦ شوپۇر ئايال كىشى ؛ ⑧ تۆۋەنگە قارايدۇ ؛ ⑨ ئۇ شورپىغا تۇزنى جىق سېلىۋەتكەن ؛ ⑩ ئالدى بىلەن سەرەڭگىنى تۇتاشتۇرۇش كېرەك .

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1 . بالىگىزنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئۇنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىڭ .

2 . بۇ لېكسىيىدىكى ھەرخىل مەشىق ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ ، ئەمەلىيەت جەريانىدا بالىگىزنى سىناپ بېقىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# باللارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلايلى

ھەر بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئوخشاشمايدۇ، ئۇ ھەم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

ھازىرقى دەردىكى خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىك بىر ئادەمگە ئۆمۈربويى ھەمراھ بولىدىغان بايلىق دېمەكتۇر.

ئاتا ـ ئانىلار ئۆز باللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىشى، تەتقىق قىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىشى لازىم.

## 1. ھازىرقى جەمئىيەت خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بار ئادەملەرگە موھتاج

سىز «سۇ بويىدا» رومانىنى ئوقۇغانمۇ؟ ئۇنىڭدا لياڭ شەندىكى 108 ئەزىمەتنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ئۆزىگە خاس ماھارەتكە ئىگە. مەسىلەن، پەم ـ پاراسەتلىك ۋۇيوڭ، ئەقىلدىمۇ، باتۇرلۇقتىمۇ كامالەتكە يەتكەن لىن چۇڭ، قارام ھەم ئاق كۆڭۈل لى دا، قەيسەر، قەھرىمان ۋۇسوڭ ..... قاتارلىقلار. ئومۇمەن ئېيتقاندا، لياڭ شەن ئەزىمەتلىرى روشەن خاراكتېرگە، ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىققا ئىگە شەخسلەردۇر، لياڭ شەندە ئاشۇنداق كۆپ پىداكار ئەزىمەتلەر بولغاچقا، ئۇلارنى

قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن لەشكەرلەر كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ . «سۇ بويىدا» رومانى بىزگە بىرەر چوڭ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن خىلمۇ خىل ئادەملەر ، بولۇپمۇ ھەرخىل ماھارەت ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەملەر بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر چوڭ سىستېما ، ئۇ ھەر بىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن كەڭ ماكان ھازىرلاپ بېرىپلا قالماستىن ، يەنە ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ئوخشاشمىغان ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ، شۇنداق بولغاندىلا ، جەمئىيەتنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىنى ئۈنۈملۈك ساقلىغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، لياڭ شەن كۆلىگە سېلىشتۇرغاندا ، ھازىرقى جەمئىيەت تېخىمۇ كۆپ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەملەرگە موھتاج . خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىزنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ .

### (1) ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ھازىرقى جەمئىيەتتىكى كەسىپ بىلەن ماسلىشىشى كېرەك

پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلەشتى ، ساھەلەرنىڭ كەسىپلىشىش دەرىجىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ستاتىستىكا قىلىنىشىچە ، ھازىرقى جەمئىيەتتە كەسىپ تۈرى 30 مىڭ خىلدىن ئاشىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەريىلى 600 دىن ئارتۇق يېڭى كەسىپ بارلىققا كېلىپ ، 500 گە يېقىن كەسىپ ئەمەلدىن قېلىۋېتىپتۇ ، بىز بۇنىڭدىن ھازىرقى جەمئىيەتتە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىنىشىنىڭ ئىنتايىن تېز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . نۆۋەتتە ، مەملىكىتىمىزدە بار

www.uyghurkitap.com

بولغان كەسىپ 5 چوڭ تۈر ، 64 ئوتتۇرا تۈر ، 301 كىچىك تۈرگە ئايرىلىدۇ ، ئوخشاش بىر كەسىپ يەنە ئوخشاشمىغان ئىش تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ ، مۇشۇنداق ئايرىغاندا ، كەسىپ خىللىرى نەچچە ئون مىڭ خىلغا يېتىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار مەملىكىتىمىزدە شۇنچە كۆپ كەسىپ تۈرى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۆز پەرزەنتىنى كەلگۈسىدە قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندۇرۇشنى ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . بۇ يەردە ئەمدى كەسىپ بىلەن بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ .

ئالدى بىلەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلاپ ئۆتەيلى ، نىيې ۋېيپىڭ ئېلىمىزنىڭ داڭلىق قورشاۋ شاھمات ماھىرى ، ئاڭلىشىمىزچە ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا شاھماتنى ئانچە ياخشى ئويىنىيالمايدىكەن ھەمدە قورشاۋ شاھمات ئويناشنى كېيىنچە كەسىپ قىلىۋېلىش خىيالىمۇ يوق ئىكەن ، لېكىن ئۇ بېيداخۇاڭغا زىيالىي ياش بولۇپ چېنىقىشقا چۈشكەن ۋاقتىدا ، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ، ئېغىر دەرىجىدە يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكى ۋە يۈرەك كېسەللىكى بارلىقىنى ، خاراكتېرىنىڭ جىمغۇرلۇقىنى ، نۇتۇق ۋە ئالاقىلىشىش قابىلىيىتىنىڭ باشقىلاردىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان . شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ قورشاۋ شاھمات ئويناشتا ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ، يەنە كېلىپ ئىرادىسىنىڭ قەيسەر ، كەيپىياتىنىڭ مۇقىم ، تەپەككۇرىنىڭ ئوچۇق ۋە پۇختا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان . شۇنداق قىلىپ ئۇ بېيداخۇاڭدىكى جاپالىق ۋە زېرىكىشلىك كۈنلەردىن پايدىلىنىپ ، قورشاۋ شاھمات ئويناشقا بارلىق زېھنى بىلەن بېرىلگەن . كېيىن ئۇ ياپونىيىنىڭ ئەڭ داڭلىق ماھىرىنى يېڭىپ ، دۇنيادىكى داڭلىق كەسپىي قورشاۋ شاھمات ئۇستىسىغا ئايلىنىپ ، ۋەتەن ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرگەن .

نۇرغۇن پاكىستلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كەسىپنى تاللىغاندا، ئانچە كۆچىمەيلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ھازىرقى جەمئىيەتتە كەسىپ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ ماس كېلىشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا مۇكەممەل ئادەم بولغىلى بولىدۇ.

**(2) ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن كۈتىدىغان تەلىپى**

ھازىرقى جەمئىيەتتە رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ، كۆڭۈلدىكىدەك كەسىپكە ئىگە بولۇپ، چوڭراق نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن، نوقۇل دىپلوم ۋە بىلىمنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ياخشى خاراكتېر ۋە بەلگىلىك يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ بەزى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپلىرىدە تالانت ئىگىلىرىنىڭ رىقابىتى تېخىمۇ جىددىي بولىدۇ، شۇڭا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم.

ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە خىلمۇ خىللىقى كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق ساپاغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىك بولۇشى لازىم. بىزنىڭ ھازىر ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشىمىز ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. خاراكتېر ئالاھىدىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ ھەم خىزمەتتىكى ئىجادچانلىقنى ئاشۇرىدۇ. بىر ئادەم ئەقىللىق بولغان تەقدىردىمۇ، ياخشى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە ئەقىلدىن سىرت باشقا ئامىللارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاپالىتى بولمىسا ، ئادەتتە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ . شۇڭا ، ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش هازىرقى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە قويىدىغان مۇقەررەر تەلىپى ، دەيمىز .

## 2 . باللارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

پسىخولوگلار ئادەمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى خېلى بۇرۇنلا چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن تەبىر بەرگەن . بىر جۈملە ئاددىي سۆز بىلەن ئېيتساق ، خاراكتېر ئالاھىدىلىك دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ بىر قەدەر مۇقىم بولغان پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇلق پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك هەربىر ئادەمنىڭ كىشىلەر ۋە ئىشلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە خىسلىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ . مەسىلەن ، بەزىلەر كۆڭلى تۈز ، ئاغزى ئىتتىك ، هېسسىياتچان كېلىدۇ ؛ بەزىلەر تەمكىن ، ئېغىر - بېسىق ، خۇشاللىقنى چىرايىدا بىلىندۇرمەيدىغان بولىدۇ ؛ بەزىلەر ناخشا - ئۇسسۇلغا ماهىر كېلىدۇ ؛ بەزىلەرنىڭ تەشكىللەش قابىلىيىتى يۇقىرى بولىدۇ . ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن ، يەنە بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ هەم ئۆزگىرىدۇ .

**(1) باللارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى دېگەن نېمە ؟**

بىرىنچى ، باللارنىڭ خاراكتېرى . كىشىلەر دائىم بۇ بالا ناهايىتى ئەقىللىق ، ئۇ بالىنىڭ ئىنكاسى بىرقەدەر ئاستا ، بۇ بالىنىڭ مۇزىكا قابىلىيىتى بار ، ئۇ بالىنىڭ رەسىم سىزىش

تالانتى بار ، ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى يۇقىرى ، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ياخشى ، بۇ ئوقۇغۇچى ناھايىتى شوخ ، ئۇ ناھايىتى مۇلايىم ھەم جىمغۇر ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ . يىغىپ ئېيتقاندا ، بالىلاردا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل پىسخىك پەرق بالىلارنىڭ خاراكتېرى دېمەكتۇر . خاراكتېر خىلمۇ خىل بولىدۇ . ئادەتتە بىز «بىر ئۆيدە ئون بالا بولسا ، ئونىنىڭ مىجەزى ئون خىل بولىدۇ» دەيمىز ، ھەربىر بالىنىڭ ئىرسىيەت سۈپىتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتى ئوخشاشمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ . خاراكتېر يەنە مىجەز ، ئىقتىدار ۋە تەبىئىي خىسلەت قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئايرىلىدۇ . مىجەز بىلەن خاراكتېر ئۇقۇمى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ . مىجەز بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەزىلىتىنىڭ يادرولۇق قىسمى بولۇپ ، ئۇ شۇ كىشىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى مۇقىم پوزىتسىيىسى ۋە ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەت ئۇسۇلىدۇر . مىجەز تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

① مىجەزنىڭ پوزىتسىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى . بىز دائىم بەزى بالىلارنىڭ ناھايىتى تىرىشچان ئىكەنلىكىنى ، ھەرقانداق ئىشنى ئىنتايىن ئەستايىدىل قىلىدىغانلىقىنى ، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ۋە ئىشلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ؛ بەزى بالىلارنىڭ ھۇرۇنراق ئىكەنلىكىنى ، تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ ھەيدەكچىلىك قىلمىسا ئىشلىمەيدىغانلىقىنى ، ئىشلارنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىدىغانلىقىنى ، سىنىپ كوللېكتىپى ۋە ئائىلىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز . بۇلارنىڭ ئادەم ۋە ئىشلارغا تۇتقان ئاكتىپ ياكى پاسسىپ پوزىتسىيىسى ئۇلارنىڭ مىجەز جەھەتتىكى پوزىتسىيە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

② مىجەزنىڭ ئىدراك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى . بەزى

بالىلار مەسىلىلەرگە ئىنچىكە، توغرا مۇئامىلە قىلىدۇ، ئاسانلىقچە خاتالاشمايدۇ، بىرەر ھېسابنى نەچچە رەت ھېسابلايدۇ، بەزى بالىلار بىپەرۋا بولۇپ، ئەتىگەن مەكتەپكە ماڭغاندا ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛ بەزى بالىلار ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئىزدىنىدۇ، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالنى كۆپلەپ سورايدۇ، بەزى بالىلار بولسا، يېرىم - يارتا بىلگىنىگە قانائەت قىلىدۇ. مانا بۇ مىجەزنىڭ ئىدراك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

③ مىجەزنىڭ كەيپىيات جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. بەزى بالىلار ئاسان ھاياجانلىنىپ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ، كىچىككىنە ئىشلارنى دەپ باشقىلار بىلەن جېدەللىشىدۇ؛ بەزى بالىلار تەمكىن، ئېغىر - بېسىق كېلىدۇ، باشقىلار بىلەن ئاسان زىتلىشىپ قالمايدۇ؛ بەزى بالىلار ئۇمىدۋار، ئوچۇق - يورۇق كېلىدۇ، بەزىلىرى بولسا، مىسكىن، ئويچان كېلىدۇ. مانا بۇ مىجەزنىڭ كەيپىيات جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

④ مىجەزنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى. بەزى بالىلار مۇستەقىللىقى كۈچلۈك، مۇستەقىل پىكىرلىك، ئىرادىلىك، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، ئۆگىنىشتە ئاڭلىق كېلىدۇ؛ بەزى بالىلار مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدىغان بولۇپ، ئىرادىسىز، ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز كېلىدۇ. مانا بۇ مىجەزنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

يۇقىرىدا بالىلارنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى بەزى پەرقلىرى ۋە كونكرېت ئىپادىسىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ تەھلىل ۋە بايانلار ئارقىلىق ئاتا - ئانىلار بەلكىم ئۆز بالىلىرىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرەلىشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگەندە، بىز بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ ياخشى بىلەلەيمىز.

ئىككىنچى، بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئالاھىدىلىك بىر

ئادەمنىڭ قابىلىيەت جەھەتتىكى پەرقىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، بولۇپمۇ نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ساپا مائارىپى يولغا قويۇلۇۋاتقاندا، بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىگە مەكتەپ، جەمئىيەت ۋە ئائىلە ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ئالاھىدىلىك بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ۋە قىزىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئالاھىدىلىكنى مۇھاكىمە قىلىشتىن بۇرۇن قابىلىيەت ۋە قىزىقىش ئۈستىدە توختىلىمىز.

قابىلىيەت ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان ئۇقۇم. ئادەتتە بىز پالانى ئادەمنىڭ قابىلىيىتى كۈچلۈك، پوكۇنىنىڭ ئانچە قابىلىيىتى يوق، دەيمىز. پسىخولوگىيە ئىلمىدا، قابىلىيەت ئاساسەن كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر پائالىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ. قابىلىيەتنىڭ تۈرى خىلمۇ خىل بولىدۇ، مەسىلەن، كۆزىتىش قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى قاتارلىقلار؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كونكرېت كەسپىي پائالىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قابىلىيەتمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، ماشىنا ھەيدەش قابىلىيىتى، تېلېۋىزور رېمونت قىلىش قابىلىيىتى دېگەنگە ئوخشاش.

قابىلىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئادەتتە قىزىقىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، قىزىقىش دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، قىزىقىش مەلۇم شەيئىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كەيپىياتتۇر. مەسىلەن، بەزى بالىلار مۇزىكىغا قىزىقىپ قالسا، مەكتەپتە مۇزىكا دەرسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆيگە كەلسىلا ئۈنئالغۇدىن مۇزىكا ئاڭلايدۇ، كىتابخانىغا بارسا مۇزىكىغا ئائىت كىتابلارنى سېتىۋالىدۇ، مۇزىكا كېچىلىكلىرىگە قاتنىششنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەگەر بالىلار مەلۇم بىر شەيئىگە داۋاملىق قىزىقىپ، بۇ قىزىقىشنى ئۇزۇن ۋاقىت

داۋاملاشتۇرسا، ئۇ بىرخىل ھەۋەسكە ئايلىنىشى مۇمكىن، لېكىن ئاندا ـ ساندا قىزىققان ئىش ھەۋەس ھېسابلانمايدۇ. باللارنىڭ ھەۋىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، بەلگىلىك ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق، مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە ماھارەتنى ئىگىلەپ، مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن، بىز بۇ بالىنى مەلۇم تەرەپتە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى، دېيەلەيمىز. مەسىلەن، بەزى باللار ھۆسنخەتكە قىزىقىپ، ئاستا ـ ئاستا ھۆسنخەت ھەۋەسكارىغا ئايلىنىدۇ، ئاخىردا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، ئەسەر ئېلان قىلىدۇ، ھۆسنخەت يېزىش بۇ بالىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالىدۇ.

شۇڭا، ئالاھىدىلىك ئادەتتە قىزىقىشنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ، مەلۇم بىر شەيئىگە بولغان قىزىقىش قويۇق بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇقىم ھەۋەسكە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ئۇ بالىلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدىلىك قىزىقىش بىلەن ھەۋەسنى ئاساس قىلغان مەلۇم ئالاھىدە ماھارەت ھېسابلىنىدۇ.

### (2) باللارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ تەرەققىياتى

باللارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىردەمدىلا شەكىللىنىپ قالمايدۇ، ئۇ ھەم ئۆزگەرمەس نەرسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانى بولىدۇ. تەرەققىيات جەريانىدا ئۇ بەلگىلىك ماددىي ئاساستىن شۇنداقلا تەربىيە مۇھىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

بىرىنچى، ماددىي ئىرسىيەت. ھەربىر بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن مەلۇم ماددىي ئىرسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ باللار بىلەن ئاتا ـ ئانىلار ئوتتۇرىسىدا بىئولوگىيىلىك جەھەتتىن مەلۇم ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىسى ئېگىز بولسا، باللىرى پاكار بولۇشى ناتايىن. ئوخشاشلا

ئاتا ـ ئانىلىرىدىن كەلگەن ماددىي ئىرسىيەت بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە ماددىي ئاساس بولۇپ قالىدۇ . مەسىلەن : «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چاقۇيرۇق» ، «مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر مۇشۇ داۋلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . تەتقىقاتلاردىن شۇ نەرسە بايقالدىكى ، دۇنيادىكى نۇرغۇن مەشهۇر زاتلار ئاتا ـ ئانىسىدىن بەلگىلىك ئۇدۇم ئالغان ، مەسىلەن ، تالانتلىق مۇزىكانت مۇزارتنىڭ دادىسى كۆزگە كۆرۈنگەن ئوردا مۇزىكانتى ئىدى ؛ بىئولوگىيە ئالىمى دارۋىننىڭ دادىسى داڭلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىدى ؛ نوبېلنىڭ دادىسى داڭلىق كەشپىياتچى ئىدى . شۇڭا ، بىز بالىلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئىرسىيەتنىڭ رولىغا هەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم .

ئىككىنچى ، تەربىيە مۇهىتى . ئىرسىيەت گەرچە بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساس بولسىمۇ ، ئىرسىيەتنىڭ رولىنى هەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم . ئىرسىيەت پەقەت بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى مەلۇم ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ ، ئەگەر ياخشى تەربىيە مۇهىتى بولمىسا ، ئىرسىيەت شارائىتى هەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ بىكار . مەسىلەن ، بارماقلىرى ئۇزۇن ، چاققان هەم مۇزىكا سېزىمى ياخشى بولغان بىر بالىنىڭ ئەگەر پىئانىنو ئۆگىنىش پۇرسىتى زادىلا بولمىسا ، پىئانىنو چېلىش ئالاھىدىلىكى شەكىللەنمەيدۇ ، پىئانىنوچى بولۇپمۇ يېتىشەلمەيدۇ .

هەرقانداق بالا مۇئەييەن تەربىيە مۇهىتى ئىچىدە چوڭ بولىدۇ ، تەربىيە بالىلارنىڭ تەرەققىياتىدا هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەربىيە ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشتىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولۇپ، بۇ پۇرسەت قولدىن كەتسە، بالىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان بولىدۇ. نۇرغۇن تەتقىقاتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، تەربىيە مۇھىتى بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەر بىر بالىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى تەربىيە ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مۇھىم باسقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان يېتىلدۈرۈشى، شۇنداقلا ئەتراپلىق، تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

## 3. بالىلارنىڭ ھازىرقى زاماندا خاس خاراكتېرىنى مۇۋاپىق يېتىلدۈرەيلى

ھازىرقى جەمئىيەت رىقابەت بىلەن تولغان ۋە ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدىغان جەمئىيەت، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، ھەربىرىمىزنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشىمىزغا نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدۇ. شۇڭا، بەزى تەتقىقاتچىلار ھازىرقى جەمئىيەتتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ياخشى خاراكتېر ۋە پەزىلەتكە ئىگە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇنداقتا، ھازىرقى جەمئىيەت كىشىلەردىن قانداق خاراكتېر ۋە پەزىلەتنى تەلەپ قىلىدۇ؟

**(1) ھازىرقى جەمئىيەت بالىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خاراكتېر ۋە پەزىلەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى**

بىرىنچى، تاشقى مايىللىق. بۇ ئىجتىمائىي ئالاقە

ئىقتىدارى، رەھبەرلىك ئىقتىدارى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىش بېجىرىشتىكى جانلىقلىق، كەسكىنلىك، ئوچۇق مىجەز، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، كېلىشەڭگۈ بولۇش. بۇ قىزغىن، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ياخشى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رولغا ئىگە.

ئۈچىنچى، ئەستايىدىل، ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيە. بۇ ئەستايىدىللىق، تىرىشچانلىق ۋە ئىلمىي روھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، كەيپىياتى مۇقىم بولۇش. بۇ كەيپىياتتا تۇرغۇن بولۇش، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ماسلىشىشقا ماھىر بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ روھىي ساغلاملىقنىڭ مۇھىم شەرتى.

بەشىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى. بۇ يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە كەڭ دائىرىلىك قىزىقىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئىجادكار شەخسلەردە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل پەزىلەت.

ئالتىنچى، مەسئۇلىيەتچانلىق. بۇ تەلەپچانلىق ۋە تەشەببۇسكارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەتتىنچى، مۇستەقىللىق. بۇ مۇستەقىل پىكىرلىك، تەمكىنلىك ۋە تەنقىدىي روھقا ئىگە بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەككىزىنچى، ئوڭۇشسىزلىقلارغا چىداملىق بولۇش. بۇ ئىرادىلىك، قەيسەر، باتۇر بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توققۇزىنچى، ئۈمىدۋارلىق. بۇ قىزغىن، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئونىنچى، ھەمكارلىشىش روھى. بۇ كۆپچىلىككە مايىل بولۇش ھەم يول قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىدا بىز ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە بولىدىغان

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى مىسال كەلتۈردۇق. ھازىرقى زامانغا خاس بولغان خاراكتېر كىشىلەرنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت تۇرمۇشىدا ۋە كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم شەرت، شۇنداقلا ھەر بىر ئادەمگە ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولىدىغان بايلىق. شۇڭا، ھازىرقى زامانغا خاس خاراكتېرنىڭ بولۇشى ھازىرقى جەمئىيەت تۇرمۇشىدا ۋە خىزمەتتە يول خېتىگە ئېرىشكەن بىلەن باراۋەر، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەر خىل قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھازىرقى زامانغا خاس خاراكتېرىنى كۆڭۈل قويۇپ يېتىلدۈرۈشى لازىم.

**(2) بالىلارنىڭ ھازىرقى زامانغا خاس خاراكتېرىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟**

يۈز بالىنىڭ يۈز خىل خاراكتېرى، يۈز بالىنىڭ يۈز خىل تەربىيىلىنىش ئۇسۇلى بولىدۇ. ھەربىر بالا ياش، جىنس ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكى جەھەتتە خىلمۇخىل بولىدۇ، ئۇلار فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات، پسىخىك ئالاھىدىلىك ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتە روشەن ھەم ئانچە روشەن بولمىغان ئوبيېكتىپ پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىزدىن بالىلارنى تەربىيىلىگەندە ئوخشاشمىغان تاكتىكا ۋە ئۇسۇل قوللىنىشىمىزنى، بۇ پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەربىر بالىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامانغا خاس خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بالىلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بىرگە ياشايدۇ، ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆز بالىلىرىنى ھەممىدىن ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ

خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئوقۇتقۇچىلارغا سىلىشتۇرغاندىمۇ ئوبدان بىلىدۇ ، باللارنىڭ ھازىرقى دەۋرگە خاس خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئۇلار تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىتتا ئىگە . جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن . تۆۋەندە بىز باللارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئائىت بىر ھېكايىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى :

نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ بىر كىچىك بازىرىدا ئون نەچچە ياشلىق بىر توپ باللار پۇتبول ئويناۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا بىر بالىنىڭ تەپكەن توپى بىر مىلىچ مال دۇكىنىنىڭ دېرىزىسىگە تېگىپ ، دېرىزىنى چېقىۋېتىدۇ ، دۇكان خوجايىنى ھېلىقى بالىنى تۇتۇۋېلىپ ، 12 يېرىم دوللار تۆلەپ بېرىش تەلىپىنى قويىدۇ . بۇ بالىنىڭ دادىسى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، گەپ - سۆز قىلماستىن خوجايىنغا پۇلنى تۆلىۋېتىدۇ ، ئاندىن بالىسىغا : «ئەينەكنى سەن چېقىۋەتكەندىن كېيىن پۇلنى سەن تۆلىشىڭ كېرەك ، بۇ پۇلنى مەن ساڭا ئۆتنە بېرىپ تۇردۇم .» دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بالا بىر يىل مەدىكار ئىشلەش ، گېزىت سېتىش ئارقىلىق 12 يېرىم دوللار تېپىپ ، دادىسىغا قەرزنى قايتۇرىدۇ . بۇ بالا كېيىن ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان رىگان ئىدى . رىگان كېيىن بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ دادىسىغا رەھمەت ئېيتىدۇ ، چۈنكى دادىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن تارتىپ ئۆز ھەرىكىتىگە قانداق مەسئۇل بولۇشنى ئۆگەتكەن ھەم ئۇنىڭدا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگەنىدى .

بۇ ھېكايە بىزگە رىگاننىڭ دادىسىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى خاراكتېرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىلدۈرۈشكە ئائىت مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، ھالقىلىق مەسىلە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قانداق قىلىشىدا. تۆۋەندە بىز بىرقانچە تۈرلۈك تەربىيىلەش پرىنسىپىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بىرىنچى، بالىلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىش ۋە «تەتقىق قىلىش» كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار بۇ جەھەتكە كۆڭۈل بۆلسىلا، بالىلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بايقىيالايدۇ. بالىلارنى چۈشىنىش بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئالدىنقى شەرت، بالىلارنى ھەقىقىي چۈشەنمەي تۇرۇپ، باشقىلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىش ياكى جەمئىيەتتىكى مودىغا ئەگىشىش ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، بالىلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىش كېرەك. ئادەمنىڭ ئون بارمىقى تەڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر بىر بارماقنىڭ ئۆز ئالدىغا رولى بولىدۇ. ئەڭ ياخشى دېگەن بالىلارنىڭمۇ يېتەرسىز تەرەپلىرى بولىدۇ، ناچار دېگەن بالىلارنىڭمۇ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. شۇڭا، بىز بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئادەمگە قاراپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈشىمىز، بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز، ھەرگىز بالىلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان تەلەپلەرنى قويماسلىقىمىز ياكى بالىلاردىن ھەممە ئىشتا مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، بالىلارنىڭ ھازىرقى زامانغا خاس خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش ناھايىتى ئىنچىكە ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلەيدىغان خىزمەت. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلاردا ئۇزۇن مۇددەتلىك

پىلان بولۇشى ، ھەربىر كىچىك ئىشتىن تارتىپ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىشى لازىم . مەسىلەن ، مەنمەنچى بالىلار ھەممە ئىشتا ئۆزىنى مەركەز قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، بۇنداق بالىلارغا ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى ۋە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان پەزىلىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى لازىم .

تۆتىنچى ، بالىلار بىلەن بىرلىكتە دائىم ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش لازىم . چۈنكى ، ياخشى خاراكتېرنى ئەمەلىيەت جەريانىدا يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، بالىلارنىڭ ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئائىلىدە چوڭ تازىلىق قىلغاندا مەسلىھەتلىشىپ ئىش تەقسىماتى قىلىش ، ھەر بىرەيلەنگە بىر ئازدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇش كېرەك ، بۇنداق چاغدا بالىلار خۇشاللىق بىلەن ئىشلەيدۇ . مۇشۇنداق ئىشنى دائىم قىلىپ تۇرغاندا ، بالىلارنىڭ ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ .

## 4 . بالىلارنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك ؟

بالىلارنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسى ۋە ئالاھىدىلىكى كېيىنكى تەربىيە ئارقىلىق يېتىلىدۇ ، ئۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى ۋە كەسىپ تاللىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ ، بۇنىڭغا ھەر بىر ئاتا - ئانا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى لازىم .

**(1) ئاتا - ئانىلاردا ھازىرقى زامانغا خاس تەربىيىلەش كۆز قارىشى بولۇشى كېرەك**

ھازىرقى زامانغا خاس تەربىيىلەش كۆز قارىشىنىڭ يادروسى تەلىم - تەربىيىنىڭ بالىلارنىڭ پسىخىكىلىق تەرەققىياتىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەلىقىنى تونۇپ يېتىپ ھەم سۇبيېكتىپ ئارزۇ بويىچە زورۇقۇپ كەتمەسلىك ، ھەم باللارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك ، بەلكى باللارنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىمكانقەدەر ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ ، ئۇلارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشى لازىم .

باللار ھامان بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىق بولىدۇ ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى كۆرگەندە ھەرگىز جىددىيلىشىپ كەتمەسلىكى ، باللىرىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىشى ، نورمال يېتىلىۋاتقان باللارنىڭ يارامىلىق كىشىلەردىن بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى ، «مېنىڭ بالامۇ يارامىلىق ئادەم بولالايدۇ ، يارامىلىق بولسىلا يەردە قالمايدۇ» دەيدىغان قاراشنى تىكلىشى لازىم . ھازىرقى زامان تەلىم ـ تەربىيە قارىشى ئىختىساسلىقلار قارىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئىختىساسلىقلار دېگىنىمىز ، جەمئىيەتتىكى ئاز سانلىق ئادەمنىلا كۆرسەتمەيدۇ ، بەلكى ھەرقايسى تەرەپ ، ھەر خىل تىپ ۋە ھەرقايسى قاتلامدىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ . ئىختىساسلىقلار توغرىسىدا مۇشۇنداق ئەتراپلىق قاراش تۇرغۇزغاندىلا ، ئاندىن باللارنى جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق بولغان يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ .

**(2) باللارنىڭ تەبىئىي قىزىقىشىنى قوزغىتىش ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك**

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئادەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسى بىر قەدەر كەڭ بولىدىكەن ، بۇ قىزىقىش ، ھەۋەسلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي شەكىللىنىدىكەن ، ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇ قىزىقىش ، ھەۋەسلىرىنى سۇبيېكتىپ ھالدا بوغۇپ ھەم

ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ، ئۇنى قوزغىتىشى ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم . لېكىن ، ھازىر بەزى ئاتا ـ ئانىلاردا بالىلىرىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش ئۈمىدىدە ، بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماستىن ، قارىغۇلارچە ئېقىمغا ئەگىشىدىغان خاھىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . مەسىلەن ، نۇرغۇن بالىلار مۇزىكىغا قىزىقمىسىمۇ ، ئاتا ـ ئانىلىرى ھەر كۈنى ئەگەشتۇرۇپ پىئانىنو ئۆگىنىشكە مەجبۇرىي ئېلىپ بارىدۇ ، بۇنىڭ نەتىجىسى ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ . شۇڭا ، بالىلارنىڭ قىزىقىش ، ھەۋەسلىرىنى يېتىلدۈرۈشتە ، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىنى بالىلارغا تاڭماسلىقى ، بەلكى بالىلارنىڭ تەبىئىي قىزىقىش ، ھەۋەسلىرىنى ئاساس قىلىپ ، بالىلارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشى ، توغرا يېتەكلەش ئارقىلىق ، بالىلارنىڭ قىزىقىش ، ھەۋەسلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم .

## (3) بالىلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك

بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇلار بالىلارنى ئوبدان يېگۈزۈپ ، ئوبدان كىيىندۈرۈپ ، تەلەپلىرىنى قاندۇرساقلا ، ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلغان بولىمىز ، دەپ ھېسابلايدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر . گەرچە بالىلارنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ، ئۇلار يەنىلا مۇستەقىل ئادەم ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ، ھېسسىياتى ۋە خاراكتېرى بولىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار ھە دېسىلا ئۇلارغا پىر ئۇستاز بولۇۋالماسلىقى ، باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئۇلار بىلەن دوست بولۇشى ، كۆپرەك ئارىلىشىپ ، پىكىر ئالماشتۇرۇشى ، ئۇلارغا كۆپرەك ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئىشىنىشى ، ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ، تەتقىق قىلىشى لازىم . بالىلارنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىلا ، ئۇلارنى ئۈنۈملۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەربىيىلىگىلى ، ئۇلارنى سۆيگەندىلا ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئىللىتقىلى بولىدۇ .

**(4) باللارغا كۆپرەك ئەركىنلىك بېرىش كېرەك**

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پېداگوگى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى : «سالامەتلىك ئۈچۈن ھاۋا لازىم بولغىنىغا ئوخشاش ، ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئەركىن پائالىيەت قىلىدىغان ۋاقىت كېرەك» . بۇ سۆز ئەركىن ۋاقىتنىڭ باللار ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . دۆلەت ھازىر كۆچ سەرپ قىلىپ ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىۋاتىدۇ ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ، باللارغا تېخىمۇ كۆپرەك ئەركىنلىك ۋە ئەركىن پائالىيەت قىلىدىغان ۋاقىت بېرىپ ، ئۇلارنىڭ قىزىقىش ، ھەۋەسلىرىنى ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر . لېكىن ، بىزنىڭ بەزى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدۇ . دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ليۇ بىڭ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ ئۆتكەن : باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىسى مۇئەللىمدىن سازاڭ قۇرتىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ، ئىككى پارچە قىلىۋېتىلسىمۇ ، ئىككىسى يەنە بىردىن سازاڭ بولۇپ تىرىلەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۆز ئۆيىنىڭ دېرىزە تەكچىسىدە ئىككى پارچە قىلىۋېتىلگەن بىر سازاڭ بېقىپتۇ . ئۇنىڭ ئانىسى ئەھۋالنى ئۇقماندىن كېيىن ، «تۇزۇكرەك ئىش قىلساڭ بولمامدۇ ؟» دەپ سازاڭ باققان تەخسىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپتۇ ھەم بالىنى بىر تەستەك ئۇرۇپتۇ . دېمەك ، بۇ بالىنىڭ ئانىسى بالىلارنىڭ قىزىقىش ، ھەۋىسىنى قانداق يېتىلدۈرۈشنى بىلمىگەن . «تۇزۇك ئىش» قىلدۇرىمەن دەپ ، بالىسىنىڭ چەكلىك ئەركىن ۋاقتىنى تارتىۋالغان ، بەلكىم ئۇ كەلگۈسىدىكى

بىر بىئولوگىيە ئالىمىنى نابۇت قىلغان بولۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، بالىلارغا بەلگىلىك ئەركىن ۋاقىت بېرىش ئۇلارنى قارىغۇلارچە تەربىيىلەشتىن مۇھىم ، دەيمىز .

**(5) ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك**

ساپا مائارىپى ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ بالىلارنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ھەرگىز زىت ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسى ۋە ئالاھىدىلىكى مۇھىم بىر تۈرلۈك ساپا بولۇپ ، بۇ مەكتەپلەردىكى ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى بىلەن بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ . بىر ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن مەكتەپ تەربىيىسى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ، بىز بالىلارنىڭ قىزىقىش ، ھەۋەس ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن ، دەپ مەكتەپ تەربىيىسىدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز لازىم . يەنى بالىلارنى ھەم ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز ، ھەم مۇھىم تەرەپ بىلەن ئادەتتىكى تەرەپنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز لازىم .

**(6) بالىلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى ئاكتىپ قوللاش كېرەك**

قىزىقىش ، ھەۋەس ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي پائالىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ . خىلمۇ خىل ئەمەلىي پائالىيەتلەر بالىلاردىكى قىزىقىش ، ھەۋەس ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ پەيدا بولۇش ، شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم شەرت . ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەت ئۈچۈن ھەر خىل ماددىي ۋە تېخنىكا شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك . ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ ئانىلار بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ ، تەتىل ۋاقىتلىرىدا بىرلىكتە ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيىگە بارالىسا ، بىرلىكتە شاھمات ئويناپ ، ھۆسنخەت مەشىق قىلالىسا ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ .

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

بالىڭىزنىڭ قىزىقىشى ، ھەۋىسىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ، تەتقىق قىلىڭ ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۇرۇشكە ، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ .

# بالىلارنىڭ تەن ساپاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلايلى

يولداش ماۋزېدۇڭ : «ئەقىل ۋە ئەخلاق تەن ساغلاملىقىغا باغلىق» دېگەنىدى . تەن ساغلام بولمىسا ، ئەقىل ۋە ئەخلاقتىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ .

بىلىم ئىقتىسادى دەۋرىدە كىشىلەر يۇقىرى سۈرئەت ، قاتتىق كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ ، بۇ ، كىشىلەرنىڭ تېنىنىڭ ساغلام ، كۆزىنىڭ روشەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ .

فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر ۋولتېرنىڭ «ھەرىكەت ھاياتلىق دېمەكتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى نۆۋەتتە ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلدى ، بۇ سۆز ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا كىشىلەرنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تۇرتكە بولىدىغان قىبلىنامىگە ئايلاندى . نۆۋەتتە ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە دائىملىق قاتنىشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە .

مەملىكىتىمىزدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھەممە ئائىلىلەرگىچە كېڭەيمەكتە ، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلارمۇ كۈنسېرى كۆپەيدى . ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ۋە كەچلەردە چېنىقىش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەھمىيەتلىك بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى .

www.uyghurkitap.com

لېكىن ، كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىر ھادىسە شۇكى ، دائىم چېنىقىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى بولۇپمۇ بالىلارنى ئۇچراتماق تولىمۇ تەس . بۇنىڭدىن كىشىلىرىمىزنىڭ چېنىقىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، يۇمران ، زەئىپ بالىلار كۆپەيمەكتە .

1997 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، مەكتەپ مۇدىرى سۆزلەۋاتقاندا ، يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشكەن ، دوختۇرلار تەكشۈرگەندىن كېيىن ، بۇنى تەن ئاجىزلىقى ۋە ئاپتاپتا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان ، دەپ قارىغان .

مەملىكەت ئىچىدىكى مەلۇم بىر خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە ، مەملىكىتىمىزدىكى 7 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان ئوغۇللارنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى ياپونىيىلىك ئوغۇللارنىڭكىدىن 1.96 سانتىمېتىر پاكار ئىكەن ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغانلار 2.28 سانتىمېتىر پاكار ئىكەن ، چىداملىق ۋە كۈچ جەھەتتىنمۇ ياپونىيىلىك بالىلارغا يەتمەيدىكەن . بۇنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەبى بار ئىكەن .

(1) ئۇخلاش يېتەرلىك بولماسلىق (ياپونىيىلىك بالىلاردىن بىر سائەت كەم ئۇخلايدىكەن) .

(2) پائالىيەت ماكانى ۋە ۋاقتىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدىكەن (ياپونىيە بالىلىرىدىن بىر سائەت ئارتۇق تاپشۇرۇق ئىشلەيدىكەن) .

(3) ئوزۇقلۇق ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدىكەن .

بۇ خىل پەرقنى سېلىشتۇرساق كۆڭلىمىزدە ھەقىقەتەن بىر ئەندىشە پەيدا بولىدۇ . بۇ مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر ئۈچۈن

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تەن ساپاسىغا بىپەرۋالىق قىلماسلىق توغرىسىدىكى بىر ئاگاھلاندۇرۇش .

بالىلارنىڭ ساغلام ، قاۋۇل ، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ۋە تېتىك چوڭ بولۇشى كۆپ تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ . تۇغما ئامىللاردىن باشقا ، ئوزۇقلۇق ۋە چېنىقىشقا دىققەت قىلغاندىن باشقا ، يەنە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم . تۆۋەندە گېپىمىزنى بالىلارنىڭ كۆزىنى ئاسراشتىن باشلايمىز .

## 1 . كۆزنى ياخشى ئاسراش كېرەك

كۆز كۆڭۈلنىڭ رۇجىكى ، كۆز بولغانلىقى ئۈچۈن بىز رەڭگارەڭ دۇنيانى كۆرەلەيمىز . كۆز بولغانلىقى ئۈچۈن بىز خىلمۇ خىل ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئىلىم ئالالايمىز . كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى بولمىسا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ، شۇنداقلا مەكتەپ ئۆرلەش ، ھەربىيلىككە قاتنىشىش ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشلىرىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ . شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، بالىلىرىنىڭ ئەقىللىق بولۇشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشكە بەك بېرىلىپ كېتىپ ، يىراقنى كۆرەلمەس بولۇپ قېلىشىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ . ئۇلار ، ئۆگىنىشتە ياخشى بولسىلا كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتسىمۇ مەيلى ، دەپ قارايدۇ . بۇ ھادىسىلەر بىزنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم .

### (1) يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش

بىرىنچى ، كېسەللىكنىڭ سەۋەبى . يىراقنى كۆرەلمەسلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق ، يىغىنچاقلاپ ئېيتساق ، ئىرسىيەت بىلەن مۇھىت ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى چوڭ ئامىلى ھېسابلىنىدۇ .

يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ بولۇپمۇ يۇقىرى گرادۇسلۇق يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئىرسىيەتتىن بولىدىغانلىقىنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىدۇ . مۇھىت ئامىلى دېگىنىمىز — كۆزنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىش ، نەرسىلەرنى بەك يېقىن تۇتۇپ كۆرۈش ، يورۇقلۇق يېتەرلىك بولماسلىق ، كىتاب ئوقۇش ئادىتى ياخشى بولماسلىق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى ، مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ كەمچىل بولۇشى ، ئوزۇقلۇقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە ئۇستەل ، ئورۇندۇقلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولماسلىقى قاتارلىقلارمۇ يىراقنى كۆرەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللاردۇر .

ئىككىنچى ، ئالدىنى ئېلىش . تۆۋەندىكى 6 خىل تەدبىرنى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويىمىز :

① ئۆگىنىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق يۈكىنى يەڭگىللىتىش .

② ئۆگىنىش مۇھىتىنى ياخشىلاش . سىنىپنىڭ يورۇقلۇقى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇش ؛ ئۇستەل - ئورۇندۇقلار بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان بولۇش ؛ كىتاب ئوقۇغان ، خەت يازغاندا كۆز بىلەن بولغان ئارىلىق 30 سانتىمېتىردىن كەم بولماسلىق ؛ ياخشى قىياپەتتە كىتاب ئوقۇش ، خەت يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ؛ ھەر 45 مىنۇتتا ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ؛ سۇس چىقىدىغان قېرىنداش بىلەن خەت يازماسلىق ؛ يول ماڭغاندا ، ماشىنىدا كېتىۋاتقاندا ، ياتقاندا ، كۈن نۇرى ئۇدۇل چۈشكەندە ياكى غۇۋا يەردە كىتاب ئوقۇماسلىق ،

خەت يازماسلىق .

③ تېلېۋىزورنى ئاز كۆرۈش ، ئەڭ ياخشىسى بىر كۈندە يېرىم سائەتلا كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ؛ كومپيۇتېردا ئويۇن ئوينىماسلىق ؛ تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئاز يېيىش ، تالادا كۆپرەك ھەرىكەت قىلىش ، تەن ساپاسىنى ئاشۇرۇپ ، يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش .

④ بالىلارنىڭ قېنىپ ئۇخلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش . بالىلارنىڭ يېشى قانچىكى كىچىك بولغانسېرى ، ھەركۈنى ئۇخلايدىغان ۋاقتىمۇ ئۇزاق بولۇشى كېرەك . يېرىم ياشتىن بۇرۇن تەخمىنەن 20 سائەت ئۇخلىشى ، بىر ياشتا 12 ~ 14 سائەت ئۇخلىشى ، 4 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغانلار تەخمىنەن 11 ~ 12 سائەت ئۇخلىشى ، 7 ياشتىن يۇقىرىلار 9 ~ 10 سائەت ئۇخلىشى كېرەك . ئۇخلىشى يېتەرلىك بولمىسا ، كۆز مۇسكۇللىرى جىددىيلىكتىن خالىي بولالماي ، ئاسانلا يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ .

⑤ بالىلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىغا ، يېتەرلىك ئاقسىل ھەم ۋىتامىن قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك . تەركىبىدە ۋىتامىن A كۆپ بولغان يېمەكلىكلەرنى ، مەسىلەن ، جىگەر ، تۇخۇم ، سۈت قاتارلىقلارنى ؛ كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى ، بولۇپمۇ ئالمىنى كۆپ ئىستېمال قىلىش كېرەك . چۈنكى ، ئالمىنىڭ تەركىبىدە كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مىكرو ئېلېمېنتلار ۋە ۋىتامىن A مول بولۇپ ، ئۇنى كۆپ يېگەندە كۆزگە ناھايىتى پايدىلىق . بالىلار ئەڭ ياخشىسى ئاچچىق نەرسىلەرنى ئاز يېيىشى لازىم .

⑥بالىلارنى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتنىشىشقا يېتەكلەش كېرەك . تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى كۆز نېرۋا ۋە مۇسكۇللىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىددىيلىكىنى تەڭشەپ، كۆز قۇۋۋىتىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئارغامچا سەكرەش باش قىسمىنى ۋە كۆزنىڭ رېفلېكس رايونىنى غىدىقلايدۇ، بۇ كۆز ئۈچۈن پايدىلىق. پۈتنى مۇۋاپىق ئاسراشمۇ كۆز ئۈچۈن پايدىلىق. ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن پۈتنى ئىسسىق سۇدا 10 مىنۇت چىلاپ ئولتۇرۇش كېرەك. باللار ئۆيدە بەك چىڭ كېلىدىغان ئاياغ كىيمەسلىكى، ئىمكانقەدەر ساپماكەش كىيىشى ياكى يالاڭ ئاياغ يۈرۈشى كېرەك، بۇنداق قىلغاندا قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

(2) نۇر يىغالماسلىق

كۆزگە چۈشكەن نۇرنى فوكۇس نۇقتىغا يىغالماسلىق دېيىلىدۇ. بۇ ئالىغاي، كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىشىش، كۆز تېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆرۈش كۈچىنى تەكشۈرگەندە، يىراقنى كۆرۈش كۈچى ۋە يېقىننى كۆرۈش كۈچى ياخشى بولماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، تۇز ئەينەكنى تاقاپ داۋالىسا بولىدۇ.

(3) ئالىغاي

ئالدىدىكى نەرسىگە قارىغاندا، بىر كۆزنىڭ كۆز قارىچۇقى بىلەن كۆرمەكچى بولغان نەرسە بىر تۇز سىزىق ئۈستىدە بولسا، يەنە بىر كۆزنىڭ قارىچۇقى ئېغىپ كەتسە بۇ خىل ئەھۋال ئالىغاي دېيىلىدۇ. ئالىغاي كۆز سىرتقى مۇسكۇل ھەرىكىتىنىڭ توسالغۇغا ئۇچراش ـ ئۇچرىماسلىقىغا ئاساسەن ئورتاق خاراكتېرلىك ۋە پالەچ خاراكتېرلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قىيسىش يۆنىلىشىگە ئاساسەن سىرتقى ئالىغاي ۋە ئىچكى ئالىغاي دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە ئورتاق خاراكتېرلىك ئىچكى ئالىغاي بىلەن ئورتاق خاراكتېرلىك سىرتقى ئالىغاينى

تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز :

بىرىنچى ، ئورتاق خاراكتېرلىك ئىچكى ئالىغاي . بۇنىڭدا ئىككى كۆزنىڭ كۆرۈش ئوقى ئايرىلغان بولۇپ ، بىر كۆز ئىچىگە قىيسايغان ، ئوڭ ـ سولغا قارىغاندىكى يانتۇلۇق بۇلۇڭى تەڭ ھەمدە كۆز سىرتقى تۇز مۇسكۇلى بىلەن كۆز نېرۋىلىرىدا ئەزا خاراكتېرلىك كېسەللىك ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ .

ئىككىنچى ، ئورتاق خاراكتېرلىك تاشقى ئالىغاي .

① ئىككى كۆزنىڭ كۆرۈش ئوقى ئايرىلغان بولۇپ ، بىر كـۆز سىرتقا قىيسايغان ، ئوڭ ـ سولغا قارىغاندىكى يانتۇلۇق بۇلۇڭى تەڭ . كۆز سىرتقى تۇز مۇسكۇلى بىلەن كۆز نېرۋىلىرىدا ئەزا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر يوق .

② ئورتاق خاراكتېرلىك ئالىغاينىڭ كېسەللىك سەۋەبى . بـۇ خـىلدىكى ئالىغاينىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىر قەدەر كۆپ . مەسىلەن ، مۇسكۇل ئىلمى ، تەڭشەش ئىلمى ، نېرۋا ئىلمى ، ئـىـرسـىـيەت ئىلمى ۋە بىرلەشمە فۇنكسىيە ئاجىزلىق ئىلمى قاتارلىقلار . بىرلەشمە فۇنكسىيە ئاجىزلىقى دېگىنىمىز ، ئىككى كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچى تەڭ بولمايدۇ ھەمدە ئىككى كۆزنىڭ بـىـرلـەشمە فۇنكسىيىسىنىڭ يېتىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ . بـولۇپمۇ بوۋاق مەزگىلىدە ، بالىلار ئىككى كۆزى بىلەن تەڭ قارىمىغانلىقتىن ، ئالىغاي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، داۋالاش ئۇسۇلى . ئالدى بىلەن كۆزنىڭ نۇر سۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ نورمال بولماسلىقىنى داۋالاپ ، ماس كـېـلـىـدىـغان كۆزەينەكلەرنى تاقاش ، ئەگەر كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە ، بۇنىمۇ بىللە داۋالاش كېرەك . داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش لازىم .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2 . بالىلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىشىغا ئەھمىيەت بېرەيلى

**(1) ئاتا ـ ئانىلار باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك**

بالىڭىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندىن كېيىن ، بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن يىغلاپ كېلىشى مۇمكىن . سىز ھەيران بولۇپ ، ئۆلچەمگە يېتەلمىدىم دېگىنىنىڭ نېمىسى؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن . تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش دېگەن نېمە ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ چېنىقىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ جىنسىي ۋە ياش جەھەتتىكى بەلگىلىمىگە ماس بولغان ئۆلچەمگە يېتىش دېمەكتۇر . ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، مەكتەپتە تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىغا ئىلھام بېرىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، تەنتەربىيىدە ماھارەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، ئۇلاردا كوممۇنىزملىق ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش ، كەلگۈسىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ۋەتەننى قوغداشتا ساغلام بەدەن يېتىلدۈرۈش دېمەكتۇر . ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتى بىر ۋاستە ، بالىلارنىڭ تەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت .

ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدىن باشلىنىدۇ . ھەربىر ئوقۇغۇچى ھەرىيلى بەش تۈرلۈك تەنتەربىيە سىنىقىدىن ئۆتۈش تەلەپ قىلىنىدۇ . سىناق

ئادەتتە كېيىنكى مەۋسۇمدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ھەربىر تۇر بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ ، ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولغان بىر خىلنى تاللىۋالىدۇ . بۇ بەش تۇر : بىرىنچى تۇر ، 50 مېتىرغا يۈگۈرۈش ، 10 مېتىر + 4 گە يۈگۈرۈپ بېرىپ كېلىش ، 10 سېكۇنتتا 25 مېتىرغا يۈگۈرۈش ؛ ئىككىنچى تۇر ، بىر مىنۇت ئارغامچا سەكرەش ، 50 مېتىر + 8 گە يۈگۈرۈپ بېرىپ كېلىش ؛ ئۈچىنچى تۇر ، يىراققا سەكرەش ؛ تۆتىنچى تۇر ، قورغان توپ ئېتىش ، قۇم خالتا ، ئۇيۇل توپ تاشلاش ؛ بەشىنچى تۇر ، بىر مىنۇت قورساق قاتلاش ، 20 سېكۇنت قول بىلەن بەدەننى تېرەپ قوپۇش قاتارلىقلار .

بۇ بەش تۇر — يۈگۈرۈش ، سەكرەش ، تاشلاش ۋە بەدەن ماھارىتى قاتارلىق ئاساسىي ئىقتىدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بۇ ئاساسىي ئىقتىدارلار قول بىلەن پۇتنىڭ كۈچىنى ، ھەرىكەتچانلىقىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن ، يەنە ئادەمنىڭ زەربىدارلىق كۈچىنى ، چىداملىقلىقىنى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . بۇلاردا بېكىتىلگەن ئۆلچەم فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىققا ئاساسلىنىپ ، ئىلمىي ئۇسۇلدا چېنىقىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان سەۋىيىدە بېكىتىلگەن . بالىلار 3 - يىللىققا چىققاندا ، بەدىنى بەلگىلىك بىسىم كۈچىگە ۋە كۈچەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان باسقۇچقا يېتىدۇ . مۇشۇ باسقۇچتىن باشلاپ ياشلىقنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن «كۈچ توپلايدۇ» ، ئۆلچەمگە يېتىش جەھەتتىكى چېنىقىش بولسا ، «كۈچ توپلاش» ئۈچۈن كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ . ئىلگىرى تېنى ئاجىزلار ئۆلچەمگە يېتىش جەھەتتە چېنىقىش ئارقىلىق ، تەن ساپاسىنى ئاشۇرىدۇ ، يېتىلىش مەزگىلىگە بارغاندا ھەرخىل كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇپ ، يېڭىچە سېزىمگە ئىگە بولىدۇ ؛ تەن ساپاسى ئادەتتىكىلىرى ئۆلچەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىش جەھەتتە چېنىقىش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن تەنتەربىيە تۈرىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بايقايدۇ ، ئۇلار ھەربىر تۈردە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپلا قالماستىن ، تەنتەربىيىگە ئىشتىياق باغلاپمۇ قالىدۇ . شۈبھىسىزكى ، بۇنداق بالىلار تېنى ساغلام ، زېھنى ئوچۇق ، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ ، ئەقىللىق ھەم زېرەك بولىدۇ . بالىلىرىنى دۆت ، ئۆگىنىشكە قىزىقمايدۇ ، دەپ ئاغرىنىدىغان ئاتا ـ ئانىلار غەيرىي ئىدراك نۇقتىسىدىن سەۋەب ئىزدەپ بېقىشى ، بالىلارنىڭ تېنى راستتىنلا ئاجىزمۇ ، چېنىقىشى ۋە ئويناي‍دىغان ۋاقتى ئاز بولۇپ قالدىمۇ ، دېگەنلەرنى ئويلىنىپ بېقىشى لازىم . ساغلام بەدەن ، زېرەك كاللا تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى ، شۇنداقلا ئۆگىنىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭمۇ ئالدىنقى شەرتى .

**(2) ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك؟**

بىرىنچى ، بالىلارنىڭ مەكتەپتە تەنتەربىيە چېنىقىشىغا قاتنىشىشىنى قوللاش ، بۇ جەھەتتە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش كېرەك .

بالىلارنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىشىغا قاتنىشىشىغا قارىتا بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تونۇشى ئانچە ئېنىق ئەمەس ، ئۇلار بالىلىرىمىز چېنىقىشقا قاتناشسا ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ ، جاپا تارتىپ قالىدۇ ، دەپ ئەنسىرەيدۇ ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بولسا بالىلارنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ، بالىلىرىغا قۇۋۋەت تولۇقلاش يېمەكلىكلىرى ۋە دورىلىرىنى بېرىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، بەدەن چېنىقتۇرۇش بالىلارنىڭ ساغلام يېتىلىشى ۋە بەدەن ساپاسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر . سىز بەلكىم بالىڭىزنىڭ ئېگىزرەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانسىز . بىلىش كېرەككى ، ئادەم بويىنىڭ ئېگىز بولۇشى ئۇستىخاننىڭ ئۆسۈشىگە باغلىق ، ياخشى چېنىقىش بولسا ، بالىلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ ساغلام

ئۆسۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن چېنىقىش ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ پايدىلىق، تاشقى كۆرۈنۈشتىنمۇ دائىم چېنىقىپ تۇرغانلارنىڭ مۇسكۇللىرىنىڭ قاۋۇل، كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن چېنىقىپ بەرگەندە، مۇسكۇلنىڭ قىل قان تومۇرلىرى ئېچىلىپ، مۇسكۇللار ئادەتتىكىدىن كۆپ ئوكسىگېن ۋە ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇسكۇل تالالىرى توملاپ، مۇسكۇللار كېڭىيىپ، بەدەن تەبىئىي هالدا قاۋۇل ۋە مەزمۇت كۆرۈنىدۇ.

شۇڭا دائىم چېنىقىپ تۇرغان باللار ئېگىزرەك ھەم بەستلىك بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ مەكتەپتە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن چېنىقىشىنى ئاكتىپ قوللىشى لازىم.

ئىككىنچى، باللار ئەتىگەن تۇرۇپ، گىمناستىكا ئويناش كېرەك. سىزدە باللارنى ئەتىگەندە كۆپرەك ئۇخلىسا سالامەتلىكىگە پايدىلىق، دەپ قاراپ، سائەت توشاي دېگەندە ئاندىن ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، مەكتەپكە ئالدىراش ماڭغۇزىدىغان ئەھۋال بارمۇ؟ ئەتىگەندە باللار ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئەڭ ياخشىسى گىمناستىكا ئويناپ، ھەرىكەت قىلىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنسە ۋە ئوزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرسا، بەدەننىڭ سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەتىگەنلىك چېنىقىش چوڭ مېڭىنىڭ تېرە قاتلىمىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، نەتىجىدە ئادەم كۈندۈزدىكى جۇشقۇن، روھلۇق ھالەتنى ساقلىيالايدۇ. باللار ئەتىگەندە چېنىقىپ بەرگەندە ئىشتىھاسىمۇ ئېچىلىدۇ. دېمەك، باللار ئەتىگەندە كۆپرەك ئۇخلىۋالسا، دەرستىمۇ روھلۇق ئولتۇرىدۇ، دېيىش ئىلمىي بولمىغان قاراشتۇر. شۇڭا،

بالىڭىز ئەتىگەن تۇرۇپ، چېنىقىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ بەرسۇن.

ئۈچىنچى، بالىلارغا سىرتتا ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقىت بېرىش كېرەك. بالىلار ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، تالادا ئوينىشقا تېخىمۇ ئامراق. سىز بالىڭىزنىڭ سىرتتا ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويامسىز - يوق؟ بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئۆيگە قامىۋېلىپ، سىرتتا ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويمايدۇ، سىرتتا يۈرسە ياۋايىلىشىپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز. سىز ھەركۈنى بالىڭىزنىڭ سىرتتا ھەرىكەت قىلىشىغا، ئاپتاپ كۆرۈشىگە، گىمناستىكا ئوينىشىغا، توپ تېپىشىگە ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىڭ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە باغچىلارنى پىيادە ئايلاندۇرۇڭ، بۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ. سىز بىر ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ئۇنىڭ تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تېز، تولۇق ماسلىشىشىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ئىچىدە تېرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم رولى بارلىقىنى بىلەمسىز؟ تېرىدە سىرتنىڭ غىدىقلىشىنى سېزىدىغان سانسىز نېرۋا ئۇچلىرى بولۇپ، ئۇ سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە غىدىقلىنىشىغا قارىتا ئەڭ ئاۋۋال ئىنكاس قايتۇرىدۇ، بۇ خىل ئىنكاس بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئىقتىدارى مۇكەممەل بولمايدۇ، ئەگەر سىز بالىڭىزنى سىرتتا ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، قۇياش نۇرى، ھاۋا قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرسىڭىز، ئۇنىڭ ساغلاملىقىنى ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن ئاشۇرالايسىز. سىز بەلكىم دائىم سىرتتا ھەرىكەت قىلىدىغان بالىلارنىڭ بېجىرىم كېلىدىغانلىقىنى، يىل بويى كېسەل

بولمايدىغانلىقىنى، قىشتا يۇزلىرى، قوللىرى قىزىرىپ كەتسىمۇ زۇكام بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، يازدا ئىسسىقتىن، قىشتا سوغۇقتىن قورقىدىغان بالىلارنىڭ ھەدېسىلا كېسەل بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، ساپ ھاۋا، كۈچلۈك كۈن نۇرىدىن بالىڭىز يېتەرلىك ئوكسىگېن ۋە نۇرغا ئېرىشىدۇ، كۈن نۇرىدىكى بىنەپشە نۇر بوغۇم ۋە مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. سىرتتا ھەرىكەت قىلغاندا يەنە يۈرەكنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، ھەرقايسى بەدەن ئەزالىرىنىڭ رولىنى ياخشىلايدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سىز بۇلارنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بالىڭىزنى سىرتتا ھەرىكەت قىلىشقا يۈرەكلىك قويۇۋېتىسىز.

تۆتىنچى، ئائىلە شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ بالىلارنىڭ چېنىقىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەسىلەن، بالىلار كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ قوپۇپ قورساق قاتلاش، قول بىلەن بەدەننى تىرەپ قوپۇش، بالكون ۋە ھويلىلاردا تەپكۈچ تېپىش، ئارغامچا سەكرەش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن چېنىقىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بالىڭىزغا ئاددىي چېنىقىش سايمانلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، چېنىقىشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرسىڭىز، بالىڭىزنىڭ تەن ساغلاملىقى ئاشىدۇ.

بەشىنچى، بالىلار بىلەن بىرلىكتە چېنىقىش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بەدەن چېنىقتۇرمىسا بولمايدۇ، ئەگەر سىز بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە چېنىقىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بەرسىڭىز، بالىڭىزنىڭ چېنىقىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپلا قالماستىن، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرالايسىز، ئاتا ـ بالىلىق ھېسسىياتنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرەلەيسىز، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيسىز. ئائىلىدە ئۆلچەمگە يېتىش چېنىقىشى ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارغاندا ، ئائىلە شارائىتىغا ، بالىلارنىڭ يېشى ، خاراكتېرى ۋە قىزىقىشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . بالىلار كىچىك بولغاچقا ، كەسپىي تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشاش جاپالىق مەشىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ . شۇڭا ، مەشىق جەريانىدا ئويۇننى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ، بالىلارنى ئويۇن جەريانىدا چېنىقتۇرۇش ، ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك .

ئالتىنچى ، چېنىقىشنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك . بالىلارنى چېنىقىشتا ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرۈپ ، تەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، دائىم چېنىقىشنى داۋاملاشتۇرغاندىلا ، ساغلاملىقنى ئاشۇرغىلى ۋە ساقلىغىلى بولىدۇ . چېنىقىشتا قەتئىي ، كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى ، قەھرىتان قىش ۋە تومۇز ئىسسىقتىمۇ داۋاملاشتۇرۇش كېرەك . چېنىقىشنى ئۇزۇن مۇددەت ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرغاندىلا ، بەدەننىڭ ساغلاملىقى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى ئاشىدۇ . ئەگەر ئىككى كۈن چېنىقىپ قويۇپ ، ئۈچ كۈن ھورۇنلۇق قىلسا ، چېنىقىشنىڭ ئۈنۈمىمۇ بىكار كېتىدۇ - دە ، ساغلاملىق سەۋىيىسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، چېنىقىشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش كېرەك .

يەتتىنچى ، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىپ ، زەخىملىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك . ھەرىكەت باشلىغان ۋاقىتتا چېنىقىشنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، مۇناسىپ تەييارلىق ھەرىكەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ ، بەدەننى تەدرىجىي قىزىتىش ئارقىلىق قاتتىق ھەرىكەتكە تەييارلىق كۆرۈش لازىم . بولۇپمۇ تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغان قىش كۈنلىرى چېنىقىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ تولۇق ئىشلەپ ، بەدەننى قىزىتىپ ، قېتىپ قالغان مۇسكۇللارنى ، پەيلىرىنى ۋە بوغۇملارنى بوشىتىپ ، زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك .

ھەرىكەتتىن كېيىن ، رەتلەش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەشمۇ

سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر ھالقا . رەتلەش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلىگەندە ، بەدەن جىددىي ھالەتتىن تىنچ ھالەتكە ئۆتۈپ ، يۈرەك سوقۇشى تەدرىجىي ئاستىلايدۇ ، نەپەس ئېلىشمۇ نورماللىشىدۇ ، جىددىيلەشكەن مۇسكۇللار بوشايدۇ . بۇنداق قىلغاندا ھارغىنلىقنى تۈگىتىپ ، ئەكس تەسىر پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا ، مەيدىگە ئىزناك تاقىماسلىق ، قەلەم ، كىچىك پىچاق قاتارلىق ئۆتكۈر نەرسىلەرنى يانچۇققا سالماسلىق ، زەخىملىنىشتىن ساقلىنىش لازىم . كىيىم ، ئاياغ كىيىم ۋە پايپاق مۇۋاپىق بولۇش ، قاتتىق چەملىك ياكى سۇلياۋ ئاياغلارنى كىيمەسلىك كېرەك . تەنھەرىكەت ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەتكەندە بۇزۇلغان ياكى بۇزۇلمىغانلىقىنى ، مۇقىم ، پۇختا قويۇلغان ياكى قويۇلمىغانلىقىنى ، ئەتراپىدا تاقىشىدىغان نەرسىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش كېرەك .

سەككىزىنچى ، ئوزۇقلۇق تولۇقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك . چېنىققاندا مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىسسىقلىق سەرپىياتى كۆپ بولىدۇ ، ئىسسىقلىق ئاساسلىقى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىدىن كېلىدۇ . شۇڭا ، كۈندىلىك تاماقتا ئاقسىل ، ۋىتامىن $B_1$ ، ۋىتامىن C تەركىبى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ ، ئالاھىدە خوراشنى تولۇقلاش كېرەك .

[مۇلاھىزە مەشغۇلات]

بالىڭىزنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يېتىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالىلارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى

پسىخىك ساغلاملىق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى ۋە كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، تۆھپە قوشۇشىنىڭ مۇھىم شەرتى.

ساغلاملىق پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم.

بالىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتە چوقۇم ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

## 1. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ساپا مائارىپىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى

### (1) پسىخىك ساپا ئادەم ساپاسىنىڭ ئاساسى ۋە يادروسى

ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن تالانت، قابىلىيەت ۋە پۇرسەت كەملىك قىلمايدۇ، لېكىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى كۆز ئالدىدىلا ئۆتۈپ كېتىپ قالىدۇ. سەۋەبى، ئۇلاردا ساغلام ۋە پىششىقان پسىخىك ساپانىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. بۇنىڭغا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىنمۇ مىسال كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بەزىلەر بىپەرۋا ھەم كاللا ئىشلىتىشكە قېرىق بولغاچقا، ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشقا ئاجىز

بولغاچقا ، بىردەمدىلا ھاياجانلىنىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ ، دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدۇ ؛ بەزىلەر قورقۇنچاق ھەم ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان بولغاچقا ، دەرسخانىدا پىكىر بايان قىلىش ۋە دەرستىن سىرتقى چېنىقىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ؛ بەزىلەر جاپادىن ، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقىدىغان بولغاچقا ، ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ ؛ بەزىلەر جاھىل ياكى تەكەببۇر بولغاچقا ، سىنىپ تۇرمۇشىغا تېز ماسلىشالماي قالىدۇ . يۇقىرىدىكىلەر پسىخىك ساپا جەھەتتىكى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر . پسىخىك ساپاسى ناچار بولغاچقا ، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ۋە ماھارەتنى ئۆگىنىشكە ، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتنى شەكىللەندۈرۈشكە ، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشكە ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، پسىخىك ساپا بىرخىل ئاساسىي ساپا ۋە يادرولۇق ساپا بولۇپ ، ئۇ باشقا ساپالارنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىچكى ئامىل . خۇددى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» دە دېيىلگەندەك ، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ساپا مائارىپىنىڭ تەركىبىي قىسمى ، ئەسىر ھالقىيدىغان ساپا قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ، ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ مەجبۇرىيىتى .

**(2) پسىخىك ساغلاملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت**

ئىبىل پسىخىك پەزىلەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىلدۈرىدىغان مەنىۋى ئاساس ، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئىبىل پسىخىك پەزىلەت ھازىرلاش كېرەك . پسىخىك پەزىلەت ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىلىشىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان رول ئوينايدۇكى، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولى توسالغۇسىز بولمايدۇ. پسىخىك پەزىلەت بىر خىل ئىچكى ئامىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، تالانتنىڭ توپلىنىشىغا، قابىلىيەتنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە جارى قىلىنىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مۇستەھكەم ئىشەنچ، كۈچلۈك قىزىقىش ئادەمدە كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىش ئىرادىسىنى قوزغىتىپ، ئۇرغۇپ تۇرغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر پسىخولوگى 800 نەپەر ئەرنى نەچچە ئون يىل ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 160 كىشىنى ۋە ئەڭ ئاز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 160 كىشىنى تاللاپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىككى تۈركۈم ئادەمنىڭ ئەڭ روشەن پەرقى خاس پسىخىك پەزىلەت جەھەتتىكى پەرق ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئەڭ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلەر ئالغا ئىنتىلىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئىرادە ۋە قەتئىيلىك قاتارلىق پسىخىك پەزىلەت جەھەتتە ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەردىن روشەن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. خۇددى ئېدىسون ئېيتقاندەك: «ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى — ئۇلار قەيسەر ئىرادىگە ئىگە بولىدۇ.»

شۇڭا، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن چوقۇم ساغلام پسىخىكىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ يوشۇرۇن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم شەرتى، مۇۋەپپەقىيەتكە يۈزلىنىشنىڭ ساپا ئاساسى ھەمدە ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ كىشىلەردىن كۈتىدىغان ئاساسىي تەلىپى.

**(3) پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى يېڭىچە «ساغلاملىق قارىشى» نىڭ ئېھتىياجى**

1988 - يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ساغلاملىققا مۇنداق

تەبىر بەرگەن : «جىسمانىي ساغلاملىق ، پسخىك ساغلاملىق ۋە جەمئىيەتكە ياخشى ماسلىشىشتىن باشقا ، يەنە ئەخلاقىي ساغلاملىقنى قوشۇش كېرەك . بۇ تۆت تەرەپ تولۇق بولغاندىلا ، ئاندىن مۇكەممەل ساغلام ھېسابلىنىدۇ . » ئادەتتىكى ئەھۋالدا جىسمانىي ساغلاملىق ، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ۋە ئەخلاقىي ساغلاملىققا كىشىلەر ۋە جەمئىيەت ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ، ھالبۇكى ، پسخىك ساغلاملىققا بولسا ئېتىبارسىز قارىدى .

باللار گەرچە كىچىك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خۇشاللىقى ۋە غەم ـ قايغۇسى بولىدۇ . تۆۋەندىكى ئىككى بالىنىڭ يۈرەك سۆزىگە قۇلاق سالايلى : «مەن بىر قىز بولسامۇ ، لېكىن كۆڭلۈم يېرىم ، چىرايىم زادىلا چىرايلىق ئەمەس ، مەن دائىم ئاتا ـ ئانامدىن نېمە ئۈچۈن مېنى چىرايلىق تۇغمىغاندۇ ، دەپ ئاغرىنىمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىملىق ئىمتىھاندا نەتىجەم ياخشى بولمىدى ، ئۆزۈمنىڭ دۆتلۈكىگە بەكلا ئاچچىقىم كېلىدۇ . يېقىندا ، دادام يەنە ئىش ئورنىدىن قالدى . . . .نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىدىغاندۇ ؟ مەن ئادەم يوق جايغا بېرىپ ، بار ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يۈرەك سۆزۈمنى ئاشكارىلىغۇم — مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە نەپرەتلىنىمەن ! دېگۈم كېلىدۇ . » . «مەن بىر ئوغۇل بالا ، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىلەن بىللە ئويناشنى ئانچە خالىمايمەن . ساۋاقداشلىرىم ھە دېسىلا ماڭا لەقەم قويۇپ قويىدۇ ، ئۇلاردىن تولىمۇ بىزار بولدۇم . ئالدىنقى كۈنى مەكتەپتە تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزگەندە مەن چويۇن توپ ئېتىشقا تىزىملاتتىم ، ساۋاقداشلىرىم مەندىن بىرىنچىلىككە ئېرىشىشىمنى ئۈمىد قىلغانىدى ، نەتىجىدە بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ، كەينىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولۇپ قالدىم . بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەك يېرىم بولۇپ ، يارىماس ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالدىم . ھازىر باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدىم ، بەزىدە دۇنيادا مەۋجۇت بولمىغان بولسامچۇ ، دەپ ئويلاپ قالىمەن » . چوڭلار بالىلارنىڭ كۆڭلىنى بۇ ئازاب ۋە بېسىمدىن ۋاقتىدا خالاس قىلىشى ۋە ئۇلارغا تەسەللىي بېرىشى لازىم . ئۇنداق قىلمايدىكەن ، بۇ نەرسىلەر يىغىلىپ ، بالىلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋېلىپ ، بالىلارنى غەمكىن ، تىت - تىت ، غەلىتە مىجەزلىك قىلىپ قويىدۇ ، ھەتتا بىزارلىق پسىخىكىسىنى ، ھەممە ئىشقا بىپەرۋا قارايدىغان خاراكتېرنى شەكىللەندۇرۇپ قويىدۇ . بەزىلەر ھەتتا تەرەققىي قىلىپ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ، باشقىلارنى ئازابلاش ھېسابىغا كۆڭلىنى ئاچىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى مۇمكىن . 1999 - يىلى چاغاندا بىر ئوقۇغۇچى سىنىپ بويىچە ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ بېسىمىغا چىدىمىغانلىقى سەۋەبىدىن ، بولقا بىلەن ئانىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن . مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دوكتور ئوقۇغۇچىسى يەنە بىر دوكتور ساۋاقدىشىغا ئىچى تارلىق قىلىپ ، ئۇنى گانتېل بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئۆزىمۇ بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالغان . بۇنداق ۋەقەلەر ئاز ئەمەس . تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە پسىخىك ھەرىكەت مەسىلىلىرىنىڭ نىسبىتى خېلى يۇقىرى ئىكەن ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %13 ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %15 ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ %19 ئىكەن . پۈتۈن مەملىكەتتىكى 126 مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ، تەخمىنەن %20.23 ئوقۇغۇچىدا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە

پىسخىك توسالغۇ بار ئىكەن ، ھەر خىل پسىخىك كېسەللىك سەۋەبىدىن ئوقۇشتىن توختاپ دەم ئالغان ۋە مەكتەپتىن چېكىنگەنلەر ئوقۇشتىن توختىغان ھەم چېكىنگەنلەرنىڭ 50 % نى ئىگىلەيدىكەن .

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوقۇغۇچى تىرىشچان ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچى ئىكەن ، ساۋاقداشلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئۇزۇپ چىققان دوكتور ئىكەن . ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ، ئۆگىنىشى ۋە ئەخلاقىمۇ ياخشى بولۇپ ، ئۇلارنى بىر ئۆلگە دەپ قاراشقىمۇ بولاتتى ، ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئۇلاردىن پەخىرلىنەتتى . لېكىن ، ئۇلار دۆلەتكە ۋە خەلققە ھېچقانداق تۆھپە قوشماستىن ، تۇيۇق يولغا ماڭدى ، بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەلىم ـ تەربىيە دېگىلى بولامدۇ ؟ ياق ، بۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ھەم مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى . مەغلۇپ بولۇشتىكى سەۋەب ، باللارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىگە ، باللارنىڭ ياخشى ئەخلاقىي ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىغانلىقىدا .

شۇڭا ، پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى چوقۇم كۈچەيتىش كېرەك ، بۇ يېڭىچە «ساغلاملىق قارىشى» نىڭ ئېھتىياجى ، شۇنداقلا نۆۋەتتە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەلىپى .

## 2 . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتىنىڭ ياش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنىڭ ئىپادىسىنى مۇنداق ئالتە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**(1) ئەقلىي سەۋىيە تەرەققىياتىنىڭ نورمال بولۇشى**

پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان باللار ئۆز ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، قىزىقىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولغانلار تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي، ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ياخشى بولىدۇ، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، ئۈمىدۋار كېلىدۇ.

**(2) ئۈمىدۋار، مۇقىم كەيپىياتقا ئىگە بولۇش**

پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان باللار خۇشال ـ خۇرام، ئوچۇق ـ يورۇق كېلىدۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، ھېسسىياتىنى كونترول قىلىشقا ماھىر بولىدۇ. ئاۋارىچىلىك ۋە بەختسىزلىككە يولۇقسىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ، ياكى چوڭلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ياكى ئۆزلىرى ھەل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن روھلۇق، تېتىك، ئۈمىدۋار ھالەتنى ساقلىيالايدۇ.

**(3) قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان ئىرادە بولۇش**

پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان باللار ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە يۈرەكلىك ھالدا توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ. ئۇلار ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا چوقۇم قىيىنچىلىققا يولۇقىدىغانلىقىنى، قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ ئۆزى ئالغا ئىلگىرىلەش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار قىيىنچىلىق ئالدىدا قەيسەر، باتۇر بولۇپ، جاپادىن، ھېرىش ـ چارچاشتىن قورقمايدۇ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە تەييار تۇرالايدۇ.

**(4) جەمئىيەتكە ماسلىشالايدىغان بولۇش**

باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنى خالايدىغان بولۇش، ئارىلاشقان ۋاقىتتا ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش، مۇۋاپىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىشىش كېرەك. باشقىلارنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى

كەچۈرەلەيدىغان ، پاكىت ، ئىسپات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ، باشقىلارنىڭ ئىپادىسىگە ئاسانلىقچە نەپرەت بىلدۈرمەسلىك ھەم دوستانە بولمىغان ھەرىكەتلەرنى قوللانماسلىق كېرەك .

**(5) ئۆزىنى توغرا تونۇش ۋە ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان بولۇش**

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىگە باھا بېرىش ئىقتىدارى ھامان باشقىلارغا باھا بېرىش ئىقتىدارىدىن ئاجىز بولىدۇ . پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان بالىلار ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ ، ئۆزىنى توغرا تونۇيالايدۇ ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى چۈشىنىدۇ ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ، ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ماھىر كېلىدۇ . ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تونۇپ يېتىپ ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە تۈزىتىشنىمۇ بىلىدۇ .

**(6) پسىخىك ھەرىكىتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولۇش**

پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغانلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ياش جەھەتتىكى پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىپلا قالماستىن ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ، پسىخىك جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ، سۆز ـ ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز قېلىپلىشىدۇ ۋە ئاڭلىق بولغان ئەقلىي تۈس ئالىدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، پسىخىك ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەندىزە يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پسىخىك جەھەتتىكى ساغلام بولۇش بىلەن ساغلام بولماسلىق نىسپىي بولۇپ ، ئىككىسى پەقەت دەرىجە جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ ، ئۇنى ئېنىق ئايرىيدىغان چەك ـ چېگرا يوق . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار ئىنچىكە كۆزىتىپ ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشى لازىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3 . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام بولمىغان پسىخىك ئىپادىسى

پسىخىك جەھەتتىكى ساقلىقنى ساقلاش تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان پسىخىك مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

**(1) يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى**

ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ ئېتىبار قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى كۈتۈش، تەييار كۆزقاراش ۋە پىكىرنى قوبۇل قىلىشقا ئادەتلىنىۋېلىش، ھەتتا تاپشۇرۇقلارنى كۆچۈرۈپ ئىشلەپ، ئالداپ - سالداپ نومۇر ئېلىش. تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ كۈتۈشىگە، خىزمەتتە باشقىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشىگە قاراپ تۇرۇش، ئىشلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش. يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىدىكى بالىلار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە روھى چۈشۈپ كېتىدۇ، كەسكىن رىقابەتتە ئاسانلا يېڭىلىپ قالىدۇ ھەتتا جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ قالىدۇ.

**(2) شۆھرەتپەرەسلىك پسىخىكىسى**

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئاساسەن ئۆگىنىشتە جاپا چېكىشنى خالىماي، ئاسان بولۇشنى قوغلىشىش، ساختىلىق قىلىش، يالغانچىلىق بىلەن نەتىجە ئېلىۋېلىش؛ تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولماسلىق، خالىغانچە ئىسراپخورلۇق قىلىش، بايۋەتچىلىك قىلىش، كەلسە - كەلمەس مودا قوغلىشىش ياكى ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۆھرەتپەرەسلىك بىر خىل قەلبنى چىرىتكۈچىدۇر.

### (3) تەشۋىشلىك پسىخىكىسى

ئاساسلىق ئىپادىسى — سەۋەبسىزلا تىت ـ تىت بولۇش، ئىچى پۇشۇش، ۋەھىمىگە چۈشۈش، پەرىشانلىق. كونكرېت ئىپادىسى — ھېچقانداق ئاساسى يوقلا تۇغقانلىرىم بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەش؛ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىپ تەنقىد ئاڭلىشىدىن ئەندىشە قىلىش؛ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى ئورنىدىن غەم قىلىش؛ باشقىلارنىڭ دوستانە مۇئامىلە قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتىسىمۇ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشتىن قورقۇش؛ دائىم كىچىك ئىشلارنىمۇ كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرۈش قاتارلىقلار. ئېغىرلىرىدا بولسا نېرۋا ئاجىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، يۈرىكى سالىدىغان، بېشى ئاغرىيدىغان، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدىغان، تولا كىچىك تەرەت قىلغۇسى كېلىدىغان، كېچىسى جۆيلۈيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا تەشۋىشلىك پسىخىكىسى كۆرۈلۈپلا قالىدىكەن، ئۆگىنىش كەيپىياتى ۋە پائال پىكىر يۈرگۈزۈشى تىزگىنلىنىپ، يامان سۈپەتلىك دەۋر قىلىش كېلىپ چىقىدۇ.

### (4) قايغۇرۇش پسىخىكىسى

تەتقىقاتچىلار ئۆسمۈرلەرنىڭ يېنىك دەرىجىدىكى قايغۇرۇشىنى بىر خىل «يالغۇزسىراش ھالىتى» دەپ قارايدۇ. بۇ خىل يالغۇزسىراش باسقۇچى ئادەتتە 10 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەردە يۈز بېرىدۇ. تەخمىنەن سەككىز پىرسەنتتىن ئون پىرسەنتكىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يېتەكلەش ياخشى بولمىسا، قايغۇرۇش پسىخىكىسى ئېغىرلىشىدۇ، بۇ ھال ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دىققىتىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھمىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنىنى قوزغىمىسا ، بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ .

قايغۇرۇش پسىخىكىسى بار بالىلاردا كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ، ھېچقانداق ئىشقا قىزىقمايدىغان ، جىمغۇر ، كەمسۆز ، ئىچى تىتىلدايدىغان ، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ . ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى دېيىشنى خالىمايدىغان ياكى دېيەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ، ئۆزىنى دائىم بەختسىز ، دەپ ھېسابلاپ يۈرىدۇ . يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، بۇنداق بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ئادەتتە بىر قەدەر ناچار بولىدۇ ، بۇنداق بالىلار ھەم ئۆزىنى پەس چاغلايدىغان پسىخىكىغا گىرىپتار بولىدۇ .

(5) ھەسەتخورلۇق پسىخىكىسى

بۇنداقلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىدىن تېز ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە ياكى ئۆزىنىڭ بەزى جەھەتلەردە باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا ، كۆڭلى بىئارام بولىدۇ ، كەيپىياتى تۇراقسىزلىشىپ ، روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىدۇ ، بەزىدە يەنە باشقىلارنى چۈشۈرۈپ ، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشتەك قىلىقسىزلىقلار ۋە ئۆچ ئېلىش قىلمىشى كېلىپ چىقىدۇ . ئەگەر بۇ خىل يامان ئادەت ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە ، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايلا قالماستىن ، بەلكى يەنە كوللېكتىپ تۇرمۇشقا ماسلىشالماي قالىدۇ .

(6) ھۇجۇم قىلىش پسىخىكىسى

بۇنداق پسىخىكىدىكى بالىلار كۆڭلىگە بىرەر ئىش ياقمىسا جاھىللىقى تۇتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يىغلاپ ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلاپ ، ئادەم

چېچىلىدۇ، بېشىنى تامغا ئۇرىدۇ. بەزىلىرىدە ھەتتا يىغلاپ تېلىقىپ قالىدىغان، تارتىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، بۇنى ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرسەتسە داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق بالىلار ۋاقتىدا داۋالاشقا ۋە غەمخورلۇققا ئېرىشەلمىسە، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە بارغاندا، ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ. كۆڭلىگە بىرەر ئىش ياقمايلا قالسا، مەكتەپنىڭ مۈلۈكلىرىنى بۇزىدىغان، ئۆي جاھازلىرىنى چاقىدىغان، ساۋاقداشلىرىنى ئۇرۇپ - تىللايدىغان، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تاكاللىشىدىغان، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارغا ۋە ئاتا - ئانىسىغا يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا تۇستە كوچلۇك قىساس نەزەرى بىلەن قارايدىغان ئەھۋاللارنى سادىر قىلىدۇ. ماتېرىياللاردا ئىسپاتلىنىشىچە، زوراۋانلىق جىنايىتى سادىر قىلغان 70% ئۆسمۈردە كىچىك ۋاقتىدا ھۇجۇم قىلىش پسىخىكىسى پەيدا بولغان.

## 4. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا پسىخىك مەسىلە سادىر بولۇشىدىكى ئائىلىۋى سەۋەبلەر

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا پسىخىك مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ، سەۋەب مەكتەپتىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ، ئائىلىدىمۇ، بالىلارنىڭ ئۆزىدىمۇ بار. بۇ مەسىلىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەكتەپ، جەمئىيەت، ئائىلە ئورتاق تىرىشىشى، ھەممىسى تەڭ تۇتۇش قىلىپ، ھەرتەرەپلىمە تۈزەش ئېلىپ بېرىشى لازىم. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئائىلىنىڭ تەربىيە مۇھىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باللارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئوخشاشمىغان ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپى، سالامەتلىكى، مىجەز ـ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغاچقا، باللارنىڭ پسىخىكىسىغا ئوخشاشمىغان تەسىر كۆرسىتىدىكەن.

**(1) ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىي بولۇشى**

ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىي بولسا، جەڭگە ـ جېدەل تۈگىمىسە باللار كۆڭ بويى دەككە ـ دۈككىدە يۈرىدۇ، ھەمىدە دائىم چوڭلارنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دە، ئائىلىنىڭ مۇھەببىتىدىن، ئىللىقلىقىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن غەلىتە، مىسكىن، چۈشكۈن بولغان پسىخىكىنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ.

**(2) ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز دەردى بىلەن بولۇپ كېتىشى**

ئاتا ـ ئانا ئايرىلىپ ئولتۇرسا، ئاجرىشىپ كەتسە ياكى خىزمەت بىلەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتسە، باللار بىلەن كەمدىن ـ كەم ھېسسىيات ئالماشتۇرالايدۇ، ھەتتا باللىرىنى باشقىلارغا باققۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باللار ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلالماي، ئائىلىگە بولغان ھېسسىياتى سۇسلىشىدۇ، روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىدۇ، مىجەزى غەلىتىلىشىدۇ ھەتتا ئۆزىدە ناچار قىلىقلارنى شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ.

**(3) تەلىم ـ تەربىيە قارىشى ۋە ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولماسلىق**

بىرىنچى، ئۈمىد ۋە بېسىم. ئاتا ـ ئانىلار «ئىمتىھان مائارىپى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، باللارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلماي، بىر تەرەپلىمە ھالدا سىنىپ كۆچۈشنىلا قوغلىشىپ، باللاردا بېسىم، تىت ـ تىتلىق ۋە

قورقۇش پسخىكىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .
ئىككىنچى ، ئەركىلىتىش ۋە مەيلىگە قويۇۋېتىش . باللار نېمە دېسە رايىغا بېقىش ، باللارنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۇستىگە ئېلىۋېلىش ، ھەتتا چاپان يېپىش ، ھەددىدىن زىيادە كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىش باللارنى راھەتپەرەس ، ھورۇن ، ئۆزبېشمچى ، يولسىز قىلىپ قويىدۇ .
ئۇچىنچى ، مەجبۇرلاش ۋە ئۇرۇپ - تىللاش . ئاتا - ئانا زومىگەر بولسا ، ئۆزىنىڭلا گېپىنى راست قىلسا ، باللارنىڭ تەلىپىگە پىسەنت قىلمىسا ، ھە دېگەندىلا ئۇرۇپ - تىللاپ ، تاناۋىنى تارتىپ ، باللارنى جازالاش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرسا ، باللاردا قورقۇش ، جىددىيلىشىش ، بىزار بولۇش پسخىكىسى پەيدا بولۇپ ، تارتىنچاق ، قورقۇنچاق ، ئىككى يۈزلىمە خاراكتېر شەكىللىنىپ قالىدۇ ، بۇنداق ھالەت ئېغىرلاشسا ، بەزى باللار ئۆزىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان ، ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان ، زوراۋانلىق قىلىدىغان ، ھەتتا چېكىدىن ئاشقان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ .
تۆتىنچى ، بەزىدە چىڭ ، بەزىدە بوش تۇتۇش . باللارغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا ، ئاتا - ئانىلار ئۆز كەيپىياتىنىڭ ياخشى -يامانلىقى ۋە خىزمىتىنىڭ ئازادە ، ئالدىراش بولۇشىغا قاراپ ئۆزگىرىش ، خوشلۇقى تۇتقاندا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە قىلىپ ، كەڭ قورساق بولۇش ، ئاچچىقى كەلگەندە ۋارقىراپ - جارقىراپ بېسىم ئىشلىتىش ، خىزمىتى ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە كارى بولماسلىق . بۇنداق قىلغاندا باللار ئاتا - ئانىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ، كۈن بويى ئاتا - ئانىنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىدىغان ، ھەرۋاقىت تاقابىل تۇرۇش تاكتىكىسىنى ئويلاپ جىددىي ھالەتتە يۈرۈيدىغان ، ھېچ ئىش خۇشياقماي تېگىرقاپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ .

بەشىنچى ، ئىشكىنى تاقىۋېلىپ ، ئالاقە قىلىشنى چەكلەش . بالىلارنى سىرتنىڭ «يامان تەسىر» ىنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ ، دەپ ئەنسىرەپ ، باشقا بالىلار بىلەن ئويناشقا يول قويماسلىق ياكى «بىخەتەرلىك» ئۈچۈن بالىلارنى ئۆيدىن چىققۇزماسلىق . نەتىجىدە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ بالىلار ئۆيدىن ئازاد بولالمايدۇ ـ دە ، تالا ـ تۈزنى ، جاھاننى كۆرمەي ، غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالىدۇ .

**(4) ئاتا ـ ئانىلار ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى**

بالىلارنىڭ قىزىقىشى كۈچلۈك بولىدۇ ھەم دوراشقا ئامراق كېلىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بىۋاستە ھەم دائىم دورايدىغان ئۈلگىسى . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار ساپاسىنىڭ ناچار بولۇشىنى بالىلاردا پسىخىك مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىۋاستە سەۋەب دېيىمىز .

بىرىنچى ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىلۇك ۋارقىراپ سۆزلىشىدۇ ، تاڭ ئاتقۇچە قارتا ئويناپ ، چامباشچىلىق فىلىملىرىنى ياكى سېرىق مەزمۇندىكى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈپ ، بالىلارنىڭ دەم ئېلىشىغا ، ئۇخلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بالىلار ئەتىسى دەرستە دىققىتىنى يىغالماي ، ئۆگىنىشتە چېكىنىپ ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ .

ئىككىنچى ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار شۆھرەتپەرەسلىك ، ئابرۇيپەرەسلىك ، ھەشەمەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدۇ ياكى ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ ، نەتىجىدە بالىلارمۇ قۇرۇق شۆھرەتكە بېرىلىدىغان ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلمايدىغان ، ھەقىقىي تىرىشمايدىغان ، ئەكسىچە ، ساۋاقداشلىرى بىلەن سەن ئۇنداق ، مەن مۇنداق دېيىشىپ قۇرۇق بەسلىشىدۇ . نەتىجىدە ياكى كۆرەڭلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ، ياكى روھىي چۈشۈپ ، نارازىلىق كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ .

ئۈچىنچى، بەزى ئاتا - ئانىلار خۇراپىي گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ، جىنغا ئىشىنىدۇ، جىن ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، بالىلارنى ئۆيدە يالغۇز تۇرمۇشتىن قورقىدىغان، كېچىدە تالاغا چىقالمايدىغان، قورقۇنچاق، نادان، ئەخمەق قىلىپ قويىدۇ.

تۆتىنچى، بەزى ئاتا - ئانىلار قىمار ئوينايدۇ، ھاراق ئىچىدۇ، تۇرمۇش ئىستىلىغا، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە دىققەت قىلمايدۇ، سىياسىيغا دىققەت قىلمايدۇ، ھەدېسىلا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى سۆزلەپ، كىشىلىك ھاياتقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارغا ساغلام بولمىغان تەسىر بېرىدۇ.

بەشىنچى، بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزىدە پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، پسىخىك چىداملىقلىقى ئاجىز، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقسا روھى چۈشۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بالىلارنىڭ كەيپىياتىنىمۇ سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. شاڭخەيدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، پسىخىك جەھەتتە مەسىلە بار بالىلارنىڭ ئائىلىسىدىكى 40 %~60 % كىچە بولغان ئاتا - ئانىلاردا پسىخىك كېسەللىك بار ئىكەن ياكى ئۇلار پسىخىك جەھەتتىن ئانچە ساغلام ئەمەس ئىكەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىلار ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى پۈتۈن ئائىلىنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىگە، بالىلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ۋە بالىلارنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بالىلاردا ئوخشاشمىغان پسىخىكىلىق تەسىر ئۇنۇمىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا، يۇقىرى ساپالىق، پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان بالىلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پسىخىك ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 5 . ئائىلىلەردە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك ؟

**(1) توغرا كۆز قاراش تىكلەش**

ئاتا ـ ئانىلار توغرا بولغان تەلىم ـ تەربىيە كۆز قارىشىنى تىكلىشى كېرەك . ئاتا ـ ئانىلار باللارغا پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ، باللاردا ساغلام پسىخىكىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى لازىم .

**(2) پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىش**

باللارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتە چوقۇم كىچىك ئىشلاردىن قول سېلىپ ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك .

بىرىنچى ، يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى تۈگىتىپ ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك . باللارغا ھەرقانداق ئىشتا يۆلىنىۋېلىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ، ئۆزىنى باشقۇرۇش ياكى باشقۇرالماسلىق ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىش ئۆزىنىڭ چوڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ؛ باللارنى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئۆزى قىلىشقا ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك . باللارنى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ ھەردائىم ئۆزى قىلىشقا ئادەتلەندۈرگەندىلا ، ئۇلارنى مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار بۇ

جەريانىدا باللارغا ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشىنىڭ، ئۆز هەرىكىتىنى ئۆزى تىزگىنلەشىنىڭ، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولۇشىنىڭ، ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشىنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىتىش كېرەك.

ئىككىنچى، باللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. كۈندىلىك تۇرمۇشتا باللار كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ. بۇنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ مۇنداق تۆت تۈرلۈك يولى بار:

① ئۆزىنى بېسىۋېلىش. ئىپادىسى: ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆزىگە هاي بېرىش.

② ئۆز - ئۆزىنى جازالاش. ئىپادىسى: ئۆزىنى ئۇرۇش، ئامراق نەرسىلىرىنى يەرگە تاشلاش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش.

③ ئۆچ ئېلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىش. ئىپادىسى: باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئاچچىقىنى چىقىرىشنىڭ ۋاستىسى قىلىش.

④ نورمال ئاچچىقىنى چىقىرىش. ئىپادىسى: ئۆزىنىڭ دەردى ۋە نارازىلىقىنى يوشۇرماي، راسا بىر يىغلىۋېلىش.

پسىخىك ساغلاملىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ناچار كەيپىياتنى ئىچىگە يۇتۇش خۇددى مۇددەتلىك بومبىنى كۆمۈپ قويغانغا ئوخشايدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇ مەسىلىگە جەزمەن ئېتىبار بېرىشى هەم ئۇنى ياخشى هەل قىلىشى لازىم.

خۇيلىنىپ يىغلاش كىچىك باللارنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان دائىملىق ئۇسۇلى. يىغلاش باللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېهتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاتا - ئانىلىرىغا هېسسىيات ئۇچۇرى يەتكۈزىدىغان ۋاستىسى، ئۇلار تىلسىز سادا ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتىنى ئىپادىلەپ، چۈشىنىشنى، هېسداشلىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ.

شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى دائىم ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشكە مەجبۇرلايدىكەن ، ئۇ ھالدا بالىلاردا يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ- دە ، بالىلاردا يوشۇرۇن رىتىمى بۇزۇلىدىغان ، نەپرەت بىلەن ھەسرەت بىرلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ . شۇڭا ، بالىلارنىڭ نورمال ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغانىنىڭ زىيىنى يوق . ئۇنداقتا ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ نورمال ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ؟

① بالىلارنىڭ نورمال ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشىغا يول قويۇش ھەمدە ئۇنى توغرا چۈشىنىش كېرەك . بۇنداق چاغدا بالىلارنى ئەيىبلىمەي ، ئۇلارغا بېسىم قىلماي ھەمدە سەۋەبىنى ئېنىقلايمەن دېمەي ، ئىمكانقەدەر «سەۋرچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش» ، «بىر تەرەپ قىلماسلىق» ياكى گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ، بالىلارنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ، ئاندىن ئۇلاربىلەن سۆزلىشىپ ، چۈشەندۈرۈش توغرا كەلسە چۈشەندۈرۈش ، تەنقىدلەشكە تېگىشلىك بولسا تەنقىدلەش كېرەك .

② بالىلارنىڭ ئەخلاق تونۇشىنى ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك . بالىلارنىڭ ئەخلاق تونۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغاچقا ، كىچىك ئىشلارغىمۇ ئاچچىقلىنىپ كېتىدۇ ، شۇڭا بالىلارنى ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىدىغان ، غەرەز چۈشىنىدىغان ، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان قىلىپ ، كەيپىياتىنى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە كونترول قىلىش لازىم .

③ بالىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ، كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ، ئۇلارنى قارنى ـ كۆكسى كەڭ ، ئۇمىدۋار بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ، ئۇلارنى يېتىمسىراش ۋە پەرىشانلىق ھېس قىلمايدىغان قىلىش لازىم .

ئۈچىنچى ، ھەسەت قىلىش پىسخىكىسىنى تۈگىتىپ ،

نورمال رىقابەتلەشكەندىلا ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ . رىقابەت نورمال بولمىسا ، باشقىلارغا يېڭىلمەيمەن دەيدىغان ئىدىيە كۈچلۈك بولسا ، باشقىلارغا ھەسەت قىلسا ، ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ دەردىنى كۆپەيتىپ ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ھەمدە ساۋاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ تەسىرى بولىدۇ . بالىلارغا ئۆزىنى توغرا تونۇش ، پاسسىپ ھەم قىزغانچۇقلۇق پسىخىكىسىنى باشقىلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدىغان ، باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدىغان ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىدىغان ، شۇنداقلا باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەندە مەغرۇرلانمايدىغان ، يېڭىلىپ قالغاندا روھى چۈشۈپ كەتمەيدىغان ، ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھ ۋە ئىشەنچنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم .

تۆتىنچى ، غەم - ئەندىشە پسىخىكىسىنى تۈگىتىپ ، ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك . ئۇنۇم ۋە رىتىمغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئۇچۇر دەۋرىدە ، كىشىلەر دەۋرنىڭ جىددىيلىكتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكىنى ھەرۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرىدۇ . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرىمەن دەپ ، يۈكى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەندە ، روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىپ غەم - ئەندىشىگە مۇپتىلا بولىدۇ . بالىلارغا شۇنى بىلدۈرۈش كېرەككى ، دۆلەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش كېرەك دېگىنى ، ھەرگىزمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشكە جىددىي مۇئامىلە قىلمىسىمۇ بولىدۇ ، دېگەنلىك ئەمەس . ئۆگىنىشنىڭ ئۆزى بىر جاپالىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان ئىش . نورمال بولغان جىددىي كەيپىيات چوڭ مېڭىنىڭ غىدىقلىنىشىنى كۈچەيتىپ ، ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ ،

قىيىنچىلىقنى يېڭىشتە كۈچ ئاتا قىلىدۇ ھەمدە ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ . بالىلارغا «ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن روھنى ئۇرغۇتۇپ تىرىشىش كېرەك» دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك ، مۇشۇنداق كۆز قاراشنى تۇرغۇزغاندىلا ، بالىلار جىددىيلىكنى تەبىئىي ئەھۋال دەپ ھېس قىلىپ ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشنى ئۆگىنىدۇ ، دەردى بولسا ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە ئىشەنگەن ئادەملىرىگە دېيىشنى خالايدۇ ؛ ئىچى پۇشسا ناخشا ئېيتىپ ، كىتاب كۆرۈپ ، ئويان ـ بۇيان ھەرىكەت قىلىپ ، ئۆگىنىش ۋە دەم ئېلىش ۋاقتىنى ياخشى تەڭشەپ ، توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار ھەرگىز بالىلارنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنىلا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك . بالىلار مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشىگىلا «بۈگۈن ئۆگىنىشىڭ قانداقراق بولدى ؟» ، «قانچە نومۇر ئالدىڭ ؟» دەپ سوراۋەرگەندە ، بالىلارنىڭ نېرۋىسى جىددىيلىشىپ ، «ئىمتىھان غېمى» ، «مەكتەپ قورقۇنچىسى» ۋە «ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش» پسىخىكىسى كېلىپ چىقىدۇ .

بەشىنچى ، شۆھرەتپەرەسلىك پسىخىكىسىنى يېڭىپ ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك . «شۆھرەتپەرەس كىشىلەر ئۆزىنىڭ نامىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ، شەرەپ تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەر ۋەتەننىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ» . «سەمىمىيلىك بىلەن ئاددىي ـ ساددىلىق تالانت ئىگىلىرىنىڭ قىممەتلىك پەزىلىتى .» ئاتا ـ ئانىلار بۇ ھېكمەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ، بالىلارغا ئەمەلىيەتچىل ، ئىقتىسادچىل ، ئاددىي ـ ساددا بولۇشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى ، يالغان سۆزلەش ، بايۋەتچىلىك قىلىش ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ، باشقىلارنى چۈشۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك . بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ قانداق قىلسا توغرا

بولىدىغانلىقىنى ، كۆپچىلىك ياقتۇرىدىغانلىقىنى ؛ قانداق قىلسا توغرا بولمايدىغانلىقىنى ، كۆپچىلىكنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ھەتتا كوللېكتىپنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇتۇش كېرەك . بالىلارنىڭ كونكرېت سۆز - ھەرىكىتىگە قارىتا سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەش ئېلىپ بېرىپ ، بالىلارنى ھەق - ناھاقنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان ، ئاددىي - ساددا يېڭى ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم .

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى پسىخىك مەسىلىلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ ، شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىنچىكە پسىخىك ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە بىنورمال ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ، بالىلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئەھۋالىغا قاراپ پسىخىكىلىق جەھەتتىن يېتەكلەش ئېلىپ بېرىشى لازىم .

**(3) پسىخىك كېسەللىكنى بالدۇر بايقاش ۋە داۋالاش**

بالىلاردىكى پسىخىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ، توغرا ھەل قىلمىغاندا ، تەرەققىي قىلىپ پسىخىك توسالغۇغا ياكى پسىخىك كېسەللىككە ئايلىنىشى مۇمكىن . ئاز ساندىكى بالىلارنىڭ پسىخىك توسالغۇسى ۋە پسىخىك كېسەللىكىگە ئاتا - ئانىلار ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم . پسىخىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى بالدۇر بايقاش ھەمدە بالىلار روھىي كېسەللىك دوختۇرىغا ۋە پسىخىك ساغلاملىق خىزمەتچىلىرىگە كۆرسىتىپ دىئاگنوز قويدۇرۇپ ، مەسىلىنىڭ خاراكتېرىگە قارىتا پسىخىك جەھەتتىن داۋالاش ، دورا بىلەن داۋالاش ، تەربىيە ۋاستىسى ئارقىلىق داۋالاش قاتارلىق ئوخشاشمىغان داۋالاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ، ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەپ تۇرالايدىغان قىلىش ، شۇ ئارقىلىق پسىخىك ساغلاملىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## (4) ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىق ئەھۋالى بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ نەتىجىلىك بولۇش ـ بولماسلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ پسىخىك ساغلاملىق سەۋىيىسىنى قانداق يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك؟ بىرىنچى، ئۆزىنى تونۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش پسىخىك يېتەكلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا شەخسنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئاساسى. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنى تونۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە قىيىنلىقىنى، ئالدى بىلەن ئۆزىنى توغرا تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن بالىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى لازىم. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىگە دائىم دىققەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇش. پسىخىك جەھەتتىن ساغلام كىشىلەر ئۆزىنى ئازادە تۇتالايدۇ، ئۆزىنى قەدىرلىيەلەيدۇ. ئۆزىدە ئورغۇن يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتالايدۇ، نەتىجە ھەم مەغلۇبىيەتلەرگە ئاقىلانىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلالايدۇ، قىيىن ئۆتكەللەردىنمۇ بىمالال، سالماق ھالدا ئۆتەلەيدۇ ھەم خام ـ خىيالغا بېرىلىپ كەتمەيدۇ، ھەم رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. ئۆز ـ ئۆزىدىن قىيداپ، رەنجىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىنى ئىنكارمۇ قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنى ئازادە، خۇشال تۇتالايدۇ. شۇڭا، بالىلارنىمۇ ئۆزىنى ئازادە تۇتىدىغان، رېئاللىق ئالدىدا ئۈمىدۋار بولىدىغان، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى تىرىشىپ

جارى قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك .

ئۈچىنچى ، ئۆزىنى كونترول قىلىش . ئۆزىنى كونترول قىلىش كىشىلەرنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن بىلدۈرىدىغان ئاكتىپ ئىنكاسىدۇر ، ئۇ ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىرادە پەزىلىتىدۇر ، ياخشى كەيپىيات پسىخىك ساغلاملىقنى ئاسرايدىغان زۆرۈر كاپالەت بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇ تەن ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى توغرا ھەم مۇۋاپىق ئىپادىلەش بىلەنلا قالماستىن ، بالىلارنىمۇ شۇنداق قىلىش توغرىسىدا تەربىيىلەش كېرەك . ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش جىسمانىي ۋە پسىخىك ساغلاملىققا كاپالەتلىك قىلىش ھەم ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى .

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

بالىڭىزنىڭ پسىخىك جەھەتتىن ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىنى سىناپ كۆرۈڭ .

تۆۋەندىكى 10 سوئالغا بالىڭىزنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن ئۇيغۇن كەلسە ، بۇ بالىڭىزنىڭ پسىخىك جەھەتتىن بىرقەدەر ساغلام ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

1 . بالىڭىز ياخشى دوستلىرىنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەمدۇ ؟

2 . بالىڭىز ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلالامدۇ ؟

3 . بالىڭىز مۇئەللىمىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە تەنقىدىگە ئېتىبار بىلەن قارامدۇ ـ يوق ؟

4 . ۋاقتى بولسا بالىڭىز ئۆيدە ئولتۇرۇشنى خالىماي تالادا ئويناشنى خالامدۇ ـ يوق ؟

5 . بالىڭىز ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى قۇربان قىلىپ ، دوستلىرىغا چىن

كۆڭلىدىن ياردەم قىلامدۇ- يوق ؟

6 . بالىڭىز ئۆزى بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا بولمىغان كىشىلەرگە يېقىنلىششنى خالامدۇ- يوق ؟

7 . بالىڭىز كەمچىلىكى بار بالىلارغا ۋە نەتىجىسى ياخشى بولمىغان ساۋاقداشلىرىغا باراۋەرلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلالامدۇ - يوق ؟

8 . بالىڭىز تەكرارلاش ماتېرىياللىرىنى باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆرۈشىگە ئارىيەت بېرەمدۇ - يوق ؟

9 . بالىڭىزنىڭ بىلىم دائىرىسى قانداق ، قىزىقىش دائىرىسى كەڭمۇ ؟

10 . بالىڭىز ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالامدۇ ؟

# بالىلارنى پەننى سۆيۈشكە، ئىجاد قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا يېتەكلەيلى

«ئىلىم - پەن بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلىم - پەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، فېئودال خۇراپاتلىققا ۋە قالاقلىققا قەتئىي قارشى تۇرايلى.»

«يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان روھ، دۆلەتنى روناق تاپقۇزىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دېمەكتۇر.»

«ئىلىم - پەننى بالىلاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك.»

## 1. بالىلىرىنى ئىلىم - پەنگە يېقىنلىششقا يېتەكلەڭ

### (1) نېمە ئۈچۈن بالىلارنى ئىلىم - پەنگە يېقىنلىششقا يېتەكلەيمىز؟

بىرىنچى، ئىلىم - پەنگە يېقىنلىشىش بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئىلىم - پەنگە يېقىنلىشىش» پروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىچىكىمدىن باشلاپ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىشكە قىزىقاتتىم، ھەرخىل سىرلارنى ئاچىدىغان بىر ئاچقۇچقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ئۆز يېنىمدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ بولغاچقا، كىشىلەر ئاي شارىغا چىقىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئۇ بولغاچقا، كىشىلەر ئاتوم دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئاچتى؛ ئۇ بولغاچقا،

كىشىلەر ھاياتلىق مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنەلەيدىغان بولدى ؛ ئۇ بولغاچقا ، نامەلۇم دۇنيانىڭ ئىشىكى سىزگە داغدام ئوچۇق بولىدۇ . » بۇ سۆز بالىلاردا تەبىئىي ھالدىكى بىلىمگە ئىنتىلىش ، قىزىقىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامراق بولىدىغانلىقىنى ، ئىلىم ـ پەنگە ئىنتىلىدىغانلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلىق دەۋرىدىكى ئىجادىيەت كەچۇرمىشى ۋە ئىلىم ـ پەنگە يېقىنلىشىش دەرىجىسى كېيىنكى ھايات يولىدا كەشپىيات يارىتىش ، ئىلىم ـ پەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى . ئامېرىكىلىق پسىخولوگ توللىسنىڭ تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۆسمۇرلەرنىڭ ئىجادچانلىقى ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ، لېكىن ئۇ تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلىمەستىن ، دولقۇنسىمان بولىدۇ . باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۇرىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىل 5 ياشتىن 9 ياشقىچە بولغان ۋاقىتدۇر . 9 ياشتىن كېيىن ئىجادچانلىق تەرەققىياتىدا كۆپىنچە «تۆۋەنلەش» ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ ، بالىلار ۋاقتىنچە قىزىقىشىنى ، تەسەۋۋۇرىنى ، ئىجاد قىلىش ھەۋىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ، ئاشۇ ئەڭ ياخشى مەزگىلنى چىڭ تۇتۇپ ، بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك «ئىلىم ـ پەننى كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇشى» لازىم .

ئىككىنچى ، ئىلىم ـ پەنگە يېقىنلىشىش ئائىلىدە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى . خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې شەھىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى لى×× فالۇن گۇمپىسىغا مەستانە بولۇپ ، ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇ ئۆزىنى بۇددا ، ئاتا ـ ئانىسىنى ئالۋاستى دەپ قارىغاچقا ، ئالۋاستىلارنى

يوقاتماقچى بولغان . بۇ قانلىق پاكىت بىزنى باللارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئىلىم ـ پەننى سۆيۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ ، يېقىنقى مەزگىلدىن بېرى بىرقىسىم رايونلاردا فېئودال خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ قالدى . مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا ، 1996 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پالغا ئىشىنىدىغانلار يەتتە پىرسەنت كۆپەيگەن . روشەنكى ، بىزنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىمىز ھازىرقى ئىلىم ـ پەننىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىدىن خېلى كېيىن قېلىۋاتىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلار ئائىلىلەردىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىگە سەل قاراۋاتىدۇ .

ئاتا ـ ئانىلار باللارغا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرىنى كەمدىن ـ كەم ئېلىپ بېرىدۇ ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈشكە ، رادىئو ئاڭلاشقا دەۋەت قىلمايدۇ ، پەن ـ تېخنىكا سارايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئېلىپ بارمايدۇ . باللارغا پەن ـ تېخنىكا قائىدىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغانلار بولسا تېخىمۇ ئاز . شۇڭا ، نۇرغۇن باللار ئىلىم ـ پەن كەيپىياتى بولمىغان ئائىلىلەردە ياشىماقتا .

تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، خۇراپىي تۇيغۇ ئەرسىلەر بەزى ئائىلىلەردە ئۆز مەيلىچە يامراپ يۈرىدۇ . بەزى ئاتا ـ ئانىلار جىن ـ ئالۋاستىغا ئىشىنىدۇ ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن رەم ئېچىپ پال سالدۇرىدۇ ، تەقدىرچىلىك كۆز قارىشىنى تەشۋىق قىلىدۇ . بەزى ئاتا ـ ئانىلار ھەتتا باللىرىنى خۇراپاتلىق پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ باللار خۇراپاتلىققا تولغان ئائىلە مۇھىتىدا ياشايدۇ .

ئەگەردە بىر بالا ئىلمىيلىكى كەم بولغان خۇراپاتلىققا

تولغان ئائىلىدە چوڭ بولىدىكەن، ئۇ ئىلمىي دۇنيا كۆز قارىشىنى تىكلىيەلمەيدۇ، ئالغا ئىنتىلىش روھى بولمايدۇ، ساغلام پىسخىكا ۋە خاراكتېر يېتىلدۈرەلمەيدۇ. بۇنداق بالىلار ئۆز ھاياتى ئۈچۈن قانداقمۇ پۇختا ئاساس سالالىسۇن؟ پەقەت ئىلىم - پەن روھىغا تولغان ئائىلىلا بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدىغان مۇھىتىدۇر. ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپايىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز جىن - شەيتانلارغا ئىشەنمەسلىكىمىز، تەقدىرچىلىككە چوقۇنماسلىقىمىز، بەخت - سائادەتنى خۇدادىن، تەقدىر - پېشانىدىن كۆرمەسلىكىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كونكرېت، جانلىق مىساللار ئارقىلىق بالىلارغا خۇراپاتلىقنى تۇگىتىش ۋە ئاتېئىزم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز، بالىلارغا خۇراپاتلىقنىڭ زىيىنىنى تونۇتۇشىمىز، ئەگەردە بۇلارغا ئالدىنىپ قالسا، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. بالىلارنىڭ پەننى بىلىملەردىن پايدىلىنىپ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز، بالىلارغا تالانتىنىڭ پېشانىگە پۈتۈلگەن بولماستىن، تىرىشچانلىقتىن كېلىدىغانلىقى، پەقەت تىرىشچانلىقلا مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە يەتكۈزىدىغانلىقى، پەقەت جان تىكىپ كۈرەش قىلغاندىلا، غايىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. قەدىرلىك ئاتا - ئانىلار، ئىشىك - دېرىزىلەرنى تېخىمۇ كەڭرەك ئېچىۋېتەيلى، ئىلىم - پەننىڭ پارلاق نۇرى بالىلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە چېچىلسۇن! بالىلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ ھەقىقەت

يولىدا ئىزدىنىدىغان ، خۇراپاتلىقتا قارشى تۇرىدىغان ، ئىلىم - پەننىڭ يۇكسەك چوققىسىغا تىرىشىپ ئۆرلەيدىغان بولسۇن !

ئۇچىنچى ، ئىلىم - پەنگە يېقىنلىشىش «پەن - مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىلىك فاكچىپنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى . «پەن - مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» ئېلىمىز بېكىتكەن ئىستراتېگىيىلىك فاكچىن . باش شۇجى جياڭ زېمىن «پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ، خەلقئارالىق رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ، بىلىم ئىقتىسادى بارلىققا كېلىۋاتقان» دېگەن ئۇچ جۇملە سۆز بىلەن هازىرقى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلاپ بەردى ، دېمەك ، 21 - ئەسىر بىلىم ئىقتىسادى دەۋرى بولىدۇ ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى رىقابەت تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئىنسانلارنىڭ ئىجادچانلىقى جەھەتتىكى رىقابەت ، ئىجادچانلىققا ئىگە ئىنسانلارنىڭ ئىجاد قىلىش سۈرئىتى ئىجاد قىلىش ئۇنۇمى جەھەتتىكى رىقابەت بولىدۇ . «پەن - مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىلىك فاكچىننىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۇچۇن ، 1996 - يىلى 6 - ئايدا گوۋۇيۈەن «مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار» دا «مەكتەپ ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ ، ساپا مائارىپىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئورتاق يارىتايلى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان ئىجادچانلىققا ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئومۇمىي خەلق مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ، ھەرقايسى قاتلامدىكى ئائىلە ساپا مائارىپىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، غايەت زور بىرلىك كۈچ هاسىل قىلىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئىجادچانلىق روھىنى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى يادرو قىلغان ساپا مائارىپى ئائىلىلەرگە يۈزلىنىپ ، «يەن مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» جەھەتتىمۇ ئائىلە تەربىيىسىگىمۇ يېڭىچە تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، ئائىلە تەربىيىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بولۇپ باقمىغان يېڭى رولىنى جارى قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىندى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار ئائىلە تەربىيىسىنىڭ پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتىكى ئاساسلىق رولىنى يېڭى يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇپ ، ئائىلە تەربىيىسى ئارقىلىق يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم .

**(2) ئائىلىلەردىكى ئىلىم ـ پەن تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئاساسلىقى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؟**

بىرىنچى ، ئاتا ـ ئانىلار ئۈلگە بولۇپ تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بالىلارنى ئىلىم ـ پەنگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ، ئىشىنىدىغان ، ئۇنى سۆيىدىغان ، فېئودال خۇراپاتلىقتا ، نادانلىق ـ قالاقلىققا قارشى تۇرىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىگە ئىگە قىلىش كېرەك .

ئىككىنچى ، دېموكراتىك ، باراۋەر ، ئازادە ، ئىناق ۋە ئىلمىيلىككە تولغان ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان يېڭىچە ئائىلە كەيپىياتىنى بەرپا قىلىپ ، بالىلارنى كۆڭلى ئازادە تۇرىدىغان ، دادىل پىكىر بايان قىلالايدىغان ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان ئوبيېكتىپ مۇھىتقا ئىگە قىلىش كېرەك .

ئۈچىنچى ، بالىلارنىڭ ھەۋەس ، قىزىقىشىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش ، بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىنى ، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشىنى قوزغىتىش ، ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىشكە

جۇرئەت قىلىدىغان ئىلمىي روھنى يېتىلدۈرۈش لازىم .

تۆتىنچى ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق بالىلارنىڭ سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ، مۇھىتنى قوغداش ، نوپۇس مەسىلىسى ، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە ، ئېلېكتر ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلىتىش ، كومپيۇتېردا تورغا كىرىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك .

بەشىنچى ، بالىلارنى ئۆز ئەتراپىدىكى ھادىسىلەرنى ، ئۇچۇرلارنى ، ئەۋرىشكىلەرنى داۋاملىق توپلاپ ، خاتىرىلەپ ، رەتلەپ مېڭىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئادىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم .

ئالتىنچى ، بالىلارنىڭ تەبىئەتكە ، جەمئىيەتكە چىقىپ زىيارەت قىلىشىنى ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىنى ، كۆزىتىشىنى ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىنى ، بىلىم توپلاپ ، تەسەۋۋۇرىنى بېيىتىشىنى قوللاش ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بايقاش ، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەشتەك ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈرۈش لازىم .

يەتتىنچى ، بالىلارغا ياردەملىشىپ گەرچە ئاددىي ، تۆۋەن سەۋىيىدە ھېسابلانسىمۇ ، لېكىن بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان كىچىك كەشپىيات ، كىچىك تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان ھەۋىسىنى ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم .

سەككىزىنچى ، بالىلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلارنى ستاتىستىكا قىلىشىنى ، سىخېما سىزىشىنى ، كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىشنى ۋە كىچىك ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم .

ئىشىنىمىزكى، ئاتا - ئانىلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەرەپلەرنى چىڭ تۇتۇپ، بالىلارنى ئىلىم - پەن يولىغا ياخشى يېتەكلەيدىغانلا بولسا، ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى ئىلمىي ساپا ئاساسىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

## 2. بالىلارنى ئىلمىي كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيلى

كۆزىتىش ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى مۇھىم يولى. كۆزىتىش ئىقتىدارى ئىختىساس ئىگىلىرى هازىرلاشقا تېگىشلىك بىرخىل ساپا، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېداگوگى سۇخوملىنسكىي مۇنداق دېگەنىدى: «خۇددى ئۆسمۈرلەرگە كۈن نۇرى، هاۋا، سۇ كەم بولسا بولمىغىنىغا ئوخشاش باللار ئۈچۈن كۆزىتىش كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ يەردىكى كۆزىتىش ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسىدۇر.» ئېلىمىزدىكى ئادەتتىن تاشقىرى باللار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشتىن شۇ نەرسە بايقالدىكى، باللار ئۆتكۈر سېزىمگە ۋە ياخشى كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ تەبىئىي هالدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلىمگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىنى قانائەتلەندۈرەلەيدۇ، بۇ هەم ئۇلارنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگىمۇ ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلىرى كىچىك ۋاقتىدىلا مەقسەتلىك، پىلانلىق هالدا ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئۇنداقتا، بالىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

بىرىنچى، بالىلارنىڭ كۆزىتىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش

كېرەك . قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك قىزىقىش ئاساسىدا ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . فرانسىيىنىڭ داڭلىق ئالىمى بور كىچىك ۋاقتىدا ئورمانلىقتا ھەرخىل ھاشاراتلارنىڭ مۇڭلۇق سايرايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، كۈچلۈك ھەۋەس بىلەن ئورمانلىققا كىرىپ ، سايرايدىغان ھاشاراتلارنى ئىزدەپ ئەستايىدىل كۆزەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن ھاشارات تەتقىقاتىغا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ ، ئاخىر دۇنياغا مەشھۇر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان . دېمەك ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ، نېمىگە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ قىزىقىشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك . پەقەت بالىلار ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە قىزىققاندىلا ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ . 4 ـ يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر قىز ئوقۇغۇچى ئائىلىسىدە بىرتال پۇرچاق تېرىپ ، ئۇنىڭ بىخ چىقىرىشىنى ، ئۆسۈشىنى ھەركۈنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ ، پۇرچاقنىڭ باشقا نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسكەندە ھامان بىر يۆنىلىشتە بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قىزىقىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى باشقا يۆگىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ . ئۇ ئوخشاشمايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۆگىشىپ ئۆسكەن چاغدىكى يۆنىلىشىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ، مەسىلەن ، ھەشقىپىچەك سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىپ يۆگىشىدىغانلىقىنى ، چاگاموغ سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە سولغا يۆگىشىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ھەربىرخىل ئۆسۈملۈكنىڭ يۆگىشىش يۆنىلىشىنى سۇنئىي ھالدا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ ، ئاخىر بىر پارچە كىچىك ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىققان .

ئىككىنچى، باللارغا كۆزىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش كېرەك. باللارغا شەيئىلەرنى كۆزىتىش جەريانىدا يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە، سولدىن ـ ئوڭغا، ئىچكى قىسمىدىن تاشقى ھالىتىگە، تاشقى ھالىتىدىن ئىچكى قىسمىغا، بىر پۈتۈنلۈكتىن ئايرىمىلىققا قاراپ كۆزىتىش لازىملىقىنى بىلدۈرۈپ، توغرا، ئەتراپلىق، تەرتىپلىك بولغان كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باللارنى ھەرخىل سەزگۈ ئەزالىرىنى ئىشقا سېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا، تۇتۇپ بېقىشقا، پۇراپ بېقىشقا، تېتىپ بېقىشقا ئۆگىتىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا باللاردا ئۆزلىرى كۆزەتكەن شەيئىلەرنىڭ ھەرخىل ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، باللارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆزىتىش كېرەكلىكىنى، پەقەت سېلىشتۇرغاندىلا ئوخشاشمىغان شەيئىلەرنىڭ ئورتاقلىقىنى، ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ پەرقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ماھىيىتىنى تېپىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە باللارنى ئىمكانقەدەر سۆزلىتىش كېرەك. ئادەمنىڭ تۇيغۇسى ئادەتتە تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، باللار سۆزلەش ئارقىلىق كۆزەتكەن شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان بىلىم سىستېمىسىغا يىغىنچاقلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، باللارنىڭ كۆزىتىش نەتىجىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ شەيئىگە بولغان تەسىراتىنى، نېمىنى كۆرگەنلىكىنى، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى يازدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بەلكىم باللار دەسلەپتە ياخشى يازالماسلىقى، مۇۋاپىق تەسۋىرلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، بۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىلار توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، باللارنىڭ بىلىمىنىڭ تەدرىجىي ئۆسۈشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىنىق، مۇۋاپىق ھەم ئىلھام بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە يېتەكلىشى ئارقىسىدا بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

تۆتنچى ، تەبىئەتكە يۇزلىنىش . مەلۇم بىر ئاتا قىزىنى تەربىيىلەش ئۇستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى : «بىز دائىم دالىلارغا بېرىپ ، بىرەر تال گۈل ، بىرەر تۇپ ئوت - چۆپنى ئۈزۈپ تەھلىل قىلاتتۇق ، تاشلارنى چېقىپ كۆزىتىپ كۆرەتتۇق . . .» تەبىئەت گۈزەل ھەم سېھىرلىك بولىدۇ ، بالىلار تەبىئەت قوينىدا ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ . شۇڭا ئاتا - ئانىلار بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ بالىلارنى تەبىئەتكە ئېلىپ چىقىپ ئۇلارغا گۈل - گىياھلارنى كۆرسىتىشى ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاتقۇزۇشى ، تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدۇرۇشى ، ئاينىڭ كىچىكلەپ چوڭىيىشى ، يامغۇردىن كېيىن ھەسەن - ھۈسەننىڭ پەيدا بولۇشى ، تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشى ، يامغۇر ، بوران ، قار قاتارلىقلار توغرىسىدا ئويلىنىشقا يېتەكلىشى لازىم . بالىلارنى خۇشال كەيپىيات ئىچىدە يېتەكلىگەندە ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . تەبىئەت قوينىدا بالىلارنى مول بىلىمگە ئىگە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۇرغۇتۇپ ، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۇلاردا تەبىئەتنى سۆيىدىغان ھېسسىياتنى ، تەبىئەتكە ئۇيغۇنلىشىدىغان ، تەبىئەت ئۇستىدە ئىزدىنىدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ .

يىغىپ ئېيتقاندا ، بالىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاتا - ئانىلار چوقۇم كۆڭۈل قويۇشى ، ئەستايىدىل بولۇشى ھەم ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشى لازىم . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، بالىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى قانچە كۈچلۈك ، ئۆتكۈر بولغانسېرى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ . بالىلارنىڭ كۆزىتىشنى ، تەھلىل قىلىشنى ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋالغىنى بىلىم دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشكەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3 . باللارنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەيلى

ئېلىمىزدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارى ھازىر چەت ئەل بالىلىرىنىڭكىگە يەتمەيۋاتىدۇ ، بۇ رېئاللىق كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ . مائارىپ مىنىستىرلىكى ، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يېقىندا دۆلىتىمىزدىكى 31 ئۆلكە ، شەھەردىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە تارقاتقان 12 مىڭ پارچە بىرلەشمە تەكشۈرۈش سوئال ـ جاۋاب جەدۋىلىنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا ، باللاردا ئىجادىي ئىقتىدار ئومۇمىيۈزلۈك يېتەرسىز بولۇپ ، پەقەت 15% كە يېقىن بالا دەسلەپكى قەدەمدە ئىجادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ، بۇنىڭدىن ئانچە ئۈمىدلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . ئىجادىي ئىقتىدارى كەمچىل ئادەم پەقەت ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قالىدۇ ، خىزمەتتە ھەرقانچە كۆچىگەن بىلەنمۇ ، مەۋجۇت ھالەتنىلا ساقلاپ قالالايدۇ ، ئىشلىرىدا يېڭى ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىيات بولمايدۇ . ئەگەر بىر كوللېكتىپ ۋە بىر دۆلەتتە مۇشۇنداق ئادەملەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ .

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ : «يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنىڭ جېنى ، بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دېمەكتۇر .» شۇنداق ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ھەم گۈللىنىشى يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدىغان ساپا مائارىپىغا موھتاج بولماقتا ، دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا يېڭىلىق يارىتالايدىغان مائارىپقا باغلىق . بۇ دەۋر ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر

نەتىجىسى . ئۇنداقتا جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىسى بولغان ئائىلە پەرزەنتلەرگە ئىجادىيلىق تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىشى كېرەك ؟

**(1) ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزى چوقۇم يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىغا ۋە ئىلمىي تەربىيلەش ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇشى كېرەك**

يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى بولمىغان ئاتا - ئانىلار كۆپىنچە بالىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى نورمالسىز ئەھۋال دەپ قارايدۇ ، ئۇلار بالىلىرىنى «ياراملىق» قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن قاتتىق باشقۇرۇپ ، ئاتا - ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلار نېمە دېسە شۇنى قىلىشقا ، مەسىلىلەرگە ئۆلچەم بويىچىلا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ . بالىلار كۆپ بويى دەرس ئاڭلاش ، تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋە ئىمتىھان بېرىشنىلا بىلىپ ، تەبىئەت ، جەمئىيەت بىلەن ئۇچراشمايدۇ ، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىشقا ،ئۆزلىرى قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئامالسىز قالىدۇ ، ئۇلارغا ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپكە چىقىشتىن ئىبارەت بىرلا ئۆلچەم قويۇلىدۇ . بۇ ھالەت ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشسا ، بالىلارنىڭ قىزىقىشى ، ئىنتىلىشى ، تەسەۋۋۇرى نابۇت قىلىنىپ ، ئىجادىيلىقىنى يېتىلدۈرۈش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ .

بىز باشتا تىلغا ئالغان ئېلىمىز ياشلار -ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئىجادىيلىقى كەمچىل بولۇشتەك ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئىلمىي بولماسلىقمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سەۋەب . تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئائىلىدە ئەركە چوڭ بولغان بالىلاردا يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ قالىدۇ ، بۇنداق بالىلار جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ ، مېڭىسىنى ، قولىنى ئىشقا سېلىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەرگە بولغان قىزىقىشى سۇسلىشىپ، ئۇلار ئىجادىيلىق جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئائىلىگە «قاماپ» قويۇلغان بالىلار ئاغزىدىن «مەن خاتا قىپتىمەن» دېگەن گەپنى چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مۇستەقىل خاراكتېرىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان پسىخىكىنى شەكىللەندۇرۇۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەۋەس، ئىنتىلىشلىرى ۋە تەسەۋۋۇرى ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىنىڭ تەسىرىدە ئاجىزلاپ يوقايدۇ. قاتتىق باشقۇرىدىغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى مۇستەقىل پىكىر قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئاتا ـ ئانىنىڭلا گېپىنى ئاڭلاپ، بويسۇنۇشنىلا بىلىدىغان رايىشلاردىن بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يۆلىنىۋېلىش، ئۆزىنى كەمسىتىش، بويسۇنۇش قاتارلىق پسىخىك ئالامەتلەر بالىلارنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى توسالغۇدىن ئىبارەت، ساغلام بولمىغان بۇ خىل پسىخىكىنىڭ شەكىللىنىشى ئىلمىي بولمىغان تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، تەلىم ـ تەربىيە قارىشىنى ئۆزگەرتىشى، بالىلارنى ئىلمىي، دېموكراتىك ئۇسۇل بويىچە تەربىيىلىشى لازىم، بۇ بالىلارنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق.

**(2) ئائىلىدە يېڭىلىق يارىتىش كەيپىياتىنى بەرپا قىلىش كېرەك**

ئائىلىدە تەسەۋۋۇر قىلىشقا، ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىدىغان كەيپىياتنى بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنداق كەيپىيات ئىچىدە بالىلار بىلەن ئاتا ـ ئانىلاردا ئاكتىپ پىكىر ئالماشتۇرىدىغان مۇناسىۋەت بولىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ، ئۇلار تەسەۋۋۇرغا باي ھەم ماھىر كېلىدۇ ، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم . 9 ياشلىق بىر بالا يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىگە تايىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئالەم كېمىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغان . ئانىسى ئۇنىڭدىن «نېمە ئۇچۇن يورۇقلۇقنى ئېنېرگىيە قىلىدۇ ؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇ بالا «يورۇقلۇق ۋە نۇر ھەممىلا يەردە بار ، كائىناتتىكى شۇنچە كۆپ يۇلتۇزلار ھەممىسى يورۇقلۇق چىقىرىدۇ ، ئالەم كېمىسى نەگىلا بارسا ئېنېرگىيىگە ئىگە بولالايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن . ئانىسى ئۇنىڭ بۇ خىيالىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان . لېكىن ، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ مول تەسەۋۋۇرلۇق ئويلىرىنى «قۇرۇق خام - خىيال» دەپ ئەيىبلەيدۇ . بۈيۈك ئالىم ئېينىشتېين : «تەسەۋۋۇر دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدۇ ، شۇنداقلا بىلىمنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەنبە بولىدۇ .» دېگەنىدى . بارلىق ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىجادىيلىققا ئىگە تەسەۋۋۇرىغا مەدەت بېرىشى ۋە ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى لازىم .

**(3) بالىلارنى كۆپرەك سوئال سوراشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم**

كىچىك بالىلار سوئال سوراشقا ئامراق كېلىدۇ ، بەزىلىرى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سورايدۇ . ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ بۇنداق ئاكتىپچانلىقىنى قوغدىشى ، سورىغان سوئاللىرىغا بىپەرۋا قارىماسلىقى ، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئاۋارىچىلىك دەپ قاراپ ، ئۆزىگە بېسىم قىلىۋالماسلىقى لازىم . ئۇنداق قىلغاندا بالىلارنىڭ ئىجادىيلىقى بېسىمغا ئۇچرايدۇ . ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە سەۋرچان بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم . ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

سوئالىغا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرغاندىلا ، باللارنىڭ قىزىقىشى ۋە ئىنتىلىشىنى قانائەتلەندۈرەلەيدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ .

**(4) ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ ، ئۇنى - بۇنى ياساشنى ئۆگىتىش كېرەك**

شاڭخەيدە بۇرۇن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىچىك كەشپىيات تەجرىبە سىنىپى ئېچىلغان . سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ياساش ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا ئايرىغان : بىرىنچى خىلى ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ياساش ئىقتىدارىنىڭ ھەر ئىككىسى كۈچلۈكلەر ؛ ئىككىنچى خىلى ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك ، ئەمما ياساش ئىقتىدارى بىرقەدەر ئاجىزلار ؛ ئۈچىنچى خىلى ، ھەر ئىككى جەھەتتىن بىرقەدەر ئاجىزلار . بۇ ئۈچ خىل ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىككىنچى خىلدىكىلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ ، ئۇلار ئويلىيالايدىغان ، ئەمما قىلالمايدىغانلار ئىكەن ، بىر ئوقۇغۇچى 26 تۈرلۈك كىچىك كەشپىياتنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا ، ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندا بىرىنىمۇ ياساپ پۈتتۈرەلمىگەن . تەجرىبە سىنىپىنىڭ ئەھۋالى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىچىك كەشپىياتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش - چىقىرالماسلىقىدا ياساش ئىقتىدارى ھەل قىلغۇچ ئامىل ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ، باللار بىلەن بىرلىكتە ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش ئارقىلىق ، باللارنى «قولى گۈل» ماھىرلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشى لازىم .

**(5) باللارنىڭ كىچىك كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە ياردەم بېرىش لازىم**

كەشىپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش ئۇنچە سىرلىق ئىش

ئەمەس . ئىلىم ـ پەندىكى بەزى زور كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەر كۆپىنچە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەردىن تۇغۇلىدۇ ، ھەتتا بىز ئادەتتە كۆرۈپ تۇرغان بەزى ھادىسىلەرنى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تۇتۇۋالىدىغان بولساق ، ئويلىمىغان مۆجىزە بارلىققا كېلىدۇ . بالىلارنىڭ كىچىك كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلىرى ئادەتتە بىر قەدەر ئاددىي بولغانلىقى ، قوللىنىلغان پەن ـ تېخنىكىمۇ مۇرەككەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى ئانچە قىيىن ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ .

دۇنيادا مۇكەممەل شەيئى يوق ، ھەرقانداق شەيئىنىڭ كەمچىل تەرىپى بولىدۇ ، شۇ كەمچىل تەرىپىنى بايقىيالايدىكەنمىز ، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولىنى تاپالايمىز . كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى خىلمۇ خىل بولىدۇ ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى بىلگەن ھامان تەتقىق قىلىدىغان تېمىمۇ بولىدۇ . كەمچىل تەرەپلەرنى ۋە ئېھتىياجنى بايقاشنىڭ ئۆزى بالىلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات مەنبەسىدۇر .

بېيجىڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچى يامغۇر ياغقان كۈنى يامغۇرلۇق چاپىنىنى كىيىپ ئۆيىگە قايتقان ، نەتىجىدە يامغۇرلۇق چاپىنىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ ئايىغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يامغۇرلۇق چاپىنىنى ئۆزگەرتىش ئويى تۇغۇلغان . دېمەك ، ئۇ كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت تېمىسىنى تاپقان . ئۇ يامغۇرلۇق كىيىمنى قانداق قىلغاندا بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرمايدىغان قىلغىلى بولىدۇ ، دېگەن مەسىلىنى ھەركۈنى ئويلىغان . بىر كۈنى ئۇ ئارتىسلارنىڭ كۆينىكىدىن ئىلھام ئېلىپ ، يامغۇرلۇق كىيىمنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە سىم چەمبىرەك ئورناتقان ـ دە ، يامغۇرلۇق كىيىم بەدەنگە چاپلاشمايدىغان بولغان ، لېكىن ئۇ بىئەپ بولۇپ قالغان . كېيىن ئۇ يەل توشقۇزۇلغان قۇتۇلدۇرۇش چەمبىرىكىنىڭ ئىلھامى بىلەن دادىسىنىڭ ياردىمىدە بىر تال

www.uyghurkitap.com

يۇمشاق سۇلياۋ نەيچىنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يەل بېرىدىغان ئېغىز بېكىتىپ ، يۇمشاق نەيچىنى يامغۇرلۇق چاپان ئېتىكىنىڭ تۆۋەنكى قىرىغا تىكىپ قويغان . سۇلياۋ نەيچىگە يەل بىرىلگەندە ، يامغۇرلۇق چاپان كۆنلۈككە ئوخشاش ئېچىلىپ ، ئاياغنىڭ ئىچىگە يامغۇر سۈيى ئېقىپ چۈشمەيدىغان بولغان . يەنە بىر مىسال ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 69 - تۇەنىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جۇاڭ چۇشاۋ كەشىپ قىلغان «قوناق دېنى ئايرىيدىغان ئاددىي ئۈسكۈنە» داننى ئاسان ، تېز ، ئۈنۈملۈك ئايرىيدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 7- نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئەسەر كۆرگەزمىسىدە بىردەك ماختاشقا ئېرىشكەن . ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى ئايۋاغ يېزا مەكتىپىدىكى ساۋاقداش زەينەپنىڭ كەشىپ قىلغان «ئۆسۈملۈك غولىغا دورا سۈركەش ماشىنىسى» ، بورتالا شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ليۇشىڭ كەشىپ قىلغان «كۆز شەكلىدىكى تېمىتىپ سۇغىرىدىغان پۈركۈگۈچ» ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 8- نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئەسەرلەر كۆرگەزمىسىدە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن .

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بالىلار ئوبدان كۆزىتىپ ، چوڭقۇر باش قاتۇرۇپ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىيەلەيدىغانلا بولسا ، ئانچە - مۇنچە كىچىك كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى يارىتىشى قىيىنغا چۈشمەيدۇ . بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلاردىكى ئىجادىي تەپەككۇرىنىڭ بىخلىرىنى بايقاپ ۋە تونۇپ يېتىپ ، ئۇلارنى ۋاقتىدا ئىلھاملاندۇرۇپ ، قوللاش ۋە قوللىيالماسلىقىدا . شۇڭا ، ئاتا - ئانىلار تەلىم - تەربىيە قارىشىنى ئۆزگەرتىپ ، بالىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىشى لازىم . بالىلارنىڭ نېمىلەرنى

بايقىغانلىقى، نىمىلەرنى ئىجاد قىلغانلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىزدىنىش روھى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلدۈرۈلگەنلىكىدە.

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1. بالىڭىزنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

2. بالىڭىزغا شارائىت يارىتىپ بېرىڭ، ئائىلىڭىز ئىلىم - پەن نۇرىغا تولسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بالىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلايلى

شەنبە، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش، قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل مول ۋاقىت مەنبەيىدۇر، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك.

شەنبە، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش پۈتۈن ئائىلە خۇشاللىققا چۆمىدىغان، ئائىلە ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، بالىلار ئەڭ كۆپ مەنپەئەتلىنىدىغان پائالىيەت كۈنى بولسۇن.

ئويناش بالىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە پسىخىك ئېھتىياجى، بالىلار پائالىيەت جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

## 1. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرەيلى

ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ھەركۈنى ئۆگىنىش قىلىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى دەپ قارايدۇ، شۇڭا بالىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلانمايدۇ، ئەمدى بىز بىر ھېسابلاپ كۆرەيلى.

**(1) باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر كۈنلۈك دەرستىن سىرتقى ۋاقتى قانچىلىك بولىدۇ؟**

مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى ھەركۈنى 5 سائەت دەرس ئۆتۈلىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن.

ھەربىر سائەتلىك دەرس 40 مىنۇت × 5 = 200 مىنۇت = 3 سائەت 20 مىنۇت

ئەگەر ھەركۈنلۈك دەرس 6 سائەت بولسا × 40 مىنۇت = 240 مىنۇت ، يەنى 4 سائەت بولىدۇ .

بىر كۈنلۈك 24 سائەت − 10 سائەت (ئۇخلاش) − 4 سائەت (دەرس) = 10 سائەت (ھەركۈنلۈك دەرستىن سىرتقى ۋاقىت) . ئەگەر كەڭرەك ھېسابلىساق ، ھەركۈنلۈك دەرستىن سىرتقى ۋاقتىمۇ 8 سائەت بولىدۇ .

**(2) باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر يىللىق دەرستىن سىرتقى ۋاقتى قانچىلىك بولىدۇ ؟**

بىر ھەپتىنىڭ 7 كۈنىدە 5 كۈن ئوقۇپ ، 2 كۈن دەم ئالىدۇ .

بىر يىلدا 2 كۈن × 52 ھەپتە = 104 كۈن + 7 كۈن (قانۇندا بەلگىلەنگەن دەم ئېلىش كۈنى) + قىشلىق ، يازلىق تەتىل 2 ئاي ـ تەكرار ھېسابلانغان دەم ئېلىش ، بايرام كۈنلىرى = 160 كۈن ئەتراپىدا .

مۇشۇنداق ھېسابلاپ كۆرگەندە ۋاقىتنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز . ئەسلىدە بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ، ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۇرمۇش مەزمۇنى بولىدۇ ، بۇ بالىلارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېتىدۇ ، دەپ قاراش قارىغاندا ئانچە رېئال بولمىسا كېرەك .

## 2 . بالىلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ باقايلى

يۇقىرىدىكى ئىككى ھېساباتنى قىلغاندىن كېيىن ، بىز ۋاقىت مەنبەسىنىڭ خېلى زور ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق . ئۇنداقتا ، دەرستىن سىرتقى شۇنچە كۆپ ۋاقىتتا نېمە قىلىش كېرەك ؟

بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئىشلەپ تۈگىتەلمەيدىغان ھەرخىل مەشىق ، يېتەكلەش ماتېرىيالى ۋە پايدىلىنىش

ماتېرىياللىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ، بالىلىرىنى يەنە ھەرخىل تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا ئاپىرىدۇ ، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزىدۇ . يىغىپ ئېيتقاندا ، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار كۆڭۈل قويۇپ پىلان تۈزۈپ بالىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقتىنى زور دەرىجىدە ئىگىلەپ ، بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ .

بالىلار ئامالسىزلىقتىن كىتاب دۆۋىسىگە ، سوئال دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپ قالىدۇ ، ھەركۈنى تۈگىمەيدىغان تاپشۇرۇقلارنىڭ دەستىدىن دەم ئېلىش كۈنى «بىلىم ئېلىش» كۈنىگە ، «ئازابلىنىش» كۈنىگە ، «يالغۇزسىراش» كۈنىگە ، «چارچاش» كۈنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇنداق ئۆگىنىش يۈكى ۋە بېسىمىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ، مەكتەپ ، ئائىلە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك توقۇنۇشى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ .

1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 420 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۇلگە ئېلىپ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا ، دەم ئېلىش ۋە بايرام كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق ، دەپ قارىغان بالىلار % 88.6 نى ، نارازى بولغان بالىلار % 9.4 نى تەشكىل قىلغان . بۇنىڭدىن بىز بالىلارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىش تەلپىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز . ئۆيدىن قېچىپ چىققان ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ مۇئەللىمىگە يازغان خېتىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى قۇرۇلتايغا ئېلىپ بېرىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بەرگەن . خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغان : «قەدىرلىك مۇئەللىم ، بىزنىڭ خوشلاشماي كېتىپ قالغىنىمىزنى كەچۈرگەيسىز . سىزنىڭ بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز ، لېكىن بىزنىڭ سىزگە

ئۆچلۈكىمىز كېلىدۇ ، سىز بىزنىڭ سىنىپ كۆچۈشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىدىڭىز ، بىز بۇنى چۈشىنىمىز ، لېكىن كەچۈرمەيمىز . چۈنكى ، سىز ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلىش بىلەن بىرگە بىزنىمۇ قۇربان قىلىۋەتتىڭىز . سىز تاماق يېيىشنى ، ئۇيقۇنى ئۇنتۇغان ھالدا بىزنى تەربىيىلىمەكچى بولدىڭىز ، بىزنىڭ ھېيت - بايرام كۈنلىرىمىز ، يەكشەنبە كۈنلىرىمىز ، كىنو كۆرىدىغان ۋاقتىمىز ، مۇزىكا ئاڭلايدىغان ۋاقتىمىز يوق بولدى ، شۇنداقلا ھېسسىياتىمىز ، خاراكتېرىمىز ، ئىدىيىمىزمۇ يوق بولدى . بىز پەقەت سىز خالىغانچە باشقۇرىدىغان ماشىنا ئادەملا بولۇپ قالدۇق . . . . » ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بۇ خەت ئوقۇتقۇچىغا يېزىلغان ، شۇنداقلا ئاتا - ئانىلارغىمۇ يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ . بىز بالىلارنى شۇ قەدەر قىيناپ تۇرۇپ ، يەنە «ئۇلارنى ياخشى بولسۇن دېدۇق» دەپ قارىدۇق ، بالىلارنى ھېسسىياتى ، خاراكتېرى ، ئىدىيىسى بولمىغان «ھېچقانداق سېزىمى بولمىغان» ماشىنا ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق . بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ چوڭ مۇھىت ، ئىمتىھان مائارىپى ۋە ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى بولسىمۇ ، لېكىن ئاتا - ئانىلارنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپىدىن قارىغاندا ، تۈپ سەۋەب يەنىلا ئاتا - ئانىلارنىڭ تەلىم - تەربىيە قارىشىنىڭ كونىلىقى ۋە بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەربىيىلەش ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ كەم بولغانلىقىدا .

## 3 . بالىلارنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەشتە ئاساسىي كۈچنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتقا قارىتىش كېرەك

مەلۇم بىر مائارىپ مۇتەخەسسىسى مۇنداق دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەنىدى : «يارامىلىق بولۇش ــ بولالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى ئادەمنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە باغلىق . » ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن شارائىتلار ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پەرق ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان «ئىشتىن سىرتقى ۋاقتى» نى قانداق ئىگىلىگەنلىكى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ .

سۇڭ دەۋرىدىكى شائىر لۇيۇنىڭ «ماھارەت شېئىرنىڭ سىرتىدا بولىدۇ» دېگەن سۆزى بار . ئۇنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى شېئىرنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن ئىشكىنى تاقاپ قويۇپ ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ، تاماق يېمەي ھەم ئۇخلىماي باش قاتۇرۇپ ئويلاپ يېزىشنىلا بىلگەن بىلەن بولمايدۇ ، كۆپ كۆرۈپ ، تەجرىبە توپلاپ ، ھېسسىيات ۋە تەسىرات كۆپەيگەندە ئۆزلۈكىدىن ئىلھامى ئۇرغۇپ ، شېئىر تەبىئىي ھالدا پۈتۈپ چىقىدۇ ، دېگەندىن ئىبارەت . باللارنىڭ يارامىلىق بولۇشىغا نىسبەتەن لۇيۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتىپ «ماھارەت دەرسنىڭ سىرتىدا» دېسەك مۇۋاپىق بولىدۇ .

ئاتا ــ ئانىلار ھامان باللىرىنىڭ پۇختا ئۆگىنىش ئاساسىغا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ، بۇ ئەلۋەتتە توغرا ، لېكىن ئاساس دېگەن نېمە ؟ قانداق قىلغاندا ئۇنى پۇختا قىلغىلى بولىدۇ ؟ بەزى ئاتا ــ ئانىلار ئۆگىنىش ئاساسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن دەرسخانىدا ئۆگەنگەن بىلىملەرنى تەكرار مەشىق قىلىش كېرەك ، دەپ قارايدۇ . ئۇلار تاپشۇرۇقنى كۆپ ئىشلەشنىڭ پۇختىلاشقا باراۋەر ئەمەسلىكىنى ، دەرسخانىدا ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ پەقەت ئاساسنىڭ پولات تايىقىنى تىزغانلىق بولىدىغانلىقىنى ، پولات تاياقلا بولسا پۇختا ئاساس سالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ، بۇنىڭدىن باشقا سېمونت ئارىلاشما لاي ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . بىلىم ئاساسىنى تولۇقلايدىغان

ماتېرىيال باللار دەرستىن سىرت ئىگە بولغان بىلىم ، قابىلىيەت ۋە ئىدىيىدۇر ، باللار پەقەت دەرستىن سىرت كۆپرەك ئۆگەنسە ، ئۆگىنىش دائىرىسى كەڭرەك بولسا ، ئاندىن دەرسخانىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ ؛ قانداق ياشاش ، قانداق ئادەم بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلالايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىنىمۇ مۇستەھكەملىيەلەيدۇ .

## 4 . پەرزەنتلەرنىڭ ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرىگە ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلايلى

ئارام ئېلىش دېگىنىمىز ، ھەربىر شەخسنىڭ خىزمەت ، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدىن كېيىنكى ئۆز ئىلكىدە بولىدىغان ئەركىن ھالەتنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ بىر خىل تۇرمۇش شەكلى ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىر قىسمى ، شۇنداقلا جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ بىر ھالقىسى .

1948 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئېلان قىلغان «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» نىڭ 24 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن : «ئارام ئېلىش تۈپ كىشىلىك ھوقۇق دېمەكتۇر ، ئۇ پۇقرالارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەمگەك قىلىش ۋە باشقا ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتى . » 1959 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ماقۇللىغان «ئۆسمۈرلەر ھوقۇقى خىتابنامىسى» نىڭ 7 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن : «ئۆسمۈرلەر تولۇق ئويناش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى ھەمدە ئۇلارغا مائارىپ مەقسىتىگە ماسلاشتۇرۇپ تەربىيە ئېلىپ بېرىلىشى ، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان ئورگانلار ئۆسمۈرلەرنىڭ ئويناش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش

ئۇچۇن تىرىشىشى لازىم .» لېكىن ، ھوقۇقنىڭ بەلگىلەنگىنى ھەرگىزمۇ ھوقۇققا ئىگە بولغانلىق بىلەن باراۋەر ئەمەس ، ھوقۇققا ئىگە بولغانلىقنىمۇ ھوقۇقنى ھەقىقىي ئىشلىتەلىدى ، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ .

ئارام ئېلىش پائالىيىتىمۇ پايدىلىق ھەم پايدىسىز بولۇشتەك ئىككى تەرەپلىمە ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇنداقتا ، ئارام ئېلىش پائالىيىتىدە ئىسراپچىلىق قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئىقتىسادچىل بولۇش كېرەكمۇ ؟ ئۆلچىمى تۆۋەن بولۇشى كېرەكمۇ ياكى يۇقىرى بولۇشى كېرەكمۇ ؟ بىز بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان بىر خىل تەرەققىيات شەكلىدىكى ئارام ئېلىش پائالىيىتىنى ، بالىلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ۋە يازلىق ، قىشلىق تەتىللىك پائالىيەتلىرىنى ساپا مائارىپىنىڭ نىشانىغا كىرگۈزۈپ ، بالىلارنىڭ دەم ئېلىش جەريانىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ھەم ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىمىز .

لېكىن ، خېلى يىللاردىن بېرى مەكتەپ ۋە ئائىلىدە يولغا قويۇلغان ئىمتىھان مائارىپىدا بالىلار قانداق ئۆگىنىشى كېرەك ؟ قانداق كىتاب ئوقۇشى كېرەك ؟ دېگەن مەسىلىلا تەكىتلىنىپ ، بالىلار قانداق دەم ئېلىشى ، قانداق كۆڭۈل ئېچىشى كېرەك ، دېگەن مەسىلە ئەزەلدىن سۆزلەنمىدى ، دەم ئېلىش ، ئويناش يامان بالىلارنىڭ ئىشى دەپ قارالدى . بۇ ئىنتايىن خاتا قاراشتۇر ، ئەمەلىيەتتە دەم ئېلىشنى ئۆگىنىش تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ، ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىدۇر . نۇرغۇن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ يېتىلىشى ياخشى بولمىغانلىقى ، جەمئىيەت تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ ، بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى دەم

ئىلىش كۆنلىرىدە يۈز بىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار نۇرغۇن يامان ئادەتلەرنىمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە شەكىللەندۈرۈۋالىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ دەم ئېلىشنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى بۇ جەھەتتىكى يېتەكلەشنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان مەسىلە. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرىدە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

ئۇنداقتا، بالىلارنىڭ ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرىگە قانداق قىلغاندا ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

**(1) بالىلارنىڭ ئارام ئېلىشقا نىسبەتەن توغرا پوزىتسىيىدە بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك**

بالىلارغا دەم ئېلىش ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىكنى، نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلماسلىقنى، ھۇزۇرنىلۇق ۋە كەيپسىزلىك قىلماسلىقنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئارام ئېلىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى تۇرمۇشنى سۆيۈش، تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۆگىنىش، ئارام ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، بالىلارنىڭ ئارام ئېلىش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ۋە ئارام ئېلىشنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**(2) بالىلارنى ئارام ئېلىش ۋاقتىدا ئومۇمىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك**

ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدا بالىلارنى مۇھىتنى ئاسراش، باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك، خالىغان يەرگە تۈكۈرمەسلىك، مېۋە ـ چېۋە شۆپۈكلىرى ۋە ئەخلەتلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلسە ـ كەلمەس تاشلىماسلىق، تامغا قالايمىقان خەت يازماسلىق، سىزماسلىق قاتارلىق جەھەتلەرگە دىققەت قىلىشقا يېتەكلەش لازىم.

**(3) بالىلارنىڭ ئارام ئېلىش پىلانى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم**

بالىلارنىڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ئارام ئېلىش مەزمۇنلىرىنى تاللىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم. بالىلارنىڭ ئارام ئېلىش تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئاساسلىقى ئۇلارغا ئارام كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئۆگىتىش كېرەك. ھەممە ئىشىغا چات كىرىۋېلىپ، ھەممە نەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. «ھەمراھ بولۇپ ئۆگىنىش» نى ئاز دەپ، يەنە «ھەمراھ بولۇپ ئىمتىھان بېرىدىغان»، ئارام ئېلىشىغىمۇ «ھەمراھ» بولىدىغان ئىشلارنى قىلساق بولمايدۇ. بالىلارغا چوقۇم ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىشىمىز، بالىلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجى ئۇستىدە ئىزدىنىشىگە، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان پائالىيەتلەرنى تاللىشىغا يول قويۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق مەكتەپتىكى بىر تۇتاش پائالىيەتلەردە قانائەتلەندۈرەلمىگەن تەلەپلەرنى تولۇقلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلارنىڭ ئۆزىنى بايقىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار ئالدىن پىلان تۈزۈپ چىقىشى، ئاندىن ئاتا ـ ئانىلار ياردەملىشىپ تەھلىل قىلىشى، تەكلىپ بېرىشى، تۈزىتىپ بېرىشى، مۇۋاپىقلىرى ۋە مۇمكىنچىلىكى بارلىرىنى قوللىشى، مۇۋاپىق بولمىغان تەلەپلەرنى قايىل قىلىپ تۈزىتىشى لازىم.

**(4) ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم**

بالىلارنىڭ ۋاقتىنى كونترول قىلالماي قېلىشىدىن، چېكى يوق ئارام ئېلىشقا بېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ

شەنبە ۋە يەكشەنبىلىك پائالىيىتىنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ، كېيىنكى ھەپتىلىك ئۆگىنىش ھەم تۇرمۇشقا تەسىر يېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

**(5) باللارنىڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك**

بىرىنچى، ياخشى كىتابلارنى ئوقۇش پائالىيىتى. باللار ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇشلۇقلاردىن مەزمۇنى قىسقىراقلىرىنى تالالاپ، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئوقۇسا، مەزمۇنى ئۇزۇنراقلىرىنى يازلىق، قىشلىق تەتىللەردە ئوقۇسا بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش جەريانىدا باللارنىڭ خاتىرە يېزىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، كىتابتىكى بەزى مەزمۇنلارنى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، ئېكسكۇرسىيە ۋە سەيلى - ساياھەت پائالىيەتلىرى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى يېقىن ئەتراپلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا، يېڭى تەرەققىيات رايونلىرىنى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات باغچىلىرىنى، چوڭ زاۋۇتلارنى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى، يېڭى قۇرۇلۇشلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، قىشلىق، يازلىق تەتىللەردە يىراقتىكى تۇغقانلارنى يوقلاشقا ياكى ئاسار ئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق باللارنى تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تۇرمۇش ھەقىقىتىنى تونۇتۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، دەم ئېلىش، بايرام كۈنلىرىدە كىچىك ئەترەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەشكە ئىلھاملاندۇرۇش. ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى ساۋاقداشلىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ باللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، دەم

ئېلىش ، بايرام كۈنلىرىدە كىچىك ئەترەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىشىگە ، ئەترەت ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ قويۇشىغا ، ئەھدىنامىلەرنى تۈزۈشىگە ، پائالىيەت مەزمۇنلىرىنى بېكىتىشىگە ئىلھام بېرىپ ، ئۇنى بالىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى ياخشى شەكلىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك .

تۆتىنچى ، «دوست بولۇش» پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش . بەزى مەكتەپلەر باشقا شەھەر ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپلەر بىلەن دوست بولۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ دوستلىرى بىلەن بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئالاقىلىشىپ تۇرۇشىغا ، دەم ئېلىش ياكى بايرام كۈنلىرىدە ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشىغا ، شۇ ئارقىلىق ئۆزئارا ئۆگىنىپ ، دوستلۇقنى كۈچەيتىشىگە ، باردى ـ كەلدى قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا مەدەت بېرىشى كېرەك .

بەشىنچى ، پەن ـ تېخنىكىلىق ياساش ۋە باقمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش . دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە يازلىق ، قىشلىق تەتىل كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ، بالىلارنىڭ كىچىك نەرسىلەرنى ياسىشىغا ، كىچىك تەجرىبىلەرنى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ۋە قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم . بالىلار كېرەكسىز نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ، كىچىك نەرسىلەرنى ياساپ كۆرسە ، ھەرخىل ئەۋرىشكىلەرنى تەييارلىسا ، ھويلا ـ ئارامىلاردا گۈل ـ گىياھلارنى تېرىسا ، باقمىچىلىق ئىشلىرىنى قىلسا ، بۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى خاتىرىلەپ ، كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرۇپ ،ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى سىناپ كۆرسە بولىدۇ .

ئالتىنچى ، ئائىلە ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش . ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە بالىلارنى تاماق ئېتىش ، ئۆينى تازىلاش ، دېرىزىلەرنى سۈرتۈش ، كىر يۇيۇش ، كۆكتات سېتىۋېلىش

دىگەندەك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش كېرەك. يۇقىرى يىللىقتىكى بالىلارنى ئۆي ئىشلىرىغا بىرەر كۈن ئىگىدارچىلىق قىلدۇرۇپ، ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا سېلىش، كۆكتات ۋە نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا پۇل بېرىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالىلار قانچىلىك سېتىۋېلىش كېرەكلىكى، نېمىلەرنى سېتىۋالسا ئائىلىدىكىلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ، ئىنچىكە ھېسابلاشنى، باھا تالىشىپ سېتىۋېلىشنى، تاماقنى تەييارلاپ داستىخانغا ئەكېلىشنى ئۆگىنىدۇ. كەچتە كۆپچىلىك بىللە ئولتۇرۇپ، تاماق ۋە قورۇمىلارنىڭ سۈپىتى، تەمى، باھاسى قاتارلىقلار ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇلازىمىتى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش. بالىلارنى ئاڭلىق ھالدا كارىدور ۋە ھويلا-ئاراملارنىڭ تازىلىقىنى قىلىشقا، قوشنىلارغا، ئائىلە كومىتېتلىرىدىكى يېتىم-يېسىر ياكى مېيىپلارغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىشكە، مۇھىت تازىلىقىنى نازارەت قىلىشقا، قاتناش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىش كېرەك. بۇ بالىلارنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىش، ئۇلاردا خەلقنى، تەبىئەتنى سۆيىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ياخشى ساپانى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم يولىدۇر.

سەككىزىنچى، ئائىلە يىغىلىشلىرىنى ئۆتكۈزۈش. ئائىلە يىغىلىشلىرى ئالاھىدە، ئېسىل، شەكلى ھەر خىل، ئاساسىي تېمىسى روشەن بولۇشى، يەپ-ئىچىش ئاساس قىلىنماسلىقى، ئىسراپچىلىق قىلىنماسلىقى، ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. يىغىلىشتا بالىلارنى رىياسەتچىلىككە سېلىپ، ئۇلارنىڭ يىغىلىش پىلانى (ۋاقتى، ئورنى، نامى،

مەزمۇنى، چاقىرىلىدىغان ئادەم سانى، قىلىنىدىغان تەييارلىقلار) تۈزۈشكە، مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىش (تېلېفون بېرىش، باغاق تارقىتىش، خەت يېزىش، ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش) قا، ئۆيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا، مېھمانلارنى كۈتۈپ - ئۇزىتىپ قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

توققۇزىنچى، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش. ئارام ئېلىش ۋە بايرام كۈنلىرىدىكى ئۆگىنىش پائالىيىتى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

① مەكتەپتە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەش. ئارام ئېلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا بەزى باللار ئارام ئېلىش ۋاقتىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ياكى ئاخىرقى كۈنلىرىدە تاپشۇرۇقلىرىنى زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەپ تۈگىتىدۇ. بۇ ئىككىلا خىل ئۇسۇل توغرا ئەمەس، چۈنكى بىرلا ۋاقىتتا يىغىپ ئىشلەش ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى مۇستەھكەملەشكە ۋە ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىسىز، ئادەتتە ئۆگىنىشى ئانچە ياخشى بولمىغان باللار ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە ئازراق كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىلگىرى ئۆگەنگەن مەزمۇنلىرىنى، بولۇپمۇ «خام قالغان» يەرلەرنى تولۇقلاش كېرەك.

② باللار ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇننى تاللاش كېرەك. باللارنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۇلارنى مۇناسىۋەتلىك كۇرۇژۇكلارغا قاتناشتۇرۇشقىمۇ، ئۇقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىشقىمۇ بولىدۇ، باللار ئۈچۈن قانداق مەزمۇننى ئۆگىنىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش، قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىش، ئۆگىنىش ئىرادىسى ۋە روھىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

③ كەڭ دائىرىلىك ئۆگىنىش. مەسىلەن، كۇتۇپخانا،

قىرائەتخانا ، مۇزېيخانا ، كۆرگەزمىخانا ، خاتىرە سارىيى ، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىش ، پەن ـ تېخنىكا ، رەسىم ۋە ھۆسنخەت كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ، مۇزىكا كېچىلىكلىرىگە بېرىش ، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق بالىلار ماتېرىيال توپلاپ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم .

ئونىنچى ، يىغىپ ساقلاش پائالىيىتى . ئەھمىيەتلىك بىرەر بۇيۇمنى يىغىپ ساقلىغاندا ، بالىلارنىڭ سەۋرچانلىقىنى يېتىلدۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى بېيىتقىلى ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ . يىغىپ ساقلاشقا بولىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ، مەسىلەن ، پوچتا ماركىسى ، ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىشىك بېلىتى ، كەمپۈت قەغىزى ، ئىزناك ، تەڭگە پۇل ، ئاتكرىتكا قاتارلىقلار . . . . . .

ئون بىرىنچى ، كۆڭۈللۈك ئارام ئېلىش پائالىيەتلىرى . ئادەتتىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئائىلىدە تەنتەربىيە ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ ، مەسىلەن ، ئەتىگەندە يۈگۈرۈش ، توپ ئويناش ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن مېڭىپ بېرىش ، شاھمات ئويناش ، تېلېۋىزور كۆرۈش ، مۇزىكا ئاڭلاش قاتارلىقلار .

**(6) بالىلارغا ئارام ئېلىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش**

مەسىلەن ، بالىلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كىتاب ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ، ئۈنئالغۇ ، چالغۇ ئەسۋابلىرى ، تەنتەربىيە سايمانلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ ، بالىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ، بالىلارغا دەم ئېلىشقا ئائىت بىلىملەرنى ، ماھارىتىنى ئۆگىتىش ، بالىلارنىڭ ئارام ئېلىش پائالىيىتى جەريانىدا يۈز بەرگەن تاسادىپىي ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئارام ئېلىش پائالىيىتىگە يېتەرلىك

www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەت بېرىپ ، باللارنى پائالىيەت جەريانىدا يېتىلدۈرەيلى ، ئارام ئېلىش پائالىيىتى پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ، ئەڭ تېتىك پائالىيىتى بولسۇن ، باللار ئۈنىڭدىن ئەڭ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشسۇن .

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1 . بالىڭىزنىڭ تەتىلدىكى پائالىيەت پىلانىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىڭ .

2 . شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلىرىدە بالىڭىزنىڭ بىر قېتىم «ئائىلە يىغىلىشى» ئۆتكۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىڭ .

3 . ئارام ئېلىش قارىشىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىزنىڭ توغرا - خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىڭ .

# بالىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلايلى

جەمئىيەتنى تونۇپ، ئازدۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن يىراق تۇرۇش، چېرىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، چوقۇم ياشاش ئېڭى بولۇشى، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى قۇتقۇزۇشنى ئانچە-مۇنچە ئۆگىنىپ قويۇشى لازىم.

پارىنىكتا شەمشاد ئۆستۈرگىلى، هويلىدا تۇلپار يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ.

مەملىكىتىمىزدە قۇرامىغا يەتمىگەن 360 مىليون ئادەم بار، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى. پارتىيە ۋە دۆلەت قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىدۇ. 1991-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نى ماقۇللىدى، 1999-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يەنە «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» نى ماقۇللىدى، شۇنداق قىلىپ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتىگە ئايلاندى. لېكىن، تەبىئىي ئاپەت، كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش ۋە جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان تەهدىتى هەر ۋاقىت مەۋجۇت، بىز بۇنىڭغا يۈكسەك ئەهمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئاتا-ئانىلار،

www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ ھاياتىنى قەدىرلەيلى، ئۇلار بىخەتەر، بەختلىك ئۆسۈپ يېتىلسۇن.

## 1. بالىلارنىڭ تاسادىپىي زەخىملىنىش ئەھۋالى

جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى خېبېي ئۆلكىسى بالىلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش بازىسىنىڭ بالىلارنىڭ كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان سوئال ـ جاۋابلىق تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تەكشۈرۈلگەنلەر ئىچىدە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ياكى ئىدارىدىكىلەرنىڭ بالىلىرى «كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىشكە ئۇچرىغان» ياكى «ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق» دەپ جاۋاب بەرگۈچىلەر 70.33% نى، زەخىملىنىشكە ئۇچرىمىغانلار 29.67% نى ئىگىلىگەن. قايسى خىلدىكى كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش ئەڭ كۆپ بولغان، دېگەن تېمىدىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تاللىغان رەت تەرتىپى مۇنداق بولغان: قاتناش ۋەقەسى، سۇغا چۆكۈپ كېتىش، توك سوقۇۋېتىش، ئوت ئاپىتى ۋە ئوتتا كۆيۈپ كېتىش؛ باشقا زەخىملىنىشلەردىن ئالداپ ئېلىپ كېتىش، يولدىن چىقىپ چۈشكۈنلىشىش، دېھقانچىلىق دورىسى ۋە باشقا نەرسىلەرنى خاتا يەپ سېلىش، يىرتقۇچ ھايۋانلار تەرىپىدىن زەخىملىنىش، زوراۋانلىق، جىنسىي زىيانكەشلىككە ئۇچراش قاتارلىقلار. زىيارەت جەريانىدىكى نۇرغۇن ئىشلار كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر شەھەردىكى بالىلار كۆڭۈل ئېچىش مەيدانىدا تىجارەت باشلىنىپ ئىككى سائەت بولمايلا، 10 ياشلىق بىر قىزنى توك سوقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. 13 ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئاتا ـ ئانىسى دائىم سوقۇشىدىغان بولغاچقا، نەسىھەت ئاڭلىتالماي، ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، دېھقانچىلىق دورىسى

ئىچىۋېلىپ ئۆلۈۋالغان، ئانىسى مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆلۈۋالغان. 5 ياشلىق بىر بالا دادىسى موتىسكلىت رېمونت قىلىۋاتقاندا، قولىنى زەنجىرگە يېقىن ئاپارغان، دادىسى موتىسكلىتنى ئوت ئالدۇرغاندا، زەنجىر بالىنىڭ قولىنى سۆرەپ كىرىپ كېتىپ، ئۈچ بارمىقىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىسى ئېلىمىزدە بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، 80 - يىللاردىن بۇيان قۇرامىغا يەتمىگەنلەر جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە يېشى بارغانسېرى كىچىك بولۇش، گۇرۇھلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، جىنايەت تۈرلىرى ئۇرۇشۇپ جېدەل قىلىش، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، زەھەر سېتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، گۆرۈگە ئېلىش قاتارلىقلارغا چېتىلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 80% ى ئورتاق جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر ئىكەن. دېمەك، بۇ خىل جىنايەتلەر ئاساسەن قاراملىقتىن، ئاقىۋەتنى ئويلىمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوغداش ئۈچۈن، ئائىلىدىكى قانۇن تەربىيىسىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. بالىلارنىڭ تاسادىپىي زەخىملىنىشىنىڭ سەۋەبى

### (1) ئاتا - ئانىلارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭى تۆۋەن

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىخەتەرلىك خۇددى يېيىش، ئىچىش، كىيىش، ئۇخلاشقا ئوخشاشلا مۇھىم. بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى قوغداش ھەر بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتا ـ ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى . لېكىن ، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجى «مەكتەپكە چىقىش ، تەربىيە ئېلىش ، ھەر خىل كەسپلەرنى ئۆگىنىش» دەپ ھېسابلايدۇ . تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ، 98.6% ئاتا ـ ئانا كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيدىكەن ، «ئازراق بىلىمىز» ، «ئاڭلىغان» دېگۈچىلەر 76.66% نى ئىگىلەيدىكەن . مانا بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئائىلە سايمانلىرىنى ئورناتقاندا ياكى خەتەرلىك بۇيۇملارنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ، بالىلارغا يېتىدىغان كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىشنى كەمدىن ـ كەم ئويلايدۇ . كۆپىنچە ھاللاردا ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىلىمسىزلىكى ، بىخەستەلىكى ۋە قوغداش ، ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن تاسادىپىيلىقلار مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ .

**(2) بالىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ھەققىدىكى بىلىمى يېتەرلىك ئەمەس**

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ، 30.04% ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا بىخەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارغان . 4.1% ئاتا ـ ئانا تېخى بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەربىيە ئېلىپ بارمىغان . تەكشۈرۈش جەريانىدا ، بالىلار ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ زەخىملەنگەن ، سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كەتكەن ، ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشكەن ، دەرەخكە يامىشىپ زەخىملەنگەن ، دېھقانچىلىق دورىسى ۋە چاشقان دورىسىنى خاتا ئىچىۋالغان ، كۆيۈپ يارىلانغان ئەھۋاللار مەلۇم بولغان . بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى ، بىرىنچىدىن ، بالىلارنىڭ تونۇش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بالىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا ، ھەر خىل شەيئىلەرگە قىزىقىپ ، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ باققۇسى ، تۇتۇپ باققۇسى ، سىناپ باققۇسى كېلىدۇ ، كاللىسىدا خەتەر چىقىدۇ ، دېگەن

ئۇقۇم بولمايدۇ . ئىككىنچىدىن ، بالىلارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . بالىلار بىرەر ئىشنى قىلغاندا ، ئاسانلا ھاياجانلىنىدۇ ، ئاقىۋەتنى ئويلىمايدۇ ، بىخەتەرلىكنى ئېسىدە تۇتمايدۇ . سانجى شەھىرىدىكى بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بىللە ئويناۋېتىپ «ئۈچ قەدەمدە يىقىلىدۇ» دېگەن بىر خىل چاشقان دورىسىنى يەپ سىناپ باققان ، نەتىجىدە قاتتىق زەھەرلىنىپ ، دوختۇرلارنىڭ قۇتقۇزۇشىمۇ ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن . بەزى بالىلار دائىم يوللاردا ۋېلىسىپىت ھەيدىگەندە چاقچاقلىشىپ ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئوينايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرايدۇ . بەزى بالىلار بىر - بىرىگە تاش - كېسەك ئېتىشىپ ئويناپ ، زەخىملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

بالىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە بىخەتەرلىك ئېڭىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىنى تۈپ ئېگىزىدىن ئالغاندا ، مەكتەپ ، بولۇپمۇ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان . مەلۇم بىرەيلەن «سىلەر بىنادا ئولتۇرىدىكەنسىلەر ، ئەگەر ئۇشتۇمتۇت يەر تەۋرەپ قالسا قانداق قىلىسىلەر ؟» دەپ سورىغاندا ، 6 - يىللىقنىڭ 10 نەپەر ئوقۇغۇچىسى خىلمۇ خىل جاۋاب بەرگەن . بەزىلىرى بىنانىڭ ئۈستىگە يۈگۈرەيمىز ، دېسە ، بەزىلىرى بىنادىن سىرتقا يۈگۈرەيمىز ، دېگەن ، بەزىلىرى بىنادىن سەكرەيمىز ، دېسە ، بەزىلىرى چوڭلارنى چاقىرىمىز ، دېگەن ، بەزىلىرى بولسا قانداق قىلىشنى بىلمەيمىز ، دېگەن ، ئايرىملىرى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالىمىز ، دەپ جاۋاب بەرگەن . ئەمەلىيەتتە ، ئۆي ئىچىدىكى ئەڭ تار بوشلۇقنى ، مەسىلەن ، تازىلىق ئۆيى ، ئاشخانا قاتارلىقلارنى تاللاپ مۇداپىئەلىنىش كېرەك . بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ . ئۇنداقتا راستتىنلا يەر تەۋرەپ قالسا قانداق ئەھۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز بېرىدۇ؟ مەلۇم بىرەيلەن يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش ھەققىدىكى بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇلاردىن «ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرگە قارىتا سىزنىڭ روھىي تەييارلىقىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، 95٪ بالا ھېچقانداق روھىي تەييارلىقى يوقلۇقىنى، ھەتتا بەزى بالىلار «ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇلاردىن يەنە «ئوت ئاپىتى قانداق جايلاردا كۆپ يۈز بېرىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، 60٪ تىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى تېلېۋىزور ۋە كىنولاردا يۈز بېرىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

1994- يىلى 12- ئاينىڭ 8- كۈنى قارامايدا يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتىدە ھايات قالغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئەڭ ئېغىر كۆيۈپ يارىلانغىنى 13 ياشلىق ياڭ ليۇ ئىدى، ئۇنىڭ كۆيۈك دائىرىسى 90٪ كە يەتكەن، ئۇ ئوت ئاپىتى بايقىلىشتىن ئىلگىرى ھاجەتخانىغا بارغان، ئوت كەتكەنلىكى بايقالغاندىن كېيىن ئۇ ھاجەتخانىدىن چىقىپ كىشىلەر توپى بىلەن بىرلىكتە سىرتقا قاراپ يۈگۈرگەن، بۇ چاغدا ئۇ ھېچقانداق يارىلانمىغانىدى، ئۇ بىر نەچچە قەدەم چامدىسىلا كۆلۈب دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتەلەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ سومكىسى ۋە كىيىملىرىنىڭ كۆلۈب ئىچىدە قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، كەينىگە يېنىپ كىرگەن. بۇ چاغدا كۈچلۈك ئوت پۈتۈن كۆلۈبقا تۇتىشىپ، ئوت ئېقىنى ئۇنى يەرگە يىقىتقان، ئۇ ھېچنىمىنى سەزمىگەن. . . . ئەگەر ياڭ ليۇنىڭ كاللىسىدا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئېڭى بولغان بولسا، ئەگەر مەكتەپ ۋە ئائىلە ئۇنىڭغا بۇ جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بارغان بولسا، ئۇ كەينىگە قايتىپ سومكىسى ۋە كىيىمىنى ئېلىش ئۈچۈن كىرمىگەن بولاتتى.

## (3) بالىلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بىخەتەر ئەمەس

بىرىنچى، ئائىلىمۇ ئانچە بىخەتەر ئەمەس. مەيلى شەھەر ئائىلىلىرىدە بولسۇن، ياكى يېزا ئائىلىلىرىدە بولسۇن بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئاساسلىقى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بىلەن ئوت ئاپىتى مۇھىم خەۋپ بولماقتا. بالىلارنىڭ كۆيۈپ يارىلىنىشىنى شەھەرلەردە ئاساسلىقى ئاشخانا ئەسلىھەلىرى ۋە قايناق سۇ سايمانلىرىنىڭ مۇۋاپىق قويۇلمىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېزىلاردا بولسا ئوت ئويناش، ئوچاقتا ۋە مەشتە كۆيۈش ئاساسلىق ۋەقە مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. شەھەرلەردە كۆمۈر گازى ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بالىلارنىڭ بوغۇلۇپ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يېزىلاردا بولسا كۆمۈر گازىدىن زەھەرلىنىش، دېھقانچىلىق دورىسى ۋە چاشقان دورىسى دائىملىق خەۋپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، مەكتەپتىمۇ كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەندە تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى ۋە قوپال ھەرىكەتلەرنىڭ بالىلارغا خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەگەر كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ياخشى تەشكىللەنمىسە، باشقۇرۇش كۈچلۈك بولمىسا، بۇنىڭدىمۇ كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە، دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋاقتىدا باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار ئىشىكتىن قىستىلىشىپ چىقىپ، پەلەمپەيدىن گۈلدۈرلىشىپ چۈشۈپ، يىقىلىپ دەسسىلىپ كېتىدىغان ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىۋالىدىغان، ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ بىر - بىرىنى زەخىملەندۈرىدىغان، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا

قاتتىق تەن جازاسى يۈرگۈزۈپ زەخىملەندۈرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە .

ئۈچىنچى ، جەمئىيەتتە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان خېيىمخەتەرلەر مەۋجۇت . باللار جەمئىيەتتە ئاسانلا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرايدۇ ، ئالداپ كېتىلىدۇ ، يوقاپ كېتىدۇ ، سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ . بەزى شوپۇرلار ماشىنىنى ئۆزى بىلگەنچە ھەيدەيدۇ ، بەزى باللار يولدا قانداق ماڭغۇسى كەلسە شۇنداق ماڭىدۇ ، قاتناش ۋەقەسى باللارنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىرىنچى يوشۇرۇن ھادىسە . ئىككىنچىسى ، كۆڭۈل ئېچىش ماشىنىسى . ھازىر چوڭ شەھەرلەردىكى ھايۋانات باغچىلىرىغا ، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزىگە ۋە باغچىلارغا كۆڭۈل ئېچىش ماشىنىلىرى تولۇپ كەتتى ، كۆڭۈل ئېچىش ماشىنىسىدا ئويناش بىر خىل خۇشاللىق ئىش ، لېكىن لاياقەتسىز كۆڭۈل ئېچىش ماشىنىلىرى باللارنىڭ بىخەتەرلىكىگە زور تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ . ئۈچىنچىسى ، يېزىلاردىكى كۆل ، ئۆستەڭلەر . بۇ يەرلەردە دائىم باللار سۇغا چۆكۈپ كېتىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ . تۆتىنچىسى ، ئالداپ كېتىش ۋە زوراۋانلىق . بەشىنچىسى ، قۇرۇلۇش ۋە سانائەت ئەخلەتلىرى . ئالتىنچىسى ، ھەر خىل سۈپەتى ناچار باللار يېمەكلىكلىرى . يەتتىنچىسى ، باللار ئويۇنچۇقلىرى .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جەمئىيەتتە باللارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ھەر خىل يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى ئاتا ـ ئانىلار ئوبدان چۈشىنىشى ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىشى ، بۇنى باللارغا سۆزلىشى ، باللارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ، قۇتقۇزۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى لازىم .

## 3 . بالىلارغا بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟

### (1) بالىلارغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، ئۇنى يېڭىشكە ئۈندەش كېرەك

تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىق بولماي قالمايدۇ، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ھەر ۋاقىت، ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان توسالغۇ ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييار تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ بەزى نامۇۋاپىق تەلەپلىرىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، مەقسەتلىك ھالدا بەزى توسالغۇلارنى پەيدا قىلىشى، ئۇنى ئامال قىلىپ يېڭىشكە ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم. مەلۇم بىر چوڭ شەھەردىكى باشلانغۇچ 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا كىرنى قولدا يۇيۇش، ئەپكەشتە سۇ توشۇش، كۆمۈردە ئوت قالاش، ياغۇنچاقتا ئۇن تارتىش قاتارلىق يېڭى تېمىنى چىقارغان. بەزى تەدبىرلىك ئاتا - ئانىلاردا «ھەر قانچە بېيىپ كەتسەكمۇ بالىلارنى نامراتراق قويۇشىمىز»، كېيىنكى ئەۋلادلارغا «ئوڭدا يېتىپ يەيدىغان» راھەتلىك مۇھىت قالدۇرماسلىقىمىز، بەلكى بەزى مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، بالىلارنى ئازراق جاپا چەككۈزۈشىمىز، كۆپرەك چېنىقتۇرۇشىمىز لازىم، دەيدىغان ئورتاق قاراش بار. ھەرقانداق تەلىم - تەربىيە بالىلارنىڭ كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتىدۇ. بەزى مەكتەپلەر ئاتا - ئانىلار بىلەن بىرلىكتە بالىلارنى ئېگىز تاغلارغا يامىشىش، چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئۆتۈش، كېچىدە ئۆي - ماكانىنى تېپىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**(2) باللارغا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزىنى قوغدىشىدا ئائىت تېپىك مىساللارنى دائىم سۆزلەپ بېرىش كېرەك**

مەسىلەن، ئامېرىكىلىق 6 ياشلىق بىر بالا ئوت ئۆچۈرۈش جىددىي تېلېفونىغا تېلېفون ئۇرۇپ، يۈرەك كېسەللىكى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ قالغان ئاپىسىنى قۇتقۇزغان؛ ئاۋستىرىيىلىك ئىككى بىلىكى يوق بالا قەلەمنى چىشلەپ تۇرۇپ تېلېفون نومۇرىنى بېسىپ ئۆزىنى قۇتقۇزغان؛ يۇننەنلىك 14 ياشلىق قىز بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن 20 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ، قىيادىن تامچىپ چۈشكەن سۇنى ئىچىپ يېرىم ئاينى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇلغان.

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدىكى گۇلۇ خاۋ ئىسىملىك بىر بالا بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئالداپ خېنەن، خېبېي يېزىلىرىغا سېتىۋېتىلگەن. ئۇ ئېغىر مۇشەققەتلەرنى چەككەن بولسىمۇ، ئەقىللىق ھەم باتۇر بولغاچقا، ئاخىر «يولۋاس ئاغزىدىن» قېچىپ قۇتۇلۇپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن پۈتۈن بەدىنى جاراھەتلەنگەن ھالدا ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن. گۇلۇ خاۋ شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىسىگە قايتىپ كېلەلىگەنكى، ئۇنىڭدا قەيسەرلىك بىلەن ياشاش، ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسى بار؛ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىشەنچىسى ۋە جاسارىتى بار؛ يۈنىلىشنى پەرق ئېتەلەيدىغان جۇغراپىيە بىلىمى بار. ئۇ تۇرمۇشتا ئۆزىنى قامدىيالايدۇ، قورسىقى ئاچسا، ئۇسسىسا، ئاغرىپ قالسا قانداق قىلىشنى بىلىدۇ. . . . بۇ ئىش بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، باللار بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قالسا، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغىنى جەمئىيەت ۋە قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمىدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشتۇر.

باللار يۇقىرىدىكى مىساللاردىن بىر خىل روھنى ، قەيسەر ئىرادىنى ۋە چارە - ئامالنى بىلىپ يېتىپ ، ياشاش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك .

**(3) قەھرىمان نەمۇنىچىلەر ۋە ئالىملارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئارقىلىق باللارنى تەربىيىلەش كېرەك**

قەھرىمان نەمۇنىچىلەر ۋە ئالىملارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئەگرى - توقاي بولىدۇ ، ئۇلار سان - ساناقسىز ئوڭۇشسىزلىقلارغا ، مەغلۇبىيەتكە ، شۇنداقلا ئادەتتىكى ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان جاپا - مۇشەققەت ۋە خېيىمخەتەرگە دۇچ كېلىدۇ . شۇڭا ، باللارنى قەھرىمان شەخسلەرنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ ، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ ، غالىبلاردىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم .

**(4) ئائىلىدىكى قانۇن تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك**

ئاتا - ئانىلار قانۇن ئۆگىنىشى ، قانۇننى چۈشىنىشى ، قانۇنغا رىئايە قىلىشى ، رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا بىرلەشتۇرۇپ باللارغا قانۇن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى ؛ باللارنىڭ ئوخشاشمىغان ياش ئالاھىدىلىكى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن ، ئۇلارغا بەزى قانۇن بىلىملىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلدۇرۇپ ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت پۇقرالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەرىكەت قائىدىسىنى ئوبدان ئىگىلىتىش ؛ ھېكايىلەرنى ، ئەمەلىي مىساللارنى سۆزلەپ بېرىش ، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇتۇش ، كىنو - تېلېۋىزور كۆرستىش ، ئۆسمۈرلەر سوتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش ، قانۇن بىلىملىرى مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قانۇن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**(5) باللارغا زۆرۈر بولغان جىنسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك**

باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە ئاساسەن، ئۇلارغا زۆرۈر بولغان جىنسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا باللار (ئوغۇللار) نىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئويناپدىغان يامان ئادىتىنى تۈزەتكىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، قىزلارنىڭ يامان ئادەملەر تەرىپىدىن جىنسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. باللارغا قارىتا جىنسىي زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قانداق ساقلىنىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش باللارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىنسىي تەربىيىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ بالىلىق پاكلىقىنى قوغداشنى ئۆگىتىشى، مەيلى تونۇش ياكى ناتونۇش ئادەم بولسۇن، جىنسىي ئەزاسىغا چېقىلىدىغان كىشىنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى ئوچۇق ئېيتىشى لازىم. بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، باللار ئاتا - ئانىلىرىغا ۋاقتىدا ئېيتىشى كېرەك.

## 4. باللارغا ئۆزىنى قوغداشنىڭ بەزى كونكرېت ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش كېرەك

بەختسىزلىككە ۋە خەتەرگە يولۇققاندا، باللار دائىم نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ، باللارغا ناتونۇش ئادەملەردىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈش، ئوت ئاپىتىگە يولۇققاندا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئاتا - ئانىلار باللارغا چوقۇم قانداق ئىشقا يولۇققاندا نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئېنىق

چۈشەندۈرۈشى لازىم . تۆۋەندە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان 10 خىل ئەھۋال ۋە ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا كىچىك دوستلارغا پايدىلىنىش ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىمىز :

بىرىنچى ، سىز ئاپىڭىز بىلەن چوڭ ماگىزىنغا نەرسە سېتىۋالغىلى بېرىپ ، بىر نەرسىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدىڭىز ، بىر دەمدىن كېيىن ئاپىڭىزنى تاپالمىدىڭىز . بۇ چاغدا سىز ماگىزىننىڭ مەسئۇلىغا ياكى فورما كىيگەن ئامانلىق ساقلاش خادىمىغا ئاپىڭىزنى تاپالمىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ . ھەرگىز خالىغان بىر چوڭ ئادەمگە ئاپامنى تاپالمايۋاتىمەن ، دېمەڭ .

ئىككىنچى ، سىز ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغان چاغدا بىرى ئىشىكنى چەكسە ، بۇنداق چاغدا ئۇ ناتونۇش ئادەم بولۇپ قالسا ياكى ئۆيىڭىزگە بىر ـ ئىككىلا نۆۋەت كەلگەن ئادەم بولسا ھەرگىز ئىشىكنى ئاچماڭ ، زۆرۈر تېپىلسا ئىشىكنى ئېچىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىڭىز مېنى سىزنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان دېسىمۇ ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەڭ . سىز ئۇ ئادەمگە ، ئاتا ـ ئانام ئارام ئېلىۋاتىدۇ ياكى ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ ، دەڭ . ئاندىن ئاتا ـ ئانىڭىزغا ۋە قوشنىڭىزغا تېلېفون بېرىڭ .

ئۈچىنچى ، سىز ئۆيىڭىزگە پىيادە قايتىپ كېلىۋېتىپ ، بىرىنىڭ كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىڭىز . بۇ چاغدا سىز يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ ياكى باشقا يولغا كىرىپ ئۇ ئادەمدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇڭ . ئەگەر ئۇ ئادەم يەنىلا سىزگە ئەگىشىپ كېلىۋەرسە ، ئادەم كۆپ بولغان ماگىزىن ياكى تۆت كوچا ئاغزىغا يۈگۈرۈپ بېرىۋېلىڭ . ئەگەر ئۆيىڭىزدە ئادەم بولمىسا ، ۋاقتىنچە ئۆيگە قايتماڭ .

تۆتىنچى ، كېچىدە ھەممەيلەن ئۇخلاۋاتقاندا ، بۇرنىڭىزغا بىر نەرسە كۆيگەن پۇراق سېزىلىپ ئويغىنىپ كەتسىڭىز ، بۇ چاغدا «ئوت كەتتى !» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپ ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىپ ،

سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىۋېلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، لىفتنى ئىشلەتمەڭ. ئەگەر ئىس قاپلاپ كەتكەن بولسا، ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىڭ. ئەگەر ئېگىز بىنادا بولۇپ قالسىڭىز، ھەرگىز دېرىزىدىن سىرتقا سەكرىمەن دېمەڭ. ياغلىق ياكى بىرەر نەرسىنى پۈلاڭلىتىپ بەلگە بەرسىڭىز، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر سىزنىڭ ئۆي ئىچىدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئىمكانقەدەر يەردە يېتىۋېلىڭ، چۈنكى يەر يۈزىدە ئىس ـ تۈتەك بىرقەدەر ئاز بولىدۇ؛ ئەڭ ياخشىسى ھۆل لۆڭگە بىلەن ئېغىز ۋە بۇرنىڭىزنى ئېتىۋېلىپ قۇتقۇزۇشنى كۈتۈڭ.

بەشىنچى، سىز ئۆيدىكى چوڭ ئادەمنىڭ قىمىر قىلماي ياتقانلىقىنى كۆرسىڭىز ھەم ئۇنى سىلكىپمۇ ئويغىتالمىسىڭىز، بۇ چاغدا ئەگەر ئۆيىڭىزدە تېلېفون بولسا، «112» گە ياكى «110» غا تېلېفون بېرىپ، قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرىڭ ياكى قوشنىڭىزدىن ياردەم سوراڭ.

ئالتىنچى، سىز ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر يېرىڭىزنى كېسىۋالسىڭىز. ئەگەر قان توختىمىسا، دەرھال پاكىز لۆڭگە بىلەن ئوراپ قاننى توختىتىڭ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىڭىز ياكى قوشنىلىرىڭىزنى تېلېفون بېرىپ چاقىرىڭ.

يەتتىنچى، سىز سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىر دوستىڭىز بىلەن دەريا بويىدا ئويناۋاتقاندا، ئۇ سۇغا چۈشۈپ كەتسە. ئەگەر سىز سۇدىن ئادەم قۇتقۇزۇشنى بىلمىسىڭىز ھەرگىز سۇغا سەكرەپ چۈشمەڭ. ئەڭ ياخشىسى «ئادەم قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراڭ، يېنىڭىزدا شال ياكى ياغاچ بولسا، دوستىڭىزغا تاشلاپ بېرىڭ ياكى دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ، بىرتال ئۇزۇن تاياقنى ياكى دەرەخ شېخىنى دوستىڭىزغا سۇنۇپ، ئۇنى قىرغاققا تارتىپ چىقىرىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، قولىڭىزنى بەك يىراققا ئۇزارتماڭ، چوقۇم يەردە بېغىرلاپ

يېتىلىڭ ، بولمىسا ، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ ، ئاسانلا سۇغا چۈشۈپ كېتىسىز .

سەككىزىنچى ، سىز ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىۋاتقاندا ، ناتونۇش بىر ئادەم ئۇچراپ سىزگە ياردەملەشمەكچى بولغان بولسا ، بۇ چاغدا سىز بۇ ئادەمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭ . ئەگەر ئۇ سىزنىڭ رەت قىلىشىڭىزغا پەرۋا قىلماي ، يېقىنچىلىق قىلىپ ، زادىلا ياردەم قىلىمەن ، دەپ سۆزلەۋەرسە ، دىققىتىڭىزنى قەستەن چاچماقچى بولسا ، ئۇ يامان ئادەم بولۇشى مۇمكىن . سىز ھوشيار بولۇپ ، ئېھتىيات قىلىڭ . ئۇ سىزگە ئەگىشىپ ئۆي ئالدىغا كەلسە ھەرگىز ئۆيگە كىرگۈزمەڭ .

توققۇزىنچى ، يولدا سىزنى ماشىنا ياكى ۋېلىسىپىت سوقۇۋەتسە ، ئۇنلۇك ۋارقىراپ ۋەقە سادىر قىلغۇچىنى قاچۇرۇپ قويماڭ ، يولدىن ئۆتۈۋاتقانلاردىن ياردەم سوراڭ . ماشىنىنىڭ نومۇرىنى ياكى ۋېلىسىپىت مىنگەن كىشىنىڭ ئىدارىسى ، ئىسمى ، ئولتۇراق جايى ھەم چىراي شەكلىنى بىلىۋېلىڭ ، ئاندىن ئۆيىڭىزدىكىلەرگە ياكى تۇغقانلىرىڭىزغا (باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ) تېلېفون بېرىڭ .

ئونىنچى ، ناتونۇش بىر ئادەم بىر بولاق نەرسىنى تۇتۇپ تۇرۇڭ ، دەپ سىزگە بەرسە ، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا سىز سەۋەب كۆرسىتىپ رەت قىلسىڭىز بولىدۇ . ئەگەر چوقۇم ساقلاپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالسا ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراڭ ھەم ئېچىپ قاراپ بېقىڭ ، ئەڭ ياخشىسى ئۇچىنچى بىر كىشىنى گۇۋاھچى قىلىڭ ، ھەرگىز قاراملىق قىلماڭ .

ئاتا ـ ئانىلار شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى قىياس قىلىپ ، بالىلار بىلەن مۇزاكىرە قىلسا ياكى ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ . بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندا ئېسىدە قالىدۇ ، بۇنىڭدىن

باشقا، ئائىلىدە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ، يەر تەۋرەش ، كۆيۈك ۋە يىقىلىپ زەخمىلەنگەننى قۇتقۇزۇش قاتارلىق پراكتىكا ۋە مەشىقلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ ، چۈنكى نۇرغۇن باللار ئادەتتە نېمە قىلىشنى بىلسىمۇ ، لېكىن ھەقىقىي خەتەرگە دۇچ كەلگەندە تەمتىرەپ قالىدۇ .

［مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات］

1 .بالىلارنىڭ ئۆشتۆمتۆت زەخمىلىنىش ئەھۋاللىرىدىن قايسىسىنى بىلىسىز ؟

2 .بالىلارنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش مىسالىدىن ئىككى-ئۈچنى دەپ بېرىڭ .

3 . بالىلىرىڭىز ئائىلىنىڭ ، قوشنىلارنىڭ ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىدارىسىنىڭ ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ۋە دوختۇرخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېسىدە تۇتۇۋالسۇن .

# بالىلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلايلى

گۈزەللىك ھەممىلا يەردە مەۋجۇت ، مەسىلە گۈزەللىكنى بايقاشتا .

رەسسام ، ھەيكەل ، مۇزىكا ، شېئىر ھەممىدە خىلمۇ خىل تەبىئەت گۈزەللىكلىرىدىن پەيدا بولغان ھېسسىيات بولمىسا ، كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىمۇ بولمايدۇ .

گۈزەللىك —— ئەخلاقنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ، مەنىۋىيەتنى بېيىتىشنىڭ ۋە جىسمانىي مۇكەممەللىكنىڭ مەنبەيى .

گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىيتى . بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە گۈزەل شەيئىلەر ، گۈزەل قەلبلەر ھەر ۋاقىت ، ھەر يەردە تېپىلىدۇ . لېكىن ، تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكنى ھەممىلا ئادەم بايقاپ ھېس قىلالىشى ناتايىن . خۇددى فرانسىيىلىك مەشھۇر ھەيكەلتاراش رودېن ئېيتقاندەك : «گۈزەللىك ھەممە يەردە بار . مەسىلە ئۇنى بايقاش ـ بايقىيالماسلىقتا .» چۈنكى ، گۈزەللىكنى ھېس قىلىدىغان ، گۈزەللىكنى يارىتىدىغان ئىقتىدار ۋە توغرا بولغان گۈزەللىك قارىشى تۇغما بولمايدۇ ، شۇنداقلا تەبىئىي شەكىللىنىپمۇ قالمايدۇ ، ئۇ تەربىيە ۋە مەشىق ئارقىلىق يېتىلىدۇ . بالىلارنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلسۇن ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلسۇن دېسەك ، چوقۇم بالىلارغا قارىتا گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز ، بالىلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1 . ئائىلىدىكى گۈزەللىك تەربىيىسى بالىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ

گۈزەللىك تەربىيىسى بولمىغان تەربىيە مۇكەممەل تەربىيە ھېسابلانمايدۇ . بالىلارنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەخلاق تەربىيىسى ، ئەقلىي تەربىيە ۋە جىسمانىي تەربىيە ئەلۋەتتە مۇھىم ، لېكىن گۈزەللىك تەربىيىسى كەم بولسا بولمايدۇ ، چۈنكى گۈزەللىك تەربىيىسى بىلەن ئەخلاق تەربىيىسى ، ئەقلىي تەربىيە ۋە جىسمانىي تەربىيە زىچ مۇناسىۋەتلىك .

گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن بالىلاردا ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت . گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە . گۈزەللىك بەدىئىي ئوبراز ۋە كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇ ئادەمنىڭ مىجەز ، خۇلقىنى تاۋلايدۇ . ئېستېتىك ھېسسىيات ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ . مەسىلەن ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى ، ھەرقايسى جايلاردىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەرنى سەيلى ـ ساياھەت قىلغاندا ، ھەر خىل مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن ، مىللىي غۇرۇرىنى ئاشۇرۇپ ، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنى ھاياتنى سۆيۈشكە ، گۈزەل كېلەچەك يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ . گۈزەللىك تەربىيىسى يەنە بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . ئۇ بالىلارنىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن ، يەنە بىلىمىنى بېيىتىپ ، دۇنياني

تېخىمۇ ياخشى تونۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. گۈزەللىك تەربىيىسى بىلەن جىسمانىي تەربىيىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىن. جىسمانىي تەربىيىنىڭ ئۆزى ساغلاملىق بىلەن گۈزەللىكنىڭ بىرلىكىدۇر، ئائىلىدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە بىز باللاردىن جىسمانىي جەھەتتە ساغلام بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ پىگورا جەھەتتىن گۈزەل بولۇشنى، ھەرىكىتىنىڭ رىتىملىق، ئۆزئارا ماسلاشقان بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز، دېمەك، گۈزەللىك تەربىيىسى بىلەن ئەخلاق تەربىيىسى، ئەقلىي تەربىيە ۋە جىسمانىي تەربىيە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

1978 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ مائارىپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم يېپيېڭى بىر شەيئى بارلىققا كەلدى، يەنى جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆسمۈرلەر سىنىپى بەرپا قىلىندى. ئۆسمۈرلەر سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى 14 ~ 15 ياشلاردا بولۇپ، ئەڭ كىچىكى 11 ياشتا ئىدى. ئۇلار بەش يىللىق ئۆگىنىش جەريانىدا ئالىي مەكتەپنىڭ بەش يىللىق تۈزۈمىدىكى پۈتۈن تەبىئىي پەن دەرسلىكلىرىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. بەزىلىرى ھەتتا ئىككى يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئاسپىرانتلىققا ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى زور بىر تۈركۈمى ئامېرىكىغا ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىغا چىققان، ئۆسمۈرلەر سىنىپىنىڭ ئەلا نەتىجىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە زادى نېمە سىر بار؟ پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەۋەب ، ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ گۈزەللىك تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ ، ئۇلاردا كۈچلۈك ھەۋەس ۋە ئىنتىلىش بار ؛ ئىستېتىك پائالىيەتلەر ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى قوزغاپ ، خاراكتېرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە ئۇلارنى بالدۇر يېتىلىش يولىغا يېتەكلىگەن .

## 2 . ئائىلىدىكى گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى

**(1) تۇرمۇشى گۈزەل بولۇش ئائىلىدىكى گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى**

ئائىلىدىكى گۈزەللىك تەربىيىسى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

بىرىنچى ، بالىلارنى گۈزەل پىكىرلىك قىلىپ چېنىقتۇرۇش كېرەك . ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە چوقۇم تەن قۇرۇلۇشىنى چىرايلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك . تەن قۇرۇلۇشىنى كېلىشكەن ، چىرايلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ، بەدەننى ئوبدان چېنىقتۇرۇش بىلەن بىرگە ، يەنە ياخشى ئادەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ قوپۇشىغا ، چېنىقىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشىغا ، تولۇق ئاپتاپ كۆرۈشى ۋە ساپ ھاۋا سۈمۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشى ؛ بالىلاردىكى يامان ئادەتلەرنى تۈزىتىپ ، ئۇلارنى

ساغلام، كېلىشكەن، تېتىك قىلىپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك .
ئىككىنچى، باللارنى ھەرىكەت قىياپىتى يارىشىملىق، نەپىس بولۇش جەھەتتە چىنىقتۇرۇش كېرەك . ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلار باللارنىڭ ھەرىكەت قىياپىتىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، مەسىلەن، ئولتۇرۇش، قوپۇش، مېڭىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قائىدىلىك بولۇشى، رادىئو گىمناستىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناش، بولمىغۇر ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانىلار باللارغا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراش، خالىغان يەرگە تۈكۈرمەسلىك، قەغەز پارچىلىرىنى ۋە مېۋە شۆپۈكلىرىنى قالايمىقان تاشلىماسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئەمەل قىلىش توغرىسىدا قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك .
ئۈچىنچى، باللارنىڭ كىيىنىشى ۋە ياسىنىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك . كىيىنىش ۋە ياسىنىش كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى . ئاتا - ئانىلار باللىرىنىڭ چىرايلىق كىيىنىشىنى، چىرايلىق ياسىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بۇ تامامەن نورمال ئەھۋال . بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرىنى سۆيىدىغان ھېسسىياتىنىڭ، شۇنداقلا گۈزەللىكنى سۆيىدىغان كۆزقارىشىنىڭ ئىپادىسى . باللارنىڭ گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشى كېرەك . باللارنىڭ كىيىمى كۆركەم، ئازادە، رەڭگى ماسلاشقان، پاسونى مۇۋاپىق، ھەرىكەت قىلىشقا قۇلايلىق بولۇشى، ئۇلارنىڭ يېشى، جىنسى، بويى، ئورۇق - سېمىزلىكىگە ماس كېلىشى لازىم . كىيىمنىڭ سۈپىتى بەك ئالىي بولۇپ كەتمەسلىكى، لېكىن تىكىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يارىشىملىق ، رەڭگى ماسلاشقان بولۇشى ، بالىلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىياپىتىنى نامايان قىلىشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بالىلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ياسىنىۋېلىشى ، مودا قوغلىششى ۋە داڭلىق ماركىلارغا بېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك . بالىلارنىڭ ھەۋەسى كىيىنىشكە مەركەزلىشىپ قالسا ، ھەتتا بۇ جەھەتتە ئەۋزەللىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ ، شۆھرەتپەرەسلىكى ئېشىپ كەتسە ئاتا ـ ئانىلارغا بىرمۇنچە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ .

نۆۋەتتە ، بەزى مەكتەپلەردە مەكتەپ فورمىسى كىيىشنى يولغا قويدى ، مەكتەپ فورمىسى كىيگەندە بالىلارنىڭ كوللېكتىۋىزملىق شەرەپ تۇيغۇسىنى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ . ئاتا ـ ئانىلار مەكتەپكە ئىمكانقەدەر ماسلىشىپ ، بالىلارنىڭ مەكتەپ فورمىسى كىيىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى ، بالىلارنىڭ مەكتەپ فورمىسىنىڭ پاكىز ، رەتلىك بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم .

بۇنىڭدىن باشقا ، بالىلار كۈندىلىك ھەرىكەت ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشى ، قىزلار چېچىنى بۇدۇر قىلماسلىقى ، گىرىم قىلماسلىقى ، ئۈزۈك ۋە مېدالىئون تاقىماسلىقى كېرەك . بالىلار ھەددىدىن ئارتۇق ياسانغاندا ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن ، پاك قەلبىگە كىر تەگكۈزۈپ قويىدۇ .

**(2) بالىلارغا گەپ ـ سۆزدە ئەدەپلىك بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ ، ئۇلارنى مەدەنىي بالىلاردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك**

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاتا ـ ئانىلار تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ

بېرىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە ئادەتلىرىنى ئېستېتىك ئۆلچەمگە ۋە مەدەنىي بولۇش ھەرىكەت قائىدىسىگە تەدرىجىي ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى لازىم .

بىرىنچى ، بالىلارنى گەپ ـ سۆزدە ئەدەپلىك بولۇش توغرىسىدا تەربىيىلەش كېرەك . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» ، «سىزگە رەھمەت» ، «كەچۈرۈڭ» ، «ئەپۇ قىلىڭ» ، «كېرەك يوق» دېگەنگە ئوخشاش ئەدەپ ـ قائىدە سۆزلىرىنى ئۆگىتىشى ھەمدە بۇ سۆزلەرنى ئوخشاشمىغان سورۇنلاردا توغرا ئىشلىتىشنى بىلدۈرۈشى ، بالىلاردا چوڭلارغا ، دوستلىرىغا ئالدى بىلەن سالام قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى ؛ بالىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتقا ئاساسەن چىرايلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئۆز پىكرىنى مۇۋاپىق ئىپادىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم . چىرايلىق ، ئەدەپ ـ قائىدىلىك تىللارنى ئىشلەتكەندە ، كىشىلەر بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ ، ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ .

ئىككىنچى ، بالىلاردا مەدەنىي بولغان ھەرىكەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك . ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ھەرىكەت ۋە تەقى ـ تۇرقى جەھەتتە مەدەنىي بولۇشقا يېتەكلەپ ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش ، قوپۇش ، مېڭىش قىياپىتىدىن باشقا ، يەنە باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان ، تاماق يەۋاتقان ، كىتاب كۆرۈپ خەت يېزىۋاتقان ، مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ۋە ئۇزاتقان چاغدىكى ھەرىكەت قىياپىتىنىڭ مەدەنىيلىك ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بالىلارنى ئۆزئارا ياردەم بېرىش ، كۆيۈنۈش ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇش ، بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىش ، باشقىلار بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئاجىزلارغا ۋە ئۆزىدىن كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، مېيىپ ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم.

**(3) بالىلارنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قاراش ۋە ئۇنى باھالاش جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە چېنىقتۇرۇش كېرەك**

ئائىلىدىكى ئېستېتىك تەربىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بالىلاردا گۈزەللىك قارىشىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، گۈزەللىك قارىشى پەقەت كونكرېت مەزمۇنلار ئارقىلىق ئەمەلىي پائالىيەتلەر جەريانىدا تەربىيىلەش ۋە چېنىقتۇرۇش نەتىجىسىدە تەدرىجىي تۇرغۇزۇلىدۇ.

بىرىنچى، بالىلارغا تەبىئەتنى گۈزەللىك قارىشى بويىچە كۆزىتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى بىۋاستە تەسەۋۋۇر قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەش كېرەك. تەبىئەتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر بالىلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك مەھلىيا قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى تەبىئەتكە ئېلىپ چىقىپ، بىۋاستە كۆزىتىش، بېشىدىن كەچۈرۈشكە، تەسىرات ئېلىشقا ئۈندەش، شۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا، كىشىلىك ھاياتقا، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئويغىتىش لازىم.

ئىككىنچى، بالىلارغا كىنو، تېلېۋىزور، تىياتىر، كىتاب ـ ژۇرناللاردىكى شەخس ۋە ۋەقەلەرنى گۈزەللىك قارىشى

بويىچە توغرا باھالاش ، ئۇنىڭدىن ئېستېتىك ئىلھام ئېلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم . ياخشى ، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى بالىلارغا خۇشاللىق ھەم ھۇزۇر ئاتا قىلىپ ، بالىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدۇ ، قەلبىنى ياشنىتىدۇ . ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ياخشى كىنو ، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى ۋە ئېسىل كىتابلارنى تاللاپ كۆرسىتىش ، ئۇلارنىڭ تەھلىل قىلىشى ۋە باھالىشىغا ياردەملىشىش ، شۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ، گۈزەللىكنى باھالاش ئىقتىدارىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش لازىم .

ئۈچىنچى ، بالىلارغا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەق - ناھەق ئىشلارنى ، گۈزەللىك ۋە رەزىللىكلەرنى گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ، قانداق قىلسا توغرا بولىدىغانلىقى ، ياخشى بولىدىغانلىقى ، گۈزەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم . جەمئىيەت گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان جانلىق دەرسخانا . ئۇ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك سېپىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەردە ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپالىق ئوقۇتۇش ، تەربىيىلەش ئەمگىكىدە ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ۋەتەننى قوغداشتىكى غۇرۇرىدا ھەرقايسى سەپلەردىكى كەسپىي ئەخلاقتا ، قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ . بالىلار ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن قىممەتلىك مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى تولۇقلايدۇ ، قەلبىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ . جەمئىيەتتە رەزىل نەرسىلەرمۇ بار ، لېكىن رەزىل نەرسىلەر ھامان ئۇزۇنغا بارمايدۇ ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلىنىدۇ . بالىلار پەقەت كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ھەق - ناھەقنى ، گۈزەللىك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەزىللىكنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىنىپ، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى ۋە ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ، تىلى، ھەرىكىتى، قەلبى گۈزەل بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## 3. ئائىلىدە بالىلارغا گۈزەللىك تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟

**(1) ئائىلىدىكى گۈزەل مۇھىت ئارقىلىق بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىش كېرەك**

ئائىلىدىكى مۇھىت گۈزەللىكى بىر تەرەپتىن، ئائىلە مۇھىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئۆي جاھازلىرىنىڭ رەتلىك، كۆركەم بولۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئائىلە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىناق بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى، ئىناق ئائىلە كەيپىياتىنى ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بالىلارنى ئىمكانقەدەر گۈزەل ھەم ئىناق بولغان كەيپىيات ئىچىدە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. ھازىر نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئۆي شارائىتى خېلى ئازادە بولغان بولىسىمۇ، لېكىن دېگەندەك پاكىز، رەتلىك ئەمەس، ئۆي ئىچىنى مۇۋاپىق سۈرەت، ھەيكەل ۋە باشقا ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار. ئەگەر مۇۋاپىق ئورۇندا بىر نەچچە تەشتەك گۈل قويۇپ قويۇلسا، بالىلار گۈزەل مۇھىتتىن ئېستېتىك لەززەت ئالىدۇ. ئۆيلەرنى بېزەش، گۈزەللەشتۈرۈشتە بالىلارنى مۇزاكىرىگە، لايىھىلەشكە، ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇپ، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئېستېتىك سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەمگەك قىلىشنىڭ خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. شارائىتى يار بەرگەن ئائىلىلەردە

بالىلارغا ئايرىم ياتاق ئۆي بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە خاس پائالىيەت زېمىنىغا ئىگە قىلىش كېرەك. بالىلار ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېزىسىمۇ بولىدۇ. بالىلار پائالىيەت قىلىدىغان جاي بالىلارنى جەلپ قىلالايدىغان، بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى، ئالاقە ئىشلىرى، دەم ئېلىشى ۋە كۆڭۈل ئېچىشىغا قۇلايلىق بولۇشى لازىم. تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بالىلىرى گۈزەللىك، رەڭ ۋە مۇزىكا سېزىمى جەھەتتە خەنزۇ بالىلىرىنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇشتەك ئائىلە مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئائىلە مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكى يەنە ئائىلە ئەزالىرى مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىلە مۇھەببەت ۋە ياخشىلىقنىڭ باغچىسى بولۇشى، ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلە كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزئارا يول قويۇپ، ئەپۇ قىلىپ، زىددىيەتنى تۈگىتىشى، ئىناقلىقنى قوغدىشى لازىم. لېكىن، ھازىر بەزى ئاتا-ئانىلار كۈن بويى ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىدۇ، بەزىلىرى تاڭ ئاتقۇچە قارتا ئوينايدۇ، بەزىلىرى چاي-ئولتۇرۇشتىن كېلەلمەيدۇ. نېمىنىڭ چىرايلىق، نېمىنىڭ سەت قىلىق ئىكەنلىكىنى ئايرىمايدۇ. بۇنداق ئائىلە مۇھىتىدا قەلبى ۋە ھەرىكىتى گۈزەل بالىلارنى تەربىيىلىگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق ئاتا-ئانىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قەلبىنى گۈزەللەشتۈرگەندىلا، ئاندىن بالىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈشتىن سۆز ئاچالايدۇ.

بالىلارنى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدىغان، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىش قىلىدىغان، باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. ئاتا-ئانىلار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۈندىلىك كونكرېت ئىشلار ئارقىلىق، بالىلارنى باشقىلارغا ھەردائىم كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم

بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ، ئۇلاردا باشقىلارغا ، جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئېسىل ئەخلاقنى قەدەممۇ قەدەم يېتىلدۈرۈش لازىم .

**(2) تەبىئەتتىن پايدىلىنىپ ، بالىلارنىڭ ئالىيجاناب ئېستېتىك ھېسسىياتىنى تاۋلاش كېرەك**

تەبىئەت گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان جاي ، رەڭگارەڭ تەبىئەت دۇنياسى پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ ، باھاردا جىمىكى مەۋجۇدات ئويغىنىشقا باشلايدۇ ، يازدا بارچە گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىدۇ ، كۈزدە شېرىن مېۋىلەرگە تولىدۇ ، قىشتا ئاپئاق قارلار لەپىلداپ چۈشىدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارغا زوق - شوخ ئاتا قىلىپ ، روھىغا ئىلھام بېرىدۇ . ھەتتا ھايۋاناتلاردىكى گۈزەللىكلەرمۇ بالىلارنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ھېسسىياتنى ئويغىتىدۇ ، مەسىلەن ، بالىلار تېلېۋىزوردىن «ھايۋاناتلار دۇنياسى» نى كۆرگەندە ياكى ھايۋانات باغچىسىغا بارغاندا ، شىرلارنىڭ ئېلىشقانلىقىنى ، يولۋاسلارنىڭ نەرە تارتقانلىقىنى ، كېنگۇرۇنىڭ سەكرىگىنىنى ، تۆگىقۇشنىڭ يۈگۈرگىنىنى كۆرگەندە ، روھلىنىپ ، ئۆزىنى تېخىمۇ باتۇر ، قۇدرەتلىك ھەم چاققان ھېس قىلىدۇ .

ئاتا - ئانىلار بالىلارنى دائىم تەبىئەتكە ئېلىپ چىقىشى ، ئادەتتىكى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ۋە ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە باغچىلارغا ۋە مەنزىرىسى گۈزەل جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇرۇشى ، شارائىتى بار ئائىلىلەر قىشلىق ۋە يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ ، داڭلىق تاغ - دەريالارنى ساياھەت قىلدۇرۇپ ، بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى ، بىلىمىنى ئاشۇرۇشى ، ئېستېتىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىشى ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ، يۇرتىغا ، ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالىرىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم .

سەيلى - ساياھەت قىلىش جەريانىدا ، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى

تەبىئەت گۈزەللىكىدىن زوقلىنىشقا ، ئۇنى ھېس قىلىشقا ، بالىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە ، دادىل سوئال سوراشقا ، ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلىشى ، بالىلارنىڭ سوئاللىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشى ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى تەسىراتلىرىنى بالىلارغا سۆزلەپ بېرىشى ، بالىلارنىڭ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوزغىتىشى لازىم .

ئاتا ـ ئانىلار يەنە بالىلارنى تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ ، ئۇلاردا ئەمگەكچى خەلقنى سۆيىدىغان ھېسسىيات ۋە گۈزەللىك بەرپا قىلىشقا بولغان ئىنتىلىشنى يېتىلدۈرۈشى لازىم .

**(3) ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبرازلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى گۈزەللىكنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، ئۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى بىرخىل شەكلى . كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بالىلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئوزۇقتۇر ، ھەممە بالىلار دېگۇدەك ھېكايە ، چۆچەك ، مەسەل ، شېئىر ـ قوشاق دېگەنلەرگە قىزىقىدۇ ، چۈنكى بۇلار بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىگە مول ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ .

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە ھەۋەس ـ قىزىقىشلىرىغا ئاساسەن ، بالىلارغا ماس كېلىدىغان كىنو ، تېلېۋىزىيە ، كىتاب ، تىياتىر ، مۇزىكا ۋە رەسىملەرنى تاللاپ بېرىشى لازىم .

بالىلاردا كىتاب ئوقۇش ئىشتىياقىنى يېتىلدۈرۈش ، بالىلارغا كىتابنى دوست تۇتۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى مۇھاكىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشقا ، باھا بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ ، بالىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش لازىم . شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىلارنىڭ كونكرېت تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ، راست بىلەن يالغاننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ ، يامان تەسىر پەيدا قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش لازىم .

بالىلارنىڭ مۇزىكا مېلودىيىلىرىدىن ئۆز تۇرمۇشىدا چۈشەنگەن شەيئىلەرنى بايقىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك . مەسىلەن ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن بىرلىكتە مۇزىكا ئاڭلىغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئاھاڭلارنى پەقلەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى لازىم ، بۇنى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشتۇرغاندا ، بالىلارنىڭ زوقلىنىش ھەۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ . مەسىلەن ، بالىلار رەسىم سىزغاندا ، ئۇلارنى 20 يىلدىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىنى سىزدۇرغاندا ، بەزى بالىلار ئۆزىنى ئالەم ئۇچقۇچىسى قىلىپ سىزىدۇ ، بەزىلىرى ئۆزىنى ئاي شارىدا ناخشا ئېيتقان ، ئۇسسۇل ئوينىغان قىلىپ سىزىدۇ . . . . مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرۇش ھەم يېتەكلەش ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ، گۈزەللىك يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ .

**(4) ئاتا ـ ئانىلار گۈزەللىكتە بالىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك**

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى ، تەربىيىلىنىشى ۋە گۈزەللىك قارىشى بالىلارنىڭ ئېستېتىك ئىقتىدارىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى ئۈلگە بولۇشى ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە دىققەت قىلىشى لازىم . ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىگە گۈزەللىك ئامىللىرى سىڭگەن بولىدۇ . شۇڭا ، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ

سۆز ـ ھەرىكىتىگە قاتتىق دىققەت قىلىشى ، باللارغا ھەرۋاقىت ئۈلگە بولۇشى لازىم . ئەگەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گۈل بېقىش ، مۇزىكا چېلىش ، رەسىم سىزىش دېگەندەك بىر ـ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكى بولسا ، باللار بۇنىڭدىن ناھايىتى زور نەپ ئالىدۇ .

گۈزەللىك ئائىلىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەۋجۇت . مەسىلەن ، ئـائـىلە مۇھىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كىيىنىشى ۋە ياسىنىشى ، سۆز ـ ھەرىكىتى ، چۆچەك ئېيتىش ، يـۇمـۇر سۆزلەش ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش قاتارلىق پـائـالـىـيـەتـلـەرنىڭ ھەممىسىدە گۈزەللىك ئـامـىـلـلـىـرى مـەۋجـۇت ، ئاتا ـ ئانىلار ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭگەن گۈزەللىك ئامىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، باللارغا گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى لازىم . ئېلىمىزنىڭ داڭلىق يـازغۇچىسى فېڭ جىسەي كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تەبىئىي يېتەكلەپ ، ئالدى بىلەن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشكە ، كېيىن ۋاسكىتبول ئويناشقا يېتەكلىگەن . ئەڭ ئاخىردا ئۇنىڭ كـۆچـلـۈك قـىـزىـقـىـشـىـغـا ئـاسـاسـەن ، ئـەدەبىيات بىلەن شۇغۇللاندۇرغان ، شۇنداق قىلىپ ئۇ داڭلىق يازغۇچى بولۇپلا قـالـمـاسـتـىـن ، كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىغان رەسسام بولغان ، ئۇ يەنە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپ قېتىم رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزگەن . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى گوركىينىڭ مومىسى شېئىر ۋە چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا مېھرىبان ئايال ئىدى . ئۇ ھەركۈنى گوركىيغا چۆچەك ۋە قوشاقلارنى ئېيتىپ بېرەتتى . گوركىي كېيىن بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «خۇددى ھەرە كۈنىگە ھەرە توشۇپ كەتكەنگە ئوخشاش مېنىڭ كاللامغا پۈتۈنلەي مومامنىڭ چۆچەك ، قوشاقلىرى توشۇپ كەتكەندى ، ھەتتا مەن پىكىر يۈرگۈزگەندە ئـۇنـىـڭ شېئىر شەكلىنى قوللىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم .» مەدىكار ئىشلەپ چوڭ بولغان گوركىي ئەنە شۇ ئەدەبىياتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوزۇق ئېلىپ، نېمىنىڭ چىن، ياخشى، گۈزەل بولىدىغانلىقىنى، نېمىنىڭ ساختا، ناچار، رەزىل بولىدىغانلىقىنى تەدرىجىي چۈشىنىپ، دۇنياغا مەشھۇر ئەدەبىيات ئۇستازى بولۇپ يېتىشكەن.

ئاتا - ئانىلار يەنە بالىلارنىڭ دوراش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، نەمۇنىچى ئۆلگىلەردىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، ئۆلگىلىك شەخسلەرنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ئارقىلىق بالىلارنىڭ قەلبىنى تاۋلاپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتىنى قوزغىتىش لازىم.

[مۇلاھىزە ۋە مەشغۇلات]

1. ئائىلىدىكى گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

2. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلە مۇھىتىدىن پايدىلىنىپ بالىلارغا گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىڭ.

3. بالىلارنى تەبىئەتكە ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارغا گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىڭ.

بۇ كىتاب نەشرىياتىمىزنىڭ 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据本社2000年12月第1版，2000年12月第1次印刷本翻译出版。

责任编辑:热孜万古丽·哈德尔
责任校对:阿衣木尼沙·玉素甫
封面设计:吾不力哈斯木·艾买提

共托金朝阳
家长学校教材
家长学校系列教材编委会 编
穆合塔尔·马合苏提 译

---

新疆科学技术出版社出版
(乌鲁木齐市延安路21号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行 乌鲁木齐天平印刷厂印刷
850mm×1168mm 32开本 印张11.375
2004年2月第1版 2004年2月第1次印刷
印数:1～3000册

---

ISBN 7—80693—497—9（民文）定价:12.00元